ئېنگېلس

# ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

پۇتۇن دۇنيا پۇرولېتارلرى، برلشڭلار!

# مۇندەرىجە

1888 ـ يىلدىكى كىتاپچىگە سۆز بېشى............ 3ـــ6
لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ
ئاخىرى .................................... 7ـــ93
1.............................................. 7
2.............................................. 25
3.............................................. 43
4.............................................. 58
ماركس فېيېرباخ توغرىسىدا تىگاڭ.............. 94
ئىزاھلار.................................... 100ـــ108

## قوشۇمچە

پلېخانوپ «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك
پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە يازغان
سۆز بېشى ۋە ئىزاھلار ........................ 109ـــ271
رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ 1 ـ نەشرىگە تەرجىمانىنىڭ
سۆزى ...................................... 111

رۇسچە تەرجىمىسىگە ئىزاھلار........................ 115

رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ 1 ـ نەشرىگە بېرىلگەن ئىزاھلاردىن
ئېلىۋېتىلگەن قىسمى ................................ 218

رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ 2 ـ نەشرىگە تەرجىمانىنىڭ سۆز بېشى... 229

«پلېخانوپ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»نىڭ رۇسچە
نەشرىنى تۈزگۈچىنىڭ پلېخانوپنىڭ سۆز بېشى ۋە ئىزاھ-
لىرىغا بەرگەن ئىزاھلىرى ........................ 272—284

ئېنگېلس

# لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە
# كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# 1888 ـ يىلىدىكى كىتاپچىگە سۆز بېشى

ماركس «سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر» (1859 ـ يىل بېرلىن نەشرى)گە يازغان سۆز بېشىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: 1845 ـ يىلى ئىككىمىز بىريۇسسېلدا "ئۆز قاراشلىرىمىز" ـــ بولۇپمۇ ماركس تۈزۈپ بەرگەن ۋېيۇۋجۇيىلىق تارىخ قارىشى، ـــ "بىلەن گېرمانىيە پەلسەپىسى ئىدىيە تىشىسىنىڭ قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىش، ئەمەلىيەتتە، ئاۋالقى پەلسەپىۋى ئېتىقادىمىز ئۈستىدىن ھېساپ ـ كىتاپ قىلىشىۋېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدۇق. بۇ نىيەت گېگېلدىن كېيىنكى پەلسەپىنى پىپەن قىلىش شەكلىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى. 8 كەيىبنلىق 2 قېلىن كىتاپلىق قولىيازما ئاللىقاچان ۋېستفالىيىدىكى نەشرىياتقا ئەۋەتىپ بېرىلگەن ئىدى، كېيىنچىرەك بىزگە ئەھۋال ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بېسىشقا مۇمكىن بولمىدى، دېگەن ئۇقتۇرۇش كەلدى. بىز ئاساسىي مەقسىدىمىزگە ـــ مەسىلىنى ئۆزىمىز ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مەقسىدىگە يەتكەن ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن قولىيازمىنى چاشقانلارنىڭ چىشلىنىڭ پىپەن قىلىشىغا قالدۇردۇق"①.

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ توم، 10 ـ بەتكە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

شۇنىڭدىن بېرى 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى، ماركسمۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى. مەيلى ئۇنىڭغا ياكى ماڭا بولسۇن، بۇ تىمىغا قايتىپ كېلىشكە پەقەت پۇرسەت بولمىغان ئىدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ گېگېل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى بەزى جايلاردا ئىزاھلىغان ئىدۇق، ئەمما مەيلى نەدە ئىزاھلىغان بولايلۇق، ئىزاھلىرىمىز دىگەندەك ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بولۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. فېيېرباخقا كەلسەك، ئۇ گەرچە بەزى جەھەتلەردە گېگېل پەلسەپىسى بىلەن بىزنىڭ ئۆقتىنەزەرلىرىمىز ئارىسىدا ۋاستىچى ھالقا بولغان بولسىمۇ، بىز ئۇنى ھېچقاچان ئەسلەپ كورمىدۇق.

بۇ مەزگىلدە ماركسنىڭ دۇنياقارىشى گېرمانىيە ۋە ياۋروپا چېگرىسىنىڭ تاشىيىندا، مەدەنىي دۇنيانىڭ بارلىق تىللىرىدا ئۆز ۋەكىللىرىنى تاپقان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، گېرمانىيىنىڭ كىلاسسىك پەلسەپىسى چەتئەللەردە خۇسۇسەن ئەنگلىيىدە ۋە سكاندىناۋىيە ئەللىرىدە تىرىلدىرىلگەندەك تۇراتتى. ھەتتا گېرمانىيىدە، داشۆبىلەردە پەلسەپە نامى ئاستىدا ئىنئام قىلىنغان كېلىشتۈرمىچىلىكنىڭ قالدى-قاتتىلىرى ھەممىنى بىزار قىلىۋېتىشكە باشلىغاندەك كورۈنەتتى.

شۇ سەۋەپتىن، بىزنىڭ گېگېل پەلسەپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى يەنى بىزنىڭ قانداقسىگە بۇ پەلسەپىگە ئاساسلانغانلىغىمىزنى ھەممە قانداقسىگە ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلىغىمىزنى قىسقىچە ئەمما سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنىڭ ئىنتايىن زورۇرلۇگىنى بارغانسېرى ھېس قىلىپ كەلدىم. شۇنداقلا، بوران-چاپقۇنلۇق مەزگىللەردە فېيېرباخنىڭ بىزگە بەرگەن

تەسىرىنىڭ گېگېلدىن كېيىنكى ھەرقانداق بىر پەيلاسوپنىڭكىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىشمۇ گەدىنىمىزدىكى بىر ۋىجدانىي قەرز دەپ ھېساپلىدىم. شۇڭا، «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلى تەھرىرى بولۇمى مېنىڭ بىر تەنقىدىي ماقالا يېزىپ ستاركىنىڭ فېيېرباخ ھەققىدىكى كىتاۋىنى[2] مۇلاھىزە قىلىشىمنى تەلەپ قىلغان چاغدا، مەن بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. مېنىڭ بۇ ماقالام شۇ ژۇرنالنىڭ 1886 ـ يىلىدىكى 4 ـ ۋە 5 ـ سانلىرىدا بېسىلدى، ھازىرقى بۇ نۇسخا قايتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى كىتابچە.

بىرنەچچە بەتلىك بۇ ماقالىنى بېسىشقا بېرىشتىن ئاۋال، مەن يەنە 1845 ـ 1846 ـ يىللاردىكى كونا قولىيازمىنى تېپىپ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭدا فېيېرباخ توغرىسىدىكى بىر باپ يېزىلىپ بولمىغان. يېزىلىپ بولغان قىسمىدا ۋېيۋۇجۇيىلىق تارىخ قارىشى چۈشەندۈرۈلگەن؛ بۇ چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئىقتىسات تارىخى جەھەتتىكى بىلىمىمىزنىڭ تېخى نەقەدەر يېتەر ـ سىزلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ. كونا قولىيازمىدا فېيېرباخ تەلىماتىنىڭ ئۆزى پىپەن قىلىنمىغان ئىدى؛ شۇڭلاشقا كونا قولىيازما بىزنىڭ ھازىرقى مۇشۇ مەقسىتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەي قالدى. لېكىن مەن ماركسنىڭ بىر كونا خاتىرىسىدىن فېيېرباخ توغرىسىدىكى 11 ماددىلىق تىگاڭنى تېپىۋالدىم ۋە ئۇنى مۇشۇ كىتابچىغا قوشۇمچە قىلىپ بەردىم. بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش يېزىپ چىقىلغان خاتىرە ئىدى، زادىلا بېسىمغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانمىغان ئىدى. بىراق بۇ خاتىرىلەر يېڭى دۇنيا ـ قاراشنىڭ تالانتلىق بىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇنجى ھۆججەت

بولۇش سۈپىتى بىلەن بەكمۇ قىممەتلىك.

فرىدرىخ ئېنگېلس

1888 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، لوندون

1888 ـ يىلى شتۇتگارتتا نەشر قىلىنغان «ليۇدۇىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دىگەن كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن

# ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى

## 1

ئالدىمىزدىكى بۇ ئەسەر① بىزنى ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا بىزدىن بىر ئەۋلاتتەكلا يىراقتا قالغان، لېكىن گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى ئەۋلات كىشىلىرى ئۈچۈن بولسا خۇددى توپ ـ توغرا بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەندەك يات بىر دەۋرگە قايتۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ دەۋر گېرمانىيىدە 1848 ـ يىل ئىنقىلاۋى تەييارلىنىۋاتقان دەۋر ئىدى؛ شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىمىزدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى 1848 ـ يىلنىڭ داۋامىدىنلا، ئىنقىلاۋى ۋەسىيەتنىڭ ئىجراسىدىنلا ئىبارەت بولدى.

18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيىدىكىگە ئوخشاشلا، 19 ـ ئەسىردىكى گېرمانىيىدە پەلسەپە ئىنقىلاۋىمۇ سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. لېكىن بۇ ئىككى پەلسەپە ئىنقىلاۋى بىر بىرىگە نەقەدەر ئوخشاشمايدۇ ـ ھە! فرانسۇزلار بارلىق رەسمى

① «Ludwig Feuerbach», von C. N. Starke, Dr. phil.—Stuttgart, Ferd. Encke, 1885 [پەلسەپە بوشىسى ك. ن. ستارك. «ليۇدۋىگ فېيېرباخ»، 1885 ـ يىل شتۇتگارت ف. ئېنكې نەشرىياتى نەشرى].

پەنگە قارشى، دىنىي جەمىيەتكە قارشى ۋە پات ـ پات دۆلەتكىمۇ قارشى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق كۆرەش قىلاتتى؛ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى چەتئەللەرگە — گوللاندىيە ياكى ئەنگلىيىگە ئاپىرىپ بېسىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزى بولسا باستى تۇرمىسىگە تاشلىنىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇراتتى. ئەكسىچە، نېمىسلار جىياۋشۇلار بولۇپ، ياشلارغا دۆلەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئۇستازلار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەممە ئېتىراپ قىلغان دەرسلىكلەر ئىدى، پۈتۈن تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى تىشىسى بولغان گېگېل تىشىسى بولسا ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە پرۇسسىيە پادىشالىقىنىڭ دۆلەت پەلسەپىسى دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ئىدى! بۇ جىياۋشۇلارنىڭ كەينىدە، ئۇلارنىڭ قىلچىمۇ لەززىتى يوق ئىبارىلىرىنىڭ كەينىدە، ئۇلارنىڭ قاملاشمىغان، قۇرۇق سۆزلىرىنىڭ ئىچىدە ئىنقىلاپنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇ چاغدا دەل ئىنقىلاپ ۋەكىللىرى دەپ ھېساپلانغان ئادەملەر، يەنى ئەركىنچىلەر كىشىنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان بۇنداق پەلسەپىگە كەسكىن تۇردە قارشى تۇرغان ئەمەسمىدى؟ لېكىن مەيلى ھوكۇمەت ياكى ئەركىنچىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى بايقىماي قالغان نەرسىنى ھەرھالدا بىر كىشى 1833 ـ يىلىلا بايقىدى، بۇ كىشى ھېنرىخ ھايني ئىدى.①

مىسال ئالايلۇق. يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ھوكۇمەتنىڭ ھەشقاللىسىغا نائىل بولغان ۋە ئوخشاشلا يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئەركىنچىلەرنىڭ غەزىۋىنى قوزغىغان گېگېلنىڭ مەشھۇر قائىدىسىدەك بىرەرمۇ پەلسەپىۋى قائىدە يوق، بۇ قائىدە مۇنداق:

① پلېخانوپ مۇشۇ كىتاپنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە قوشقان ئىزاھلار قارا ئىزاھ نومۇرى (●●●......) بىلەن بېرىلدى. — تەرجىماندىن

"رىيال بولغانلىكى نەرسىلەر ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغانلىكى نەرسىلەر رىيال بولىدۇ."4

روشەنكى، بۇ، مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇقەددەسلەشتۈرگەنلىك، مۇستەبىت تۈزۈمگە، ساقچىلار دۆلىتىگە، خان جەمەتى ئەدلىيىسىگە، مەتبۇئات تەكشۈرۈش تۈزۈمگە پەلسەپە جەھەتتە بەخت تىلىگەنلىك بولىدۇ. فرىدرىخ ۋىلگېلىمIII مۇشۇنداق ئويلىغان ئىدى، ئۇنىڭ پۇخرالىرىمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان ئىدى. لېكىن، گېگېلنىڭ نەزىرىدە، مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەرگىز شەرتسىزلا رىيال بولىۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭچە، رىياللىقنىڭ خۇسۇسىيىتى پەقەتلا ئەينى ۋاقىتتا زۆرۈر بولغان نەرسىگە مەنسۇپ؛

"رىياللىق ئۆزىنىڭ كېڭىيىشى جەريانىدا زۆرۈرىيەت بولۇپ قالىدۇ"؛ شۇڭا ئۇ ھەرگىز ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقانداق تەدبىرىنى — گېگېل ئۆزى "مەلۇم باج تۈزۈمى"نى مىسالغا ئالىدۇ — شەرتسىز رىيال بولىدۇ دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ.5 لېكىن زۆرۈر نەرسە ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، گېگېلنىڭ بۇ قائىدىسى شۇ چاغدىكى پرۇسسىيە دۆلىتىگە تەتبىق قىلىنغاندا مۇنداق دېگەنلىككىلا بولىدۇ: بۇ دۆلەت ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇ چەك ئىچىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەقلىيلىككە ئۇيغۇن بولىدۇ. ئەگەردە بىزچە، ئۇ بەرىبىر يامان ھەمدە يامان بولغاندىمۇ يەنىلا داۋاملىق مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھۆكۈمەتنىڭ يامانلىقىنى پۇخرالارنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ يامانلىقى بىلەن ئاقلاشقا ۋە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. شۇ چاغدىكى پرۇسسىيىلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ھۆكۈمىتى بار ئىدى.[2]

لېكىن، گېگېلنىڭ پىكرى بويىچە، رىياللىق ھەرگىز مەلۇم ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ ياكى سىياسى تۈزۈمنىڭ بارلىق موھىتتا ۋە بارلىق دەۋردە ئەسلىدىن بار خۇسۇسىيىتى ئەمەس. دەل ئەكسىچە، رىم جۇمھۇرىيىتى رىيال ئىدى، لېكىن ئۇنى سىقىپ چىقارغان رىم دىكوسىمۇ رىيال ئىدى. فرانسىيىنىڭ پادىشالىق تۈزۈمى 1789 ـ يىلى شۇنداق رىيال بولماي قالدىكى، يەنى ھەرقانداق زورۇر-يەتنى شۇنداق يوقاتتىكى، شۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماي قالدىكى، ئۇنى زور ئىنقىلاپ (گېگېل بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى ھامان كارامەت خوشاللىق بىلەن تىلغا ئالاتتى) يوقىتىۋېتىشى كېرەك بولۇپ قالدى. دېمەك، بۇ يەردە پادىشالىق تۈزۈم رىيال نەرسە بولماي، ئىنقىلاپ رىيال نەرسە بولۇپ چىقتى. شۇنداقلا، تەرەققىيات جەريانىدا، ئىلگىرىكى ھەممىۋا رىيال نەرسە رىيال بولماي قالىدۇ، ئۆزىنىڭ زورۇرىيىتىنى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى، ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى يوقىتىدۇ؛ ھالاك بولۇۋاتقان رىيال نەرسىنىڭ ئورنىنى بىر خىل يېڭى، ھاياتىي كۈچكە ئىگە رىيال نەرسە ئالىدۇ، — ئەگەر كونا نەرسە يېتەرلىك دەرىجىدە ئىدرەكلىك بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتمەيلا ئۆلىدىغان بولسا، يېڭى نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى تېچ يول بىلەن ئالىدۇ؛ ئەگەر كونا نەرسە بۇنداق زورۇرىيەتكە قارشىلىق قىلسا، يېڭى نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ گېگېلنىڭ بۇ قائىدىسى گېگېل بىيەنجېڭفاسى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ئەكسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ: ئىنسانىيەت تارىخى ساھەسىدە رىيال بولغانلىكى نەرسە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماي قالىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئۇ، ئۆز تەبىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەقىلگە

مۇۋاپىق بولمىغان بولىدۇ، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكنى باشتىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە مۇۋاپىق بولغانلىكى نەرسە جەزمەن رېيال بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇت ۋە كورۇ-نۇشتىكى رېياللىقى قانداق زىت كېلىشىدىن قەتئىي نەزەر. گېگېلچە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ بارلىق قائىدىسى بويىچە، رېيال بولغانلىكى نەرسە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ، دىگەن قائىدە باشقا بىر قائىدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ: مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوقىلىشقا تېگىشلىك.①

لېكىن، گېگېل پەلسەپىسىنىڭ (بۇ يەردە بىز كانتتىن بۇيانقى پۈتكۈل ھەركەتنىڭ يۇقۇرى پەللىسى بولغان بۇ پەلسەپىنى تەكشۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىمىز) ھەقىقى ئەھمىيىتى ۋە ئىنقىلاۋىي خاراكتىرى دەل شۇ يەردىكى، ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە ھەركىتىنىڭ ھەممە نەتىجىسى ئاخىرقى خاراكتىرغا ئىگە دەپ ھېساپلايدىغان قاراشقا مەڭگۈلۈك خاتىمە بەردى. پەلسەپە بىلىشى كېرەك بولغان ھەقىقەت، گېگېلنىڭ نەزىرىدە، تەييار بولۇپ قالغان، كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن ياتلاپ ئالسىلا بولىدىغان بىر دوۋە جىياۋتىياۋ ئەمەس؛ ئەمدىلىكتە ھەقىقەت بىلىش جەريانىنىڭ ئۆزىدە، پەننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىدا بولىدۇ، پەن بولسا بىلىشنىڭ تۆۋەنرەك باسقۇچىدىن يۇقۇرىراق باسقۇچىغا كۆتىرىلىپ بارىدۇ، يۇقۇرى كۆتىرىلگەنسېرى ئورلەپ بېرىۋېرىدۇ،

---

① بۇ يەردە گېتېنىڭ تىراگېدىيىسى «فائۇستى»نىڭ 1-بولۇم، 3-كورۇنۇش («فائۇستنىڭ كۇتۇپخانىسى»)تىكى مېفىستوفېلنىڭ سوزى كوچۈرۈپ ئىشلىتىلگەن. — تەرجىماندىن

لېكىن ئاتالمىش مۇتلەق ھەقىقەتنى تېپىۋالغاندىن كېيىن بۇنىڭ-
دىن نېرىغا بارالماي، ئېرىشىلگەن ئەشۇ مۇتلەق ھەقىقەت ئالدىدا
ھەيران بولۇپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق
ئىش قالمايدىغان پەللىگە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. بۇ پەلسەپىۋى
بىلىش ساھەسىدىلا ئەمەس، باشقا ھەرقانداق بىلىش ساھەسىدىمۇ
ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ساھەسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىلىشكە
ئوخشاشلا، تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ مەلۇم مۇكەممەل غايىۋى ھالىتىنى
مەڭگۈ مۇكەممەل بولۇپ بولغان دەپ قارىمايدۇ؛ مۇكەممەل
جەمىيەت، مۇكەممەل "دۆلەت" دېگەن نەرسىلەر خىيالدىلا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە؛ ئەكسىچە، تارىختا بىرىنىڭ ئورنىنى
يەنە بىرى ئالغان بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىنسانىيەت جەمىيىتى-
نىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا ئۆتىدىغان چەكسىز
تەرەققىيات جەريانىدىكى ۋاقىتلىق باسقۇچلاردىنلا ئىبارەت. ھەر
بىر باسقۇچ مۇقەررەر بولىدۇ، دېمەك ئۇنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن
دەۋر ۋە شارائىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇش ئاساسى بولىدۇ؛ ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
تەدرىجىي يوسۇندا راۋاجلانغان يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى شارائىتتىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ۋە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇش ئاساسى قالمىغان بولىدۇ؛ ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا
ئورۇن بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، ھالبۇكى، بۇ تېخىمۇ يۇقىرى
باسقۇچمۇ، ئوخشاشلا، زاۋالغا ۋە ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ.
خۇددى بۇرژۇئازىيىنىڭ يىرىك سانائەتكە، رىقابەتكە ۋە دۇنيا
بازىرىغا تايىنىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا بارلىق مۇستەھكەم، ئەزەل-
دىن كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن

تۈزۈملەرنى ئاغدۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشاش، بۇنداق بىيەنجىڭلىق پەلسەپىمۇ ئاخىرقى مۇتلەق ھەقىقەت توغرىسىدىكى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان ئىنسانىيەتنىڭ مۇتلەق ھالىتى توغرىسىدىكى بارلىق ئويلارنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئەڭ ئاخىرقى، مۇتلەق، مۇقەددەس نەرسە مەۋجۇت ئەمەس؛ ئۇ ھەنىنىۋا شەيئىلەرنىڭ ۋاقىتلىقلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش، چەكسىز ھالدا تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقۇرى دەرىجىگە كۆتىرىلىشتىن ئىبارەت ئۈزلۈكسىز جەرياندىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ جەرياننىڭ تەپەككۇر قىلىۋاتقان كاللىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. دەرۋەقە، ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپلىك تەرىپىمۇ بار: ئۇ بىلىش بىلەن جەمىيەتنىڭ ھەر بىر باسقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ زامان ھەم شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بارلىقىنى ۋە پەقەت شۇنداقلا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ مۇتەئەسسىپلىكلىكى نىسبى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي خاراكتېرى مۇتلەق بولىدۇ — مانا بۇ بىيەنجىڭلىق پەلسەپە ئېتىراپ قىلىدىغان بىردىن-بىر مۇتلەق نەرسە.

بۇنداق قاراشنىڭ تەبىي پەننىڭ ھازىرقى ھالىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى بۇ يەردە تەتقىق قىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. تەبىي پەن يەر شارىنىڭ يوقىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭدىكى ھاياتلىقنىڭ يوقىلىشىنىڭ خېلى ئېنىقلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئورلەش جەريانىنىڭلا ئەمەس، تۆۋەنلەش جەريانىنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەرھالدا بىز، ھازىر جەمىيەت

تارىخىنىڭ تىۋەنلەشكە يۈزتۇتۇشتەك بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن تېخى خېلى يىراق تۇرۇپتىمىز. شۇڭا گېگېل پەلسەپىسىنىڭ شۇ چاغدا تەبىي پەن تېخى ئەسلا كۆنتەرتىپكە قويمىغان مەسىلىنى تەتقىق قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلالمايمىز.

ئەمما بۇ يەردە شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، گېگېل يۇقۇرقى قاراشنى مۇنداق ئېنىق شەرھىلىمگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇسۇلىدىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بۇ خۇلاسىنى ھېچقاچان مۇنداق ئېنىق چىقارمىغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى، چۈنكى ئۇ بىر تىشى بەرپا قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى، ھالبۇكى ئەنئەنىۋى تەلەپلەر بويىچە، پەلسەپە تىشىسى جەزمەن مەلۇم مۇتلەق ھەقىقەت بىلەن ئۇرۇنلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا گېگېل، خۇسۇسەن «لوگىكا ئىلمى»[6] دىگەن ئەسىرىدە، بۇنداق مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ لوگىكىلىق ياكى تارىخىي جەريانىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىگىنى مۇشۇنداق تەكىتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇ جەريانغا بىر ئاخىرقى نۇقتا بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىغىنى سېزىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تىشىسىنى مەلۇم بىر جايدا ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى ـ دە ئاخىر. «لوگىكا ئىلمى»دە، ئۇ بۇ ئاخىرقى نۇقتىنى يەنە باشلىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتسە بولاتتى، چۈنكى بۇ يەردە ئاخىرقى نۇقتا، يەنى مۇتلەق ئىدىيە ــ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەقكى، ئۇ بۇ ئىدىيە ھەققىدە مۇتلەق ھېچنەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ، ــ ئۆزىنى تەبىەت دۇنياسى قىلىپ "چەتلەشتۈرىدۇ" (يەنى تەبىەت دۇنياسىغا ئايلاندۇرىدۇ)، ئاندىن كېيىن روھتا، يەنى تەپەككۇردا ۋە تارىختا قايتا ئۆزىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما پۈتۈن پەلسەپىنىڭ ئاخىرقى

ئۇقتىسىدا باشلىنىش ئۇقتىسىغا مۇشۇنداق قايتىپ كېلىش ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول قالىدۇ، يەنى تارىخنىڭ ئاخىرقى ئۇقتىسىنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: ئىنسانلار دەل مۇشۇ مۇتلەق ئىدىيىنى بىلىپ يېتىدۇ ھەمدە مۇتلەق ئىدىيىگە بولغان بۇنىداق بىلىشكە گېگېل پەلسەپىسى ئارقىلىق يەتتۇق، دەپ جاكالايدۇ. ئەمما بۇنداقتا گېگېل تىشىسىدىكى ھەممە جياۋتىياۋلىق مەزمۇنلار مۇتلەق ھەقىقەت دەپ جاكالىنىدۇ، بۇ ئۇنىڭ بارلىق جياۋتياۋلىق نەرسىلەرنى تۈگەتكەن بىيەنجېڭلىق ئۇسۇلى بىلەن قارىمۇ-قارشى بولۇپ قالىدۇ؛ بۇنداقتا ئىنقىلاۋىي جەھەتنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن مۇتەئەسسىپلىك جەھەت تۇنجۇقتۇرۇۋېتىدۇ. پەلسەپىۋى بىلىشتىمۇ، تارىخىي ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىنسانلار گېگېل ئارقىلىق مۇتلەق ئىدىيىنى ئويلاپ چىقارغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئەمىلىيەتتىمۇ بۇ مۇتلەق ئىدىيىنى رىياللىققا ئايلاندۇ-رالايدىغان دەرىجىگە چوقۇم يەتكەن بولىدۇ. دىمەك، مۇتلەق ئىدىيە ئۆزىنىڭ زاماندا شلىرىغا بەك يۇقۇرى، ئەمىلىي سىياسى تەلەپ قويماسلىقى كېرەك. شۇڭا، بىز «قانۇن پەلسەپىسى»نىڭ ئاخىرىدا مۇتلەق ئىدىيىنىڭ فرىدرىخ ۋىلگېلم III نىڭ شۇنچىلىك قەتئىلىك بىلەن ئەمما قىلچە نەتىجىسىز ھالدا ئۆزىنىڭ پۇخرالىرىغا ۋەدە قىلغان ھېلىقى تەبىقە تۈزۈمىدىكى پادىشالىق ھاكىمىيەت تىجرىسىدا ئەمەلگە ئېشىشى كېرەكلىكىنى، يەنى مۈلۈكدارلار سىنىپىنىڭ شۇ چاغدىكى گېرمانىيە ئۈششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشقان، چەكلىك ۋە موتىدىل بولغان ۋاستىلىك ھوكۈمرانلىقىدا ئەمەلگە ئېشىشى كېرەكلىكىنى بايقىدۇق؛ بۇ يەردە يەنە ئاقسوڭەكلەرنىڭ زورۇرلۇكى بىزگە سىبيەنلىك

ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىلىدۇ.

دېمەك، يالغۇز سىستېمىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىلا نېمە ئۈچۈن ئۆزۈل-كېسىل ئىنقىلاۋى بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ئىنتايىن مۇتىدىل سىياسى خۇلاسە كېلىپ چىققانلىغىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خۇلاسىنىڭ ئالاھىدە شەكلىنى ئەلۋەتتە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار كەلتۈرۈپ چىقارغان: گېگېل نېمىس ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ زاماندىشى گېتېغا ئوخشاشلا چاكىنىلىق ئالامەتلىرى بار ئىدى. گېتېمۇ، گېگېلمۇ ئۆز ساھەسىدە ئولىمپىس تېغىدىكى زېۋس ئىدى، ئەمما بۇ ئىككەيلەن گېرمانىيە چاكىنىلىغىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئىدى.

لېكىن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى گېگېل سىستېمىسىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق سىستېمىلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان غايەت زور ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىغا، شۇنداقلا بۇ سىستېمىنىڭ مۇشۇ ساھەدە ھازىرمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان پىكىر بايلىغىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. روھىي ھادىسە شۇناسلىق (بۇنى روھىي پېيتەيشۇي ۋە روھىي گۇشېڭۋۇشۇي بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئىلىم، شەخسلەرنىڭ ئېڭىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى توغرىسىدىكى بايان دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ، بۇ باسقۇچلارنى ئادەم ئېڭىنىڭ تارىختا بېسىپ ئۆتكەن باسقۇچلىرىنىڭ ئىخچام كورۇنۇشى دەپ قاراشقا بولىدۇ)، لوگىكا ئىلمى، تەبىئەت پەلسەپىسى، روھ پەلسەپىسى، — روھ پەلسەپىسى يەنە بىرقانچە تارىخىي تارماقلارغا، مەسىلەن، تارىخ پەلسەپىسى، قانۇن پەلسەپىسى، دىن پەلسەپىسى، پەلسەپە تارىخى، مېيشۇي قاتارلىقلارغا بولۇپ تەتقىق قىلىنىدۇ، — گېگېل مانا شۇ ئوخشىمايدىغان بارلىق

تارىخىي ساھەلەردە، بۇ ساھەلەرگە ئۇتكۆزۈلگەن تەرەققىيات يىپ
ئۇچىنى تېپىپ چىقىشقا ھەم كورسىتىپ بېرىشكە تىرىشتى؛
شۇنداقلا ئۇ ئىجاتچانلىقنى باي تالانت ئىگىسىلا بولۇپ قالماستىن،
بەلكى ناھايىتى بىلىمدان ئەرباپ بولغانلىغى ئۈچۈن ھەر بىر
ساھەدە دەۋر بولگۇچ رول ئوينىدى. ئەلۋەتتە، "تىشى"نىڭ
ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن، ئۇ بۇ يەردە ھەممىشە مەجبۇرلاش خاراك-
تىرىدىكى قۇرۇلمىلاردىن ئىجاتلىق تىلەشكە مەجبۇر بولدىكى، بۇ
قۇرۇلمىلار تا بۇگۈنگىچە گېگېلنىڭ ئەرزىمەس دۈشمەنلىرىنى قور-
قۇنچلۇق دات-پەرياتقا سالماقتا. ئەمما بۇ قۇرۇلمىلار پەقەت ئۇنىڭ
بىناسىنىڭ رەسمى ۋە تەييارلىق جازىسىدىنلا ئىبارەت؛ كىشىلەر
بۇلار ئالدىدا بىكاردىن-بىكار ھايال بولۇپ قالماي بىنانىڭ ئىچىگە
ئىچكىرىلەپ كىرىدىغانلا بولسا، بۇگۈنكى كۈندىمۇ يەنە ئۇز قىم-
مىتىنى تولۇق ساقلاپ كېلىۋاتقان بىھېساپ ئۇنچە-مەرۋايىتلارنى
تېپىۋالالايدۇ. بارلىق پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدە، دەل "تىشى"
نىڭ ئوزى ۋاقىتلىق خاراكتىر ئالغان نەرسە، چۈنكى تىشى ئادەم
روھىنىڭ مەڭگۈلۈك ئېھتىياجىدىن، يەنى بارلىق زىددىيەتلەرنى
يېڭىش ئېھتىياجىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەمما، بارلىق زىددىيەتلەر
بىراقلا مەڭگۈگە يوقىتىلىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، بىز
مۇتلەق ھەقىقەت دېگەن نىمىگە يەتكەن بولاتتۇق، دۇنيا تارىخى
ئاخىرلاشقان بولاتتى، تارىخ، گەرچە قىلغۇدەك ھېچبىر ئىش
قالمىغان بولسىمۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلەۋېرىشى لازىم بولاتتى.
شۇنداق قىلىپ يېڭى، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىر زىددىيەت
مەيدانغا كېلىدۇ. بىز، پەلسەپىگە ۋەزىپىنى مۇشۇنداق تەرىزدە
قويۇشنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئوزىنىڭ ئالغا بېسىش

تەرەققىياتىدىلا ئاندىن ئورۇنلىيالايدىغان ئىشنى بىر پەيلا-
سوپىنىڭ ئورۇنلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى
چۈشەنگەن ئىكەنمىز (بۇنداق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا، ئاخىرقى
ھېساپتا، بىزگە گېگېلدىنمۇ كۆپ ياردەم بەرگەن ھېچكىم يوق)،
ئۇ ھالدا، ئىلگىرى چۈشىنىپ كېلىنگەن جىمىكى پەلسەپىمۇ
ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بىز بۇ يول بىلەن يەتكىلى بولمايدىغان،
بەلكى ھەر بىر ئايرىم شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ يەتكىلى
بولمايدىغان "مۇتلەق ھەقىقەت"نى بىر چەتتە قويۇپ تۇرۇپ،
يەتكىلى بولىدىغان نىسبىي ھەقىقەتنى دەلىللەنگەن پەن يولى
بىلەن ۋە بۇ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىيەنجىگلىق تەپەككۇر
ئارقىلىق يىغىنچاقلايدىغان يول بىلەن قوغلىشىمىز. قىسقىسى،
پەلسەپە گېگېلدا ئاخىرلىشىدۇ: چۈنكى، بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ
تىشىسىدا ئەڭ بۈيۈك شەكىل ئارقىلىق پەلسەپىنىڭ جىمىكى
تەرەققىياتىنى يىغىنچاقلايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ (گەرچە
ئاڭسىز بولسىمۇ) بىزگە بۇ تىشىسىنىڭ ئېزىنتقۇ سارىيىدىن چىقىپ
دۇنيانى چىن، ھەقىقىي رەۋىشتە بىلىشكە يېتىدىغان بىر يولنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گېگېل تىشىسىنىڭ گېرمانىيىنىڭ پەلسەپە ھىدىغا تولغان
كەيپىياتىغا نەقەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش
مۇمكىن. بۇ بىر غەلىبىلىك يۈرۈش بولدى، بۇ يۈرۈش نەچچە
10 يىل داۋام قىلدى، بەلكى ھەرگىز گېگېلنىڭ ۋاپات بولۇشى
بىلەن توختاپ قالمىدى. ئەكسىچە، دەل 1830 ـ يىلدىن 1840 ـ
يىلغىچە بولغان بۇ مەزگىل ئىچىدە "گېگېلىزىم"نىڭ تەنھا
ھۆكۈمرانلىقى يۇقۇرى پەللىگە يەتتى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ دۈشمەن-

لىرىگىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىر قىلدى؛ دەل مۇشۇ مەزگىلدە گېگېلنىڭ نۇقتىنەزەرلىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە تۈرلۈك پەنلەرگە كۆپلەپ سىڭىپ كىردى، ھەتتا ئاممىباپ كىتاپلار ۋە كۈندىلىك گېزىتلەرگە سىڭىپ كەتتى، ئاددىي "ئوقۇمۇشلۇق ئاڭ" بولسا مۇشۇ ئاممىباپ كىتاپلار ۋە كۈندىلىك گېزىتلەردىن ئۆزىگە ئىدىيىۋى ماتېرىيال ئالدى. ئەمما پۈتۈن سەپتىكى بۇ غەلىبە پەقەت ئىچكى قىسىمدىكى كۈرەشنىڭ بىر مۇقەددىمىسى ئىدى، خالاس.

گېگېلنىڭ پۈتكۈل تەلىماتى، كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنتايىن ئوخشىمايدىغان ئەمەلىي، پارتىيىۋى نۇقتىنەزەرلەر ئۈچۈن كەڭرى پائالىيەت ماكانى قالدۇردى؛ ۋاھالەنكى، شۇ چاغدىكى نەزەرىيە گېرمانىيىسىدە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ھەممىدىن ئاۋۋال دىن بىلەن سىياسىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە ئىدى. **گېگېل تىشىسىغا** ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قارايدىغانلار ئىككى ساھەدە خېلى مۇتەئەسسىپ بولۇپ چىقاتتى؛ بىيەنجىڭلىق **ئۇسۇلنى** ئاساسلىق نەرسە دەپ قارايدىغانلار سىياسىي جەھەتتىمۇ، دىن جەھەتتىمۇ ئەڭ ئۇچىغا چىققان قارشى گۇرۇھقا تەئەللۇق بولاتتى. گېگېلنىڭ ئۆزى، گەرچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنقىلاۋىي غەزەپ ئوتى خېلى چاقناپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، مۇتەئەسسىپ تەرەپكە بەكرەك دىگۈدەك مايىل ئىدى؛ ئۇ، ھەقىقەتەن، ئۇسۇل جەھەتتىن كۆرە تىشى جەھەتتە كۆپرەك "مۇشەققەتلىك پىكىر يۈرگۈزگەن" ئىدى. 30-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئېقىمى ئىچىدىكى بۆلۈنۈش بارغانسىرى روشەنلەشتى. سول قاناتلار، يەنى ياش گېگېلچىلار دەپ ئاتالغان-

لار ئەنئەنىۋى تەقۋادار دىندارلارغا ۋە فېودال ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۆرەشتە نوۋەتتىكى جىددى مەسىلىلەرنى پەلسەپە جەھەتتىن نەزەرگە ئىلماسلىق پوزىتسىيىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ۋازكەچتى، بۇنداق پوزىتسىيە تۆپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھوكۇمەتنىڭ تاقىتىگە، ھەتتا قوغدىشىغا ئېرىشكەن ئىدى؛ 1840 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنئەنىۋى دىندارلارچە ساختىلىق ۋە فېودال مۇستەبىتچە ئەكسىيەتچىلىك فىرىدرىخ ۋىلگېلم IV بىلەن بىللە تەختكە چىقتى، بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئاشكارا ھالدا بۇ ياكى ئۇ تەرەپتە تۇرۇشىغا توغرا كەلدى. كۆرەش بالدۇرقىدەكلا پەلسەپىۋى قورال بىلەن قىلىناتتى، ئەمما ئەمدى ئابستىراكىت پەلسەپىۋى مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس ئىدى؛ گەپ بىۋاستە ھالدا ئەنئەنىۋى دىننى ۋە مەۋجۇت دولەتنى يوقىتىش ئۈستىدە بولۇپ قالغان ئىدى. ئەگەر ئەمىلىي ئاخىرقى مەقسەت «گېرمانىيە يىلنامىسى»[7]دە، ئاساسەن، يەنىلا پەلسەپە تونىنى كىيىپ مەيدانغا چىققان بولسا، ئۇ ھالدا، 1842 ـ يىلدىكى «رېين گېزىتى»[8]دە ياش گېگېلچىلارنىڭ تەرغىباتى، بىۋاستە ھالدا، تىرىشىپ يۇقۇرى ئورلەۋاتقان رادىكال بۇرژۇئازىيىنىڭ پەلسەپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، پەلسەپە بىلەن نىقاپلىنىش پەقەت مەتبۇئات تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ كوزىنى بوياش ئۈچۈنلا ئىدى.⑩

لېكىن، ئۇ چاغلاردا سىياسى بەك مۇشكۇل بىر ساھە ئىدى، شۇڭلاشقا ئاساسىي كۆرەش دىنغا قارشى كۆرەشكە بۇرالغان ئىدى؛ بۇ كۆرەش، خۇسۇسەن 1840 ـ يىلدىن باشلاپ، ۋاستىلىك بولسىمۇ سىياسى كۆرەش بولدى. بۇ كۆرەشتە سترائۇسىنىڭ

1835 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرى ــ «ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى»[9] تۈنجى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. كېيىن، برونو باۋېر ئىنجىل ئەپسانىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغان نەزەرىيىگە قارشى چىقىپ، نۇرغۇن ئىنجىل ھېكايىلىرىنى ئاپتورلارنىڭ ئۆزلىرى توقۇپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە "ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش"نىڭ "شەيئى"گە قارشى كۈرىشى دېگەن پەلسەپىۋى ۋىۋېسكا ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. تىلسىم ئىنجىل ھېكايىلىرى قانداق پەيدا بولغان، بۇ ئەپسانىلەر دىنىي تەشكىلاتلار ئىچىدە ئاڭسىز ھالدا، ئەنئەنىۋى يول بىلەن شەكىللەنگەنمۇ ياكى ئۇنى ئىنجىل كىتاۋىنى يازغۇچىلار ئۆزلىرى توقۇپ چىققانمۇ، دېگەن مەسىلە كېڭىيىپ، دۇنيا تارىخىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان كۈچ "شەيئى"مۇ ياكى "ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش"[1]مۇ دېگەن مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتتى؛ ئاخىردا، ھازىرقى زامان ھوكۇمەتسىزلىكىنىڭ پىرى شتىرنېر مەيدانغا چىقتى (باكۇنىن ئۇنىڭدىن جىق نەرسىنى كوچۇرۇۋالغان)، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «بىردىن ـ بىرچى»[10]سى ئارقىلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان "ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش"نى بېسىپ چۈشتى.

بىز گېگېل ئېقىمىنىڭ پارچىلىنىش جەريانىدىكى بۇ جەھەتنى تېخىمۇ تەپسىلى تەكشۈرمەكچى ئەمەسمىز. بىزنىڭچە، تېخىمۇ موھىمى شۇكى، مەۋجۇت دىنغا قارشى كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى نۇرغۇنلىغان ئەڭ جەسۇر ياش گېگېلچىلارنى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ۋېيۇۋجۇيىسىغا قايتۇردى. ئۇلار بۇ يەردە ئۆز ئېقىمىنىڭ ئىشى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ۋېيۇۋجۇيى تەبىئەت

دۇنياسىنى بىردىن - بىر رىيال نەرسە دەپ قارايدۇ، كېيىن تىشىدا بولسا تەبىئەت دۇنياسى پەقەتلا مۇتلەق ئىدىيىنىڭ "چەتلەشتۇرۇلۇشى"، گويا بۇ ئىدىيىنىڭ چۈشكۈنلىشىدىن ئىبارەت؛ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ پىكرىي مەھسۇلى بولغان ئىدىيە بۇ يەردە مەنبە، تەبىئەت دۇنياسى بولسا، ھاسىلى نەرسە بولىدۇ، ئۇ ئىدىيىنىڭ تۆۋەنلىشى ئارقىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ياش گېگېلچىلار مۇشۇ زىددىيەت ئىچىدە تىنمىرقاپ قالىدۇ، گەرچە تىنمىرقاشنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ.

بۇ چاغدا فېيېرباخنىڭ «خىرىستىيان دىنىنىڭ ماھىيىتى»[11] دىگەن ئەسىرى نەشىردىن چىقتى. بۇ ئەسەر ئەشۇ زىددىيەتنى بىراقلا تۈگەتتى ۋە ۋېيۋۇجۇيىنى توغرىدىن - توغرىلا يېڭىۋاشتىن تەختكە چىقاردى. تەبىئەت دۇنياسى ھەرقانداق پەلسەپىگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئۇ بىز ئىنسانلارنى، يەنى تەبىئەت دۇنياسى مەھسۇلىنى يېتىشتۈرگەن ئاساس؛ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئادەمنىڭ تاشىيىدا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس، بىزنىڭ دىنىي خىيالىمىز ياراتقان ئالى مەۋجۇدات ئەسلى ماھىيىتىمىزنىڭ خىيالىي ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت. ⑤تىلسىم يېشىلدى؛ "تىشى" كومپەيكوم قىلىندى ھەمدە بىر چەتكە چۆرۈۋېتىلدى، زىددىيەتنىڭ پەقەت تەسەۋۋۇردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، ئۇمۇ ھەل قىلىندى. — بۇ كىتابنىڭ ئازات قىلغۇچى رولىنى پەقەت بىۋاستە ھېس قىلغان كىشىلا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. بۇ چاغدا ھەممەيلەن: بىز بىردىنلا فېيېرباخچى بولۇپ قالدۇق، دەپ خوشاللانغان ئىدى. بۇنداق يېڭى نۇقتىنەزەرنى ماركسنىڭ نەقەدەر قىزغىن ئالقىشلىغانلىغىنى ۋە بۇنداق يېڭى نۇقتىنەزەرنىڭ

ئۆز نوۋىتىدە ئۇنىڭغا نەقەدەر قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى (گەرچە ئۇ پىيەن خاراكتېرلىق پىكرىدە قالغان بولسىمۇ) «مۇقەددەس ئائىلە»[1]دىن كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

ھەتتا بۇ كىتاپنىڭ كەمچىلىكلىرىمۇ ئۆزىنىڭ بىر مەھەللىلىك تەسىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. نەسرى ئەدەبىيات شەكلىدە، بەزى يەرلىرى ھەتتا مۇبالىغە شەكلىدە يېزىلغان بۇ كىتاپ كەڭ كىتاپخانلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالدى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ، ئابىستىراكىت ۋە چۈشىنىكسىز گېگېلىزىمنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھوكۇمرانلىقىدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى يېڭىلىدى. مۇھەببەتكە بولغان ھەددىدىن تاشقىرى چوقۇنۇشىمۇ شۇنداق. بۇنداق چوقۇنۇشقا ھامىلىق قىلىشقا بولمىسىمۇ، ئۇنى ئەپۇ قىلىشقا بولاتتى، چۈنكى ئۇ تاقەت قىلىپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن "ساپ تەپەككۇر"نىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارشى ئىدى. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىمكى، 1844 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن گېرمانىيىدىكى "ئۇقۇمۇشلۇق" كىشىلەر ئارىسىدا ۋابادەك تارقىلىپ كەتكەن "ھەقىقىي سوتسىيالىزم" فېيېرباخنىڭ بۇ ئىككى ئاجىزلىقىنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىلمىي بىلىشنىڭ ئورنىغا نەسرى ئەدەبىيات ئىبارىلىرىنى قويغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىسلاھ قىلىش يولى بىلەن پرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىقىنى "مۇھەببەت"كە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى، قىسقىسى، ئۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان نەسرى

[1] «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 3 ـ 268 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

ئەدبىيات تىلى بىلەن ۋە ئومۇمى مۇھەببەت توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلەر بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى كارل گرۈن ئەپەندى ئىدى.①

يەنە بىر نەرسىنى ئۇنتۇماسلىغىمىز لازىم: گېگېل ئېقىمى پارچىلانغان بولسىمۇ، گېگېل پەلسەپىسى پىپەنلىك يوسۇندا يېڭىلمىگەن ئىدى. ستراتۇس بىلەن باۋېر ئۇز ئالدىغا گېگېل پەلسەپىسىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپ، بەس - مۇنازىرىدە بىر بىرسىگە ھۇجۇم قىلىشتى. فېيېرباخ گېگېل تىشىسىنى بوسۇپ ئوتتى ھەمدە ئۇنى بىراقلا بىر چەتكە چورۇۋەتتى. بىراق بىر خىل پەلسەپىنى خاتا دەپ ئېلان قىلىش بىلەنلا بۇنداق پەلسەپىنى بويسۇندۇرۇپ بولمايتتى. مىللەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇشۇنداق غايەت زور تەسىر كورسەتكەن گېگېل پەلسەپىسىگە ئوخشاش بۇنداق ئۇلۇق ئىجادىيەتنى بىراقلا پەرۋا قىلماي قويۇش چارىسى بىلەن يوقاتقىلى بولمايتتى. ئۇنى ئەسلىدىكى مەنىسىدىن "چورۇپ تاشلاش" لازىم ئىدى، يەنى ئۇنىڭ شەكلىنى پىپەنلىك يوسۇندا يوقىتىش، لېكىن بۇ شەكىل ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مەزمۇننى قۇتقۇزۇپ قېلىش لازىم ئىدى. بۇ ۋەزىپىنىڭ قانداق ئورۇنلانغانلىغىنى تۋۋەندە كورىمىز.

لېكىن، بۇ چاغدا، خۇددى فېيېرباخ ئوزىنىڭ گېگېلنى بىر ياققا قايرىپ قويغىنىدەك، 1848 - يىلدىكى ئىنقىلاپ ھەرقانداق پەلسەپىنى قىلچە تۈزۈت قىلماي ئولتۇرماستىن بىر چەتكە قايرىپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ فېيېرباخنىڭ ئوزىمۇ سەھنىنىڭ ئارقىسىغا سۈرۈپ قويۇلدى.

## 2

پۈتۈن پەلسەپىدىكى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان پەلسەپىسىدىكى
زور تۈپ مەسىلە — تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى
مەسىلىسى. يىراق قەدىمقى زامانلاردا، كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەن
تۈزۈلۈشىنى پۈتۈنلەي بىلمىگەنلىكى ھەمدە چۈشىدىكى نەرسىلەر-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئارقىسىدا،① ئۇلاردا، تەپەككۇرىمىز
بىلەن تۇيغۇمىز تېنىمىزنىڭ ھەركىتى ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك
ئالاھىدە بولغان، تەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئادەم ئۆلگەندە
تەندىن چىقىپ كېتىدىغان جاننىڭ ھەركىتى ئىكەن، دەيدىغان
ئىدىيە بارلىققا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كىشىلەر
بۇنداق جاننىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە پىكىر
يۈرگۈزىدىغان بولدى. جان ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ
داۋاملىق ھايات تۇرىۋېرىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ
ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىغا ھېچقانداق
ئاساس قالمايدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن جان ئۆلمەيدۇ دەيدىغان ئىدىيە

① جاھالەتچىلەر بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ياۋايى ئادەملەر ئارىسىدا:
چۈشتە كۆرۈنگەن ئادەملەرنىڭ ئوبرازى تەندىن ۋاقىتنچە چىقىپ كەتكەن
جانلار؛ شۇڭا، رىياللىقتىكى ئادەملەر باشقىلارنىڭ چۈشىدە كۆرۈنگەن
ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگۈچىگە قوللانغان قىلمىقلىرى ئۈچۈن جاۋاپكار
بولۇشى لازىم، دەيدىغان ئىدىيە تا ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە. مەسى-
لەن، ئىم تۇرىېن 1884-يىلى گۋىانادىكى ھىندىيانلار ئارىسىدا مۇشۇنداق
ئەھۋالنى بايقىغان ئىدى.12

پەيدا بولىدۇ، بۇنداق ئىدىيە شۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا ھەرگىز بىر تۈرلۈك تەسەللى ئەمەس، بەلكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك تەقدىر ئىدى، يەنە كېلىپ، كۆپىنچە، بىر تۈرلۈك ھەقىقى بەختسىزلىك ئىدى، مەسىلەنكە ئېيتساق، گرېكلاردا شۇنداق ئىدى. شەخس ئۆلمەيدۇ دەيدىغان بۇنداق تېتىقسىز ئويدۇرمىنىڭ ھەممىلا يەردە كېلىپ چىقىشىغا دىنىي جەھەتتىكى تەسەللىنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىمىلىكتىن پەيدا بولغان قىينچىلىق، يەنى مەۋجۇت دەپ قارالغان جاننىڭ تەن ئۆلگەندىن كېيىن زادى قانداق بولغانلىقىنى بىلمەسلىك سەۋەپ بولغان ئىدى. شۇنداقلا، تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈشى سەۋەۋىدىن ئەڭ دەسلەپكى خۇدا پەيدا بولدى. دىنىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا بۇ خۇدالارمۇ بارغانسېرى دۇنيادىن خالى تۇرىدىغان تۈس ئالدى، ئاخىردا، ئەقىلنىڭ تەرەققى قىلىشى داۋامىدا تەبىي ھالدا پەيدا بولغان ئابستراكسىيىلەشتۈرۈش جەريانى تۈپەيلىدىن — بۇنى سۈزۈلدۈرۈش جەريانى دېيىشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە، ئازدۇر-كۆپتۇر چەكلىك بولغان ۋە ئۆزئارا چەكلەپ تۇرىدىغان نۇرغۇن خۇدالارنىڭ ئىچىدىن بىر خۇدالىق دىنىنىڭ بىردىن-بىر خۇداسى توغرىسىدىكى ئىدىيە بارلىققا كەلدى.

شۇڭا، تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە، روھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى پۈتۈن پەلسەپىدىكى ئەڭ بۈيۈك مەسىلە بولۇپ، بارلىق دىنلارغا ئوخشاشلا، ناداﻧلىق دەۋرىدىكى تار ۋە نادان ئىدىيىلەر ئۇنىڭ مەنبەسى ئىدى. لېكىن، بۇ مەسىلە ياۋروپالىقلار خىرىستىيان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى

ئۇزاق مۇددەتلىك قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىنتايىن روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئاندىن ئۇزىنىڭ تولۇق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىس پەلسەپىسىدىمۇ غايەت زور رول ئوينىغان مەسىلە، يەنى تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن ئورنى مەسىلىسى — مەنبە نىمە، روھمۇ ياكى تەبىئەت دۇنياسىمۇ؟ دىگەن مەسىلە دىنىي جەمىيەتكە قارىتا كەسكىن شەكىلدە قويۇلدى: دۇنيانى خۇدا ياراتقانمۇ، ياكى ئۇ ئەسلىدىن بارمىدى؟

پەيلاسوپلار بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاپ بېرىشلىرىگە قاراپ ئىككى چوڭ لاگېرغا بولۇندى. روھنى تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن مەنبە، دەپ ھوكۇم قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېساپتا دۇنيانىڭ يارىتىلغانلىقى تەلىماتىنى مەلۇم ئۇسۇللار بىلەن ئېتىراپ قىلغانلار (پەيلاسوپلاردا، مەسىلەن، گېگېلدا، دۇنيانىڭ يارىتىلغانلىقى تەلىماتى، كوپىنچە، خىرىستىيان دىنىدىكىدىنمۇ گادىرماش ھەم بىمەنە شەكىل ئالغان) ۋېيشىنجۇيى لاگېرىنى تەشكىل قىلدى. تەبىئەت دۇنياسىنى مەنبە دەپ ھېساپلىغانلار بولسا، ۋېيۋۇجۇيىنىڭ تۈرلۈك ئېقىملىرىغا كىردى.

ۋېيشىنجۇيى ۋە ۋېيۋۇجۇيى دىگەن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىدە بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەنىسى يوق، بۇ يەردە ئۇلارنى باشقا مەنىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا باشقا مەنە بېرىلگەندە قانداق گادىرماشلىقلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تۆۋەندە كورىمىز.

لېكىن، تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار: بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا

توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمىزنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىگە بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز رېئال دۇنيانى بىلەلەمدۇ؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ رېئال دۇنيا توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز ۋە ئۇقۇملىرىمىزدا رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرەلەيمىزمۇ؟ پەلسەپىۋى تىل بىلەن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوخشاشلىقى مەسىلىسى دېيىلىدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى بۇ مەسىلىگە ئىجابىي جاۋاپ بېرىشكەن. مەسىلەن، گېگېلدا بۇ مەسىلىگە بېرىلگەن ئىجابىي جاۋاپ ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇق: بىز رېئال دۇنيادا دەل ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى، يەنى دۇنيانى مۇتلەق ئىدىيە قىلغان، پەيدىن-پەي ئەمەلگە ئاشقان نەرسىنى بىلىمىز، بۇ مۇتلەق ئىدىيە ئەزەلدىن مەۋجۇت، دۇنياغا باغلىق بولمىغان ھالدا ھەممە دۇنيادىن ئاۋاللا مەلۇم جايدا مەۋجۇت؛ لېكىن تەپەككۇرنىڭ دەسلەپتىلا ئىدىيىۋى مەزمۇننىڭ مەزمۇنىنى بىلىۋالالايدىغانلىقى ناھايىتى روشەن. بۇ يەردە، ئىسپاتلىنىدىغان نەرسىنىڭ جىمجىت ھالدا ئالدىنقى شەرت ئىچىدە بولىدىغانلىقىمۇ ئوخشاشلا روشەن. لېكىن بۇ گېگېلنىڭ ئۆزىنىڭ تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوخشاشلىقىنى دەلىللەشىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشىغا ھەرگىز توسقۇنلۇق قىلمايدۇ: ئۇنىڭ تەپەككۇرىغا قارىتا ئېيتقاندا ئۇنىڭ پەلسەپىسى توغرا بولغاچقا، ئۇنىڭ پەلسەپىسىمۇ بىردىن-بىر توغرا؛ ئىنسانلار ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى دەرھال نەزىرىيىدىن ئەمەلىيەتكە يۆتكەپ كېلىدىغان ھەممە پۈتۈن دۇنيانى گېگېل پىرىنسىپى بويىچە ئۆزگەرتىدىغانلا بولسا، تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوخشاشلىقى تەستىقلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭدا ۋە ھەممىۋا

پەيلاسوپلاردا دىگۇدەك ئورتاق ساقلىنىپ كەلگەن خام خىيال.

لېكىن، بۇلاردىن تاشقىرى دۇنيانى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان، ياكى ھېچ بولمىغاندا، دۇنيانى تۇزۇل ـ كېسىل بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بەزى پەيلاسوپلارمۇ بار. يېقىنقى زامان پەيلاسوپلىرىدىن يۇم ۋە كانت ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇلار بولسا پەلسەپە تەرەققىياتىدا ناھايىتى موھىم رول ئوينىدى. بۇ نۇقتىنەزەرنى رەت قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ نەرسىنى گېگېل ئېيتىپ ئوتكەن ئىدى، ۋېيشىنجۇيىلىق نۇقتىنەزەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئېيتقىلى بولىدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئېيتقان ئىدى؛ فېيېرباخ تولۇقلىغان ۋېيۋۇجۇيىلىق نەرسىلەرنى چوڭقۇر مەنىلىك دىگەندىن كورە، ئوتكۇر دىگەن تۇزۇك. بۇلارنى ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى باشقا بارلىق غەلىتە سوزلەرنى كىشىنى ئەڭ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە رەت قىلىدىغىنى ئەمەلىيەت، يەنى تەجرىبە ۋە سانائەت. بىز ئوزىمىز مەلۇم بىر تەبىەت جەريانىنى ياساپ چىقىپ، ئۇنى ئوزىنىڭ شەرت ـ شارائىتى بويىچە بارلىققا كەلتۇرەلىگەن ھەمدە ئۇنى ئوز مەقسىدىمىز ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرالىغان، شۇنىڭ بىلەن ئوزىمىزنىڭ مۇشۇ جەريان توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ توغرىلىغىنى ئىسپاتلىيالىغان ئىكەنمىز، ئۇ ھالدا، كانتنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ”ئوزىدىكى نەرسە“سى تۈگەيدۇ. ھايۋاناتلار ۋە ئوسۇملۇكلەرنىڭ تېنىدە پەيدا بولغان خىۋاشۇيلىك ماددىلار ئورگانىك خىۋاشۇي ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ياساپ چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئەنە شۇنداق ”ئوزىدىكى نەرسە“ بولۇپ كەلگەن ئىدى؛ ئورگانىك خىۋاشۇي ئۇلارنى ياساپ چىقىرىشقا باشلىغان چاغدا،

"ئۆزىدىكى نەرسە" بىز ئۈچۈن نەرسىگە ئايلاندى، مەسىلەن، ئوردانىدىن ئېلىنىدىغان بوياق — ئالىزارىننى ھازىر بىز ئېتىزدىكى ئوردانىنىڭ يىلتىزىدىن ئەمەس، بەلكى تولىمۇ ئەرزەن، تولىمۇ ئاسان ئۇسۇل بىلەن تاشكۆمۈر يېغىدىن چەككىلەپ چىقىمىز. كوپېرنىكنىڭ قۇياش سىستېمىسى تەلىماتى 300 يىلغىچە بىر خىل قىياسلا بولۇپ كەلگەن ئىدى، بۇ قىياس 99 پىرسەنت، 99.9 پىرسەنت، 99.99 پىرسەنت ئىشەنچلىك بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا بىر خىل قىياس ئىدى؛ لېۋېرىيې بۇ قۇياش سىستېمىسى تەلىماتى بەرگەن سانلىق ئاساسلار بويىچە، تېخى مەلۇم بولمىغان بىر سەييارىنىڭ چوقۇم بارلىقىنى ھېساپلاپ چىقىپلا قالماي، بەلكى بۇ سەييارىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنىنىمۇ ھېساپلاپ چىققان چاغدا، ئۇنىڭدىن كېيىن گاللې شۇ سەييارىنى ھەقىقەتەن تاپقان چاغدا[13]، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتى تەستىقلاندى. ئەگەر گېرمانىيىنىڭ يېڭى كانتچىلىرى كانتنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى ۋە ئەنگلىيىنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى يۇمنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى تىرىلدۈرمەكچى بولىدىكەن (ئۇ يەردە يۇمنىڭ نۇقتىنەزەرلىرى ھېچقاچان تۈگەپ كەتكىنى يوق)، ئۇ ھالدا، بۇ ئىككى خىل نۇقتىنەزەر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتلەردە بۇرۇنلا ئاغدۇرۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنداق ئۇرۇنۇش ئىلمىي جەھەتتە ئارقىغا يانغانلىق، ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسا، ۋېيۇۋۇجۇيىنى ئاستىرتىن قوبۇل قىلىپ، خالايىق ئالدىدا رەت قىلىشتەك ئۇياتچان قىلىقتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.●

لېكىن، دېكارتتىن گېگېلغىچە ۋە خوببستىن فېيېرباخقىچە بولغان ئۇزاق مەزگىلدە پەيلاسوپلارنىڭ ئالغا بېسىشىنى، ھەرگىز

ئۈلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، ساپ ئىدىيىنىڭلا كۈچى ئىلگىرى سۈرمىدى. دەل ئەكسىچە، پەيلاسوپلارنىڭ ئالغا بېسىشىنى، ئاساسەن، تەبىي پەن ۋە سانائەتنىڭ كۈچلۈك تۈردە ھەم كۈنسا-ناپ چاپان تەرەققىي قىلىشى ھەقىقىي تۈردە ئىلگىرى سۈردى، ۋېيۇۋجۇيىچىلاردا بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىدى، ۋېيشىنجۇيىلىق ئىشلارمۇ ۋېيۇۋجۇيىلىق مەزمۇننى بارغانسېرى كىرگۈزۈۋېلىپ، روھ بىلەن ماددىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنى فەنشېنلۇن نۇقتىنەزىرى ئارقىلىق كېلىشتۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇندى؛ شۇڭا، ئاخىرقى ھېساپتا، گېگېل تىشىسى ئۇسۇل جەھەتتىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ۋېيشىنجۇيىلىق ھالدا تەتۈر قىلىپ قويۇلغان ۋېيۇۋجۇيىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن سىتاركىنىڭ فېيېرباخ ئۇستىدىكى مۇلاھىزىسىدە نىمە ئۈچۈن ئاۋال فېيېرباخنىڭ تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ توپ مەسىلىدىكى مەيداننى تەتقىق قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قىسقىغىنا مۇقەددىمىدە ئاپتور بۇرۇنقى، بولۇپمۇ كانتتىن بۇيانقى پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرىنى ئورۇنسىز، ئېتىقسىز-چۈشىنىكسىز پەلسەپىۋى تىل بىلەن بايان قىلىدۇ ھەمدە گېگېلىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئايرىم سۆز-جۈملىلەرگە ھەددىدىن زىيادە شەكىللىۋازلىق بىلەن مەھكەم يېپىشىۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن گېگېلنى بەكلا كەمسىتىپ كورسەتىدۇ. بۇ مۇقەددىمىدىن كېيىن ئۇ فېيېرباخنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە ئىزچىل تۈردە ئىپادىلەنگەن ”شىڭئېرشاڭشۆي“نىڭ ئۆزىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىنى تەپسىلى بايان قىلىدۇ. بۇ قىسىم ناھايىتى كوڭۇل قويۇپ، چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان، بىراق

پۈتۈن كىتاپقا ئوخشاش، ھەرگىز ھەممىلا يەردە خالى بولغىلى بولماي قالمايدىغان پەلسەپىۋى ئىبارىلەر بىر تالاي يىغىۋېلىنغان. ئاپتور ئوخشاش بىر ئىقىمنىڭ ياكى ھېچ بولمىغاندا فېيېرباخنىڭ ئۆزىنىڭ ئىبارىلىرىنى قانچە ساقلاپ قالمايدىكەن، تۈرلۈك ئىقىملارنىڭ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە يۇقۇملۇق كېسەلدەك تارقىلىپ كەتكەن، ئۆزلىرىنى پەلسەپە مەزھەپلىرى دەپ ئاتىشىۋالغان ئىقىملارنىڭ ئىبارىلىرىنى قانچە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىكەن، بۇنداق يىغىۋېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان گادىرماشلىقلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

فېيېرباخنىڭ تەرەققىيات جەريانى — بىر گېگېلىزىمچى (دەرۋەقە، ئۇ ھېچقاچان پۈتۈنلەي ئەنئەنىچى بولۇپ كەتكەن گېگېلىزىمچى ئەمەس ئىدى)نىڭ ۋېيۇۋۇجۇيىغا قاراپ مېڭىشىدىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانى، بۇ تەرەققىيات ئۇنى مۇئەييەن باسقۇچتا ئۆزىنىڭ بۇ پېشۋاسىنىڭ ۋېيشىنجۇيىلىق تىشىسىدىن پۈتۈنلەي ئادا ـ جۇدا قىلدى. ئاخىردا، ئۇ گېگېلنىڭ "مۇتلەق ئىدىيە" دۇنيادىن ئاۋال مەۋجۇت ئىدى، دۇنيا يارىتىلىشتىن ئىلگىرى "لوگىكىلىق فەنچۇ مەۋجۇت ئىدى" دېگىنىنىڭ دۇنيادىن تاشقىرى تۇرىدىغان ياراتقۇچىغا بولغان ئېتىقاتىنىڭ خىيالىي قالدۇقلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى؛ بىز ئۆزىمىز مەنسۇپ بولغان ماددى، سېزىشكە بولىدىغان دۇنيانىڭ بىردىن ـ بىر رىيال دۇنيا ئىكەنلىكىنى؛ بىزنىڭ ئېڭىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزنىڭ، ھەر ـ قانچە تۇيغۇدىن تاشقىرى بولۇپ كورۇنسىمۇ، ھامان ماددى، جىسمانى ئەزانىڭ، يەنى ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى مۇقەررەر تونۇپ يەتتى؛ ماددا روھنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى

روھ پەقەت ماددىنىڭ يۇقۇرى مەھسۇلى. تەبىئىكى، بۇ، ساپ ۋېيۇۋجۇيى. بىراق، فېيېرباخ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توساتتىنلا ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالىدۇ. ئۇ ئادەتتىكى پەلسەپۋى بىرتەرەپلىمە قاراشنى، يەنى ئىشنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ئەمەس، بەلكى ۋېيۇۋجۇيى دىگەن بۇ ئىسىمغا قارشى تۇرۇشتەك بىرتەرەپلىمە قاراشنى يېڭەلمەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

"مېنىڭچە، ۋېيۇۋجۇيى — ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە بىلىمى بىناسىنىڭ ئاساسى؛ لېكىن، مېنىڭچە ئۇ شېڭلىشۇېشۇناسلارنىڭ، تار مەنىدىكى تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ، مەسىلەن، مولېشوتنىڭ قارىشىدىكىدەك ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرى ۋە كەسپىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مۇقەررەر يوسۇندا تەشەببۇس قىلغىنىدەك ئەمەس، يەنى بىنانىڭ ئۆزى ئەمەس. ئارقىغا يانغاندا مەن ۋېيۇۋجۇيىچىلار بىلەن تامامەن بىردەك بولدۇم؛ لېكىن ئالغا باسقاندا بولسا، بىردەك بولالمىدىم."[14]

فېيېرباخ بۇ يەردە ماددا بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان مۇئەييەن چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋېيۇۋجۇيىلىق ئومۇمى دۇنياقاراشنى بۇ دۇنياقاراشنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتا، يەنى 18 ـ ئەسىردە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە شەكىللىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇ يەنە ۋېيۇۋجۇيىنى ئۇنىڭ بىر خىل يۈزەكى، چاكىنا شەكلى بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، 18 ـ ئەسىر ۋېيۇۋجۇيىسى ھازىر مۇشۇنداق شەكىل بىلەن داۋاملىق تۈردە تەبىي پەن ئالىملىرى ۋە دوختۇرلارنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە ھەمدە ئۇنى بۈشنېر، فوگت ۋە مولېشوتلار 50 ـ يىللاردا ھەممىلا يەردە ۋاقىراپ يۈرۈپ بازارغا سالغان ئىدى. لېكىن، ۋېيۇۋجۇيىمۇ، ۋېيشىنجۇيىغا ئوخشاشلا

بىر قاتار تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ھەتتا تەبىي پەن ساھەسىدىكى ھەر بىر دەۋر بولىگۈچ كەشپىياتقا ئەگىشىپ ۋېيۋۇجۇيىمۇ ئۆز شەكلىنى مۇقەررەر سۈرەتتە ئۆزگەرتىپ بارىدۇ؛ تارىخمۇ ۋېيۋۇجۇيىچە چۈشەندۈرۈلگەنىدىن ئېتىۋارەن، بىر يېڭى تەرەققىيات يولىمۇ بۇ يەردە ئېچىلدى.

ئۆتكەن ئەسىردىكى ۋېيۋۇجۇيىسى، ئاساسەن، جىسىيلىك ۋېيۋۇجۇيى ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغدا بارلىق تەبىي پەنلەر ئىچىدە پەقەت لىشۇېلا، لىشۇي بولغاندىمۇ پەقەت قاتتىق جىسىملار (ئاسماندىكى ۋە يەردىكى) لىشۇېسى، قىسقىسى، ئېغىرلىق لىشۇېسىلا مەلۇم مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. خۇاشۇي تېخى گودەك بولۇپ، يېڭىلا ئۇلار تەلىماتى شەكلىنىدە تۇراتتى. شېڭۋۇشۇي تېخى زاكىسىدا ئىدى؛ ئۇسۇملۇكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئورگانىزمى ئۇستىدە پەقەت ئىنتايىن يۈزەلا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە ئۇ ساپ جىسىيلىك سەۋەپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى؛ خۇددى دېكارتنىڭ نەزىرىدە ھايۋانات ماشىنا بولغىنىدەك، 18 - ئەسىر ۋېيۋۇجۇيىچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئادەم ماشىنا ئىدى. خۇاشۇېلىك جەريانلار ۋە ئورگانىك جەريانلارنى (بۇ جەريانلار داۋامىدا لىشۇي قانۇنلىرىمۇ رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق يۇقۇرىراق بولغان باشقا قانۇنلار تەرىپىدىن ئىككىنچى ئورۇنغا سىقىپ چىقىرىلغان ئىدى) يالغۇز لىشۇي ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەش، — بۇ فرانسىيە كىلاسسىك ۋېيۋۇجۇيىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان، ئەمما شۇ چاغلاردا خالى بولغىلى بولمايدىغان چەكلىمىلىكلىكى ئىدى.⑥

بۇنداق ۋېيۋۇجۇيىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىككىنچى چەكلىمىلىك-

لىگى شۇ يەردىكى، ئۇ دۇنيانى بىرخىل جەريان، ئۈزلۈكسىز تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا تۇرغان ماددا دەپ چۈشىنەلمەيتتى. بۇ شۇ چاغدىكى تەبىي پەننىڭ ھالىتىگە ۋە بۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغان شىگىتېرشاگىشۇېلىك، يەنى بىيەنجېڭفاغا قارشى پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. كىشىلەر تەبىەت دۇنياسىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەركەت داۋامىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق شۇ چاغدا، بۇنداق ھەركەت ئەبەدىل-ئەبەت بىرلا دائىرىدە ئايلىنىۋېرىدۇ، شۇڭا بىرلا جايدا توختاپ قېلىۋېرىدۇ؛ ھامان بىر خىللا نەتىجە ھاسىل قىلىنىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇ چاغدا بۇنداق ئويلاش مۇقەررەر ئىدى. كانتنىڭ قۇياش سىستېمىسىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تەلىماتى ئۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا ئوتتۇرىغا چىققان ھەمدە بۇ تېخى غىچ ئاجايىپ-غارايىپ گەپلەر دەپلا قارالماقتا ئىدى. يەر شارىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، يەنى دىجژشۇېي تېخى تامامەن كىشىلەرگە نامەلۇم ئىدى. ھازىرقى جانلىق مەۋجۇداتلار ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆزگىرىشتەك ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشنى شۇ چاغلاردا ئىلمىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، تەبىەت دۇنياسىغا غەيرى تارىخىي نۇقتىنەزەر بىلەن قاراش مۇقەررەر ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، 18-ئەسىر پەيلاسوپلىرىنى ئەيىبلەشنىڭ تولا ھاجىتى بولمىسا كېرەك، چۈنكى گېگېلمۇ مۇشۇنداق نۇقتىنەزەردە ئىدى. گېگېلنىڭ نەزىرىدە، تەبىەت دۇنياسى ئىدىيىنىڭ "چەتلەشتۈرۈلۈشى" دىنلا ئىبارەت بولۇپ، زامان جەھەتتە تەرەققى قىلالمايدۇ، ماكاندىلا ئۆزىنىڭ ھەر خىللىقىنى نامايەن قىلىدۇ،

شۇڭا، ئۇ ئۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تەرەققىيات باسقۇچ-
لىرىنى بىر ۋاقىتتا ۋە كەينى-كەينىدىن نامايەن قىلىدۇ ھەمدە
ھامان بىرخىللا جەريانىنى مەڭگۈ تەكرارلاۋېرىشكە مەھكۇم.
گېگېلنىڭ تەرەققىيات ماكانىنىڭ ئىچىدە، لېكىن زامانىنىڭ (بۇ
جىمىكى تەرەققىياتلارنىڭ تۈپ شەرتى) سىرتىدا پەيدا بولغان
دەيدىغان سەپسەتىنى تەبىئەت دۇنياسىغا تېگىشى دەل دىجۇشۇپ،
پېپىتەيشۇپ، ئۇسۇملۇكلەر ۋە ھايۋاناتلار شېكىللىنىشۇپىسى، شۇنىڭدەك
ئورگانىك خۇاشۇپ قاتارلىقلار بەرپا قىلىنىپ بولغان، شۇنداقلا
بۇ يېڭى ئىلىم-پەنلەر ئاساسىدا كېيىنكى تەدرىجى تەرەققىيات
نەزەرىيىسىدىن بىشارەت بېرىدىغان تالانتلىق پەرەزلەر (مەسىلەن،
گېتې ۋە لامارك) ھەممىلا يەردە بارلىققا كەلگەن چاغدا بولغان
ئىدى. لېكىن، ئىشى شۇنى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭا، ئۇسۇل
ئىشىنى دەپ ئۆزىگە ئۆزى خىيانەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان
ئىدى.

بۇنداق غەيرى تارىخىي نۇقتىنەزەر تارىخ ساھەسىدىمۇ
ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردە، ئوتتۇرا ئەسىر قالدۇقلىرىغا قارشى
كۆرەش كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ قويغان ئىدى.
ئوتتۇرا ئەسىر مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئومۇمىيۈزلۈك ياۋايىلىق
ھالەت كەلتۈرۈپ چىقارغان تارىخنىڭ ئاددى ھالدا ئۈزۈپ
قويۇلۇشى دەپ قارالغان ئىدى؛ ئوتتۇرا ئەسىردىكى غايەت زور
ئىلگىرىلەشنى — ياۋروپا مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ كېڭىيىشىنى، ئۇ
يەردە ئارقىمۇ-ئارقا شەكىللەنگەن ھاياتى كۈچكە باي چوڭ
مىللەتلەرنى شۇنىڭدەك 14-ۋە 15-ئەسىرلەردىكى غايەت زور
تېخنىكا تەرەققىياتىنى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر بايقىۋا-

لالمىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇق تارىخىي باغلىنىشقا بولغان ئەقىلگە مۇۋاپىق كوزقاراشنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى، تارىخ بولسا، كوپ دىگەندىمۇ، پەيلاسوپلار پايدىلىنىدىغان دەلىللەر ۋە قىستۇرما سۇرەتلەر توپلىمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان ئىدى، خالاس.

50 - يىللاردا، گېرمانىيىدە ۋېيۇۇجۇيىنى چاكىنىلاشتۇرغان چار بازارچىلار ئوز ئۇستازلىرىنىڭ بۇ دائىرىسىدىن قىلچىمۇ چىقىقىنى يوق. تەبىي پەنلەردە كېيىنچە ئېرىشىلگەن بارلىق ئىلگىرىلەشلەر پەقەتلا ئۇلارنىڭ دۇنيانى ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى ئىنكار قىلىشتىكى يېڭى ئاساسى بولۇپ قالدى؛ نەزىرىيىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، ئۇلار ئەمىلىيەتتە ھېچ ئىش قىلمىدى. ئەگەر ۋېيشىنجۇيى ئۇ چاغدا ھالسىراپ كەتكەن ھەمدە 1848-يىل ئىنقىلاۋىدا ئەجەللىك زەربە يىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنى قانائەتلەندۇرىدىغىنى ۋېيۇۇجۇيىنىڭ بۇ چاغدا تېخىمۇ پەسىيىپ بېرىۋاتقانلىغى ئىدى. فېيىربا خ بۇنداق ۋېيۇۇجۇيىغا جاۋاپكار بولۇشتىن باش تارتىپ پۇتۇنلەي توغرا قىلغان ئىدى؛ شۇغىنىسى ئۇ بۇ سەييارە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ تەلىماتىنى ئومۇمى ۋېيۇۇجۇيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىلا كېرەك ئىدى.

بىراق، بۇ يەردە مۇنۇ ئىككى خىل ئەھۋالغا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچى، فېيىربا خ ھايات چېغىدا تەبىي پەن تېخى كەسكىن تۇردە مۇزاكىرە قىلىنىش جەريانىدا تۇراتتى، بۇ جەريان يېقىنقى 15 يىل ئىچىدىلا مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلىگۇدەك، نىسبى مۇكەممەل ھالەتكە يەتتى؛ يېڭى بىلىش

ماتېرىيال‌لىرى مىسلىسىز كولەمدە ئۇتتۇرىغا چىقتى، لېكىن، ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن بۇ كەشپىياتلارنىڭ گادىرماشلىق ھالىتى ئىچىدە باغلىنىش ئورنىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق بۆلەرنى رەتكە سېلىش يېقىنقى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا مۇمكىن بولدى. گەرچە ھەل قىلغۇچ بۇ 3 كەشپىياتنى ـــ ھۈجەيرە، ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىشى ۋە دارۋىن نامى بىلەن ئاتالغان تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيىسىنى فېيېرباخ بايقىغان بولسىمۇ، ئەمما يېزىدا دەرۋىش-لەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ پەيلاسوپ قانداقمۇ ئىلىم-پەننى تولۇق تەتقىق قىلىپ، بۇ كەشپىياتلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە باھالىيالىسۇن؟ تەبىي پەن ئالىملىرى ئىچىدىمۇ ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم كىشىلەر بۇ كەشپىياتلار توغرىسىدا باشقىچە پىكىردە ئىدى، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ كەشپىياتلاردىن تولۇق پايدىلىنىشنى تېخى بىلمەيتتى. بۇ يەردە بىردىن ـ بىر ئەيىپكار گېرمانىيىنىڭ بىچارە ھالىتى بولۇپ، مۇشۇ ھالەت تۈپەيلىدىن، شۇ چاغدىكى بارلىق پەلسەپە سورۇنلىرىنى ساختا گەپ يورغىلىتىدىغان، كېلىشتۈرمىچىلىك قىلىدىغان، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان كىشىلەر ئىگىلەپ كەتكەن ئىدى، بۇ ئەبلەخلەردىن مىڭ ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان فېيېرباخ بولسا خىلۋەت يېزىدا دېخانچە، دۇنيادىن خەۋەرسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ھازىرقى ۋاقىتتا مۇمكىنچىلىككە ئايلانغان، فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىسىنىڭ ھەممىۋا بىر تەرەپلىمىلىگىنى يوقاتقان، تارىخىي بولغان تەبىئەت قارىشىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر فېيېرباختا مەلۇم بولمىغانلىقى ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس.

ئىككىنچى، ساپ تەبىي پەن ۋېيۋۇجۇيىسى، ـــ دەيدۇ فېيېرباخ، ـــ

"ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمى بىناسىنىڭ ئاساسى، لېكىن بىنانىڭ ئۆزى ئەمەس".

بۇ تامامەن توغرا.

چۈنكى، بىز تەبىەت دۇنياسىدىلا ئەمەس، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىمۇ ياشايمىز، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭمۇ، تەبىەت دۇنياسىغا ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ئىلمى بار. شۇڭا ۋەزىپە جەمىيەت توغرىسىدىكى ئىلمنى، يەنى تارىخ ئىلمى بىلەن پەلسەپە ئىلمىنىڭ يىغىندىسىنى ۋېيۇۇجۇيىنىڭ ئاساسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشتىن ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، بۇ ۋەزىپەنى فېيېرباخ ئورۇنلىيالمايتتى. گەرچە ئۇنىڭ "ئاساسى" بولسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ يەردە ئەنئەنىۋى ۋېيشىنجۇيىلىق ئاسارەتتىن تېخى قۇتۇلالمىغان ئىدى، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىدى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئارقىغا يانغاندا مەن ۋېيۇۇجۇيىچىلار بىلەن بىردەك بولدۇم؛ لېكىن ئالغا باسقاندا بولسا، بىردەك بولالمىدىم."

ئەمما بۇ يەردە، ئىجتىمائى ساھەدە، دەل فېيېرباخنىڭ ئۆزى "ئالغا" باسمىدى، ئۇزىنىڭ 1840 - يىلدىكى ياكى 1844 - يىلدىكى نۇقتىنەزىرىدىن نېرىغا ئۆتەلمىدى، بۇ يەنىلا ئاساسەن ئۇنىڭ دەرۋىشلىك تۇرمۇشىدىن بولغان، بۇنداق تۇرمۇش ئىجتىمائى ئالاقىنى باشقا ھەرقانداق پەيلاسوپتىنمۇ بەكرەك ياقتۇرىدىغان بۇ پەيلاسوپنى ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ماھارەتلىك ۋە پاراستلىك ئۆزى بىلەن تەڭ كىشىلەر بىلەن بولغان دوستانە ياكى غەيرى دوستانە ئۇچرىشىش جەريانىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ دەرۋىشلىك كاللىسىدا ھاسىل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ ساھەدە

فېيېرباخنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ۋېيشىنجۇيىچى ئىكەنـ
لىكىنى توۋەندە تەپسىلى تەكشۈرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ستارك فېيېرباختىكى ۋېيشىنجۇيىنى كۆرسەتكىنىدە باشقا بىر جايىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

"فېيېرباخ — ۋېيشىنجۇيىچى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشىنىدۇ." (19 ـ بەت) "ۋېيشىنجۇيى بۇرۇنقىدەكلا ھەممە نەرسىنىڭ ئاساسى، ھۆلى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىزنىڭچە، چىنلىق نەزىرىيىسى بىز ئۆزىمىزنىڭ غايىۋى نىيەتلىرىمىزگە ئىنتىلگەن چېغىمىزدىلا بىزنى تۈزۈك يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. خەيرىخاھلىق، مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتكە ھەم ئادالەتكە بولغان قىزغىنلىق غايىۋى كۈچ ئەمەسمۇ، ئاخىر؟" (VIII بەت)

بىرىنچىدىن، بۇ يەردە غايىۋى مەقسەتلەرگە ئىنتىلىش ۋېيشىنجۇيى دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن بۇ مەقسەتلەر، مۇقەررەر ھالدا، كۆپ بولغاندا كانتنىڭ ۋېيشىنجۇيىسى ۋە ئۇنىڭ "مۇتلەق بۇيرۇغى" بىلەن باغلىنىشلىق؛ ۋاھالەنكى، ھەتتا كانتنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى "شىيەنيەنلىك ۋېيشىنجۇيى" دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەرگىز ئۇنىڭدىمۇ ئەخلاقىي غايە سۆزلەنگەنلىكىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي باشقا سەۋەپتىن بولغان، بۇ سەۋەپ ستاركنىڭ ئېسىدە باردۇ. پەلسەپىۋى ۋېيشىنجۇيىنىڭ مەركىزى ئەخلاقىي غايىگە، يەنى ئىجتىمائىي غايىگە بولغان ئېتىقاتتىن ئىبارەت دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش بار، بۇنداق قاراش پەلسەپىنىڭ تاشايىنىدا، شىللېرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆزىگە لازىملىق ئاز ساندىكى پەلسەپىۋى ئىبارىلەرنى سۈدەك يادلىۋالغان گېرمانىيە چاكىنىلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان. كانتنىڭ ئاجىز

"مۇتلەق بۇيرۇغى" (شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاجىزكى، ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ھېچقانداق رىيال نەرسىگە ئەبەدى يېتەلمەيدۇ)نى دەل سىپى ئۆزىدىن بولغان ۋېيىشنجۇيىچى گېگېلدىنمۇ كەسكىنرەك تەنقىت قىلغان ھېچكىم يوق، شىللېر تارقاتقان ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان غايىگىلا بېرىلىپ كېتىدىغان چاكىنىلار خاھىشىنى گېگېلدىنمۇ قاتتىق مەسخىرە قىلغان ھېچكىم يوق («ھادىسە شۇناسلىق»قا قاراڭسۇن[15]). ●

ئىككىنچىدىن، مۇنۇ ئەھۋالدىن خالى بولۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس: ئادەمنىڭ ھەركەت قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان جىمى نەرسە ئادەمنىڭ مېڭىسى ئارقىلىق بولىدۇ، ھەتتا ئادەم تاماق يېيىش ۋە ئۇسسۇلۇق ئىچىشكىمۇ مېڭىدە ھاسىل بولغان ئاچلىق، ئۇسساش تۇيغۇسى ئارقىلىق كىرىشىدۇ ھەمدە ئوخشاشلا مېڭىدە ھاسىل بولغان تويۇش، قېنىش تۇيغۇسى ئارقىلىق توختايدۇ. تاشقى دۇنيانىڭ ئادەمگە بولغان تەسىرى ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئەكس ئېتىدۇ ـ دە، تۇيغۇ، پىكىر، مۇددىئا، ئىرادە بولۇپ قالىدۇ، قىسقىسى، "غايىۋى مەقسەت" بولۇپ قالىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق شەكىلدە ئارقىلىق "غايىۋى كۈچ"كە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بىراۋ "غايىۋى مەقسەت"كە ئىنتىلگەنلىكى ھەمدە "غايىۋى كۈچ"نىڭ ئۆزىگە قىلغان تەسىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ۋېيىشنجۇيىچى بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىزە بولسىمۇ نورمال ئۆسكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تۇغما ۋېيىشنجۇيىچى بولۇپ قالىدۇ، بۇنداقتا ۋېيۋۇجۇيىچىلار قانداق پەيدا بولغاندۇ؟

ئۈچىنچىدىن، ئىنسانىيەت (ھېچ بولمىغاندا ھازىرقى ۋاقىتتا)

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، تەرەققىي قىلىش يونىلىشىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ دەيدىغان ئېتىقاتنىڭ ۋېيۋۇجۇيى بىلەن ۋېيشىنجۇيى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقتا مۇتلەق ئالاقىسى يوق. فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىچىلىرى، زىرەنشېنلۇنچى[16] ۋولتېر ۋە رۇسسولارغا ئوخشاش، بۇ ئېتىقاتقا كارامەت بېرىلىپ كەتكەن ھەمدە كۆپىنچە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زور شەخسىي قۇربانلار بەرگەن ئىدى. ئەگەر، "ھەقىقەتكە ۋە ئادالەتكە بولغان قىزغىنلىق" (مۇشۇ سۆزنىڭ تۈز مەنىسىدىن ئېيتقاندا) ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان بىرەر ئادەم بار، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئېيتايلۇق، دىدېرو مانا شۇنداق ئادەم ئىدى. دېمەك، ستاركىنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋېيشىنجۇيى دىگەنلىكى پەقەتلا "ۋېيۋۇجۇيى" دىگەن ئاتالغۇنىڭ ۋە ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق قارىمۇ-قارشىلىقلارنىڭ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئۈچۈن ھەنىنۋا ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقىنىلا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىش يۈزىدە، ستارك بۇ يەردە چاكىنىلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىغا — دىندارلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى توھمەتلىرى نەتىجىسىدە "ۋېيۋۇجۇيى" دىگەن بۇ ئىسىمغا قارىتا تۇغۇلغان بىر تەرەپلىمە قاراشقا كەچۈرگۈسىز دەرىجىدە يول قويغان، بۇ، ئېھتىمال، ئاڭسىز تۈردە بولغان بولسا كېرەك. چاكىنىلار نەپسى يامانلىق، ھاراقكەشلىك، ئەيش-ئىشرەت، شەھۋانىلىق، شوھرەتپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىك، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، پايدىغا ھېرىس بولۇش ۋە ھايانكەشلىكنى، قىسقىسى ئۆزلىرى خۇپىيانە ھالدا ھەۋەس قىلىپ يۈرگەن بارلىق ئىپلاس ھەرىكەتلەرنى ۋېيۋۇجۇيى دەپ چۈشىنىدۇ؛ ۋېيشىنجۇيىنى بولسا گۈزەل ئەخلاققا،

ئومۇمى ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان ئېتىقات دەپ، قىسقىسى،
"گۈزەل دۇنيا"غا بولغان ئېتىقات دەپ چۈشىنىدۇ، — ئۇلار باشقى-
لارنىڭ ئالدىدا بۇ "گۈزەل دۇنيا"نى كوز-كوز قىلىدۇ، بىراق
ئۆزى بولسا، كوپ بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى "ۋېيۋۇجۇيلىق"
بەگۋاشلىغى ئارقىسىدا مۇقەررەر يوسۇندا رايى قايتقان ياكى
بەربات بولغان چاغدىلا، بۇ "گۈزەل دۇنيا"غا ئىشىنىدۇ ھەمدە
بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ، ئادەم نىمە؟ يېرىمى يىرتقۇچ، يېرىمى
پېرىشتە، دىگەن ئامراق ناخشىسىنى ئېيتىدۇ.

باشقا جەھەتلەردە ستارك فېيېرباخنى كۆچىنىڭ بېرىچە
قوغدايدۇ، ھازىر گېرمانىيىدە پەيلاسوپ دىگەن نام بىلەن داۋراڭ
سېلىپ يۈرگەن داشۇي جياڭشىلىرىنىڭ ھۇجۇملىرى ۋە تەلىمات-
لىرىغا قارشى تۇرىدۇ. گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ بۇ
يارىماس ئەۋلاتلىرىغا كوڭۈل بولىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، بۇ
ھەقىقەتەن ناھايىتى موھىم؛ ستاركنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ بۇ زورۇر
بولسا كېرەك. بىراق بىز كىتاپخانلارنى كەچۈرىمىز.

## 3

بىز فېيېرباخنىڭ دىن پەلسەپىسى ۋە ئەخلاقشۇناسلىغىغا
يېقىن بارساقلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋېيشىنجۇيىسى ئېنىق ئاشكارى-
لىنىپ قالىدۇ. فېيېرباخ ھەرگىز دىننى بىكار قىلماقچى ئەمەس،
ئۇ دىننى مۇكەممەللەشتۈرمەكچى. پەلسەپىنىڭ ئۆزى دىنغا سىڭىپ
كېتىشى كېرەك.

"ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىنى پەقەت دىنى ئۆزگىرىشلا بىر

بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇئەييەن تارىخىي ھەركەت كىشى كۆڭلىگە چوڭقۇر سىڭگەندىلا، ئاندىن ئۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ. كۆڭۈل دىنىنىڭ شەكلى ئەمەس، شۇڭا دىنمۇ كۆڭۈلدە مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك؛ كۆڭۈل — دىنىنىڭ ماھىيىتى."17 (ستاركىنىڭ كىتاۋىنىڭ 168- بېتىدىن ئېلىندى)

فېيېرباخنىڭ قارىشىچە، دىن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىي مۇناسىۋەت، قەلب مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇنداق مۇناسىۋەت ئۆز ھەقىقىتىنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى رىياللىقنىڭ خىيالىي ئىنكاسلىرى ئىچىدىن (كىشىلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ خىيالىي ئىنكاسى بولغان بىر خۇدا ياكى نۇرغۇن خۇدا ۋاستىسى بىلەن) ئىزلىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ۋاستىلىك يوسۇندا ئەمەس، بەلكى بىۋاستىلا مەن بىلەن سەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىن ئىزلەيدىغان بولىدى. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، فېيېرباختا، جىنسىي مۇھەببەت ئۇنىڭ يېڭى دىنىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنىڭ ئالىي شەكلى بولمىغان ھالەتتىمۇ ئالىي شەكىللىرىدىن بىرى.

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇسەن ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىي مۇناسىۋەت ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. جىنسىي مۇھەببەت خۇسۇسەن يېقىنقى 800 يىل ئىچىدە شۇنداق ئەھمىيەتكە ۋە ئورۇنغا ئېرىشتىكى، ئۇ، بۇ مەزگىل ئىچىدە بارلىق نەزمىلەر دەۋرى قىلىشى كېرەك بولغان ئوق بولۇپ قالدى. ھازىرقى چىن دىنلار دۆلەتنىڭ جىنسىي مۇھەببەتنى باشقۇرۇشى، يەنى نىكا قانۇنىنى يۈكسەك دەرىجىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ؛ بۇنداق دىن، ئېھتىمال، ئەتىلا پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئىشقى-

مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئەمەلىيەتتە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. فرانسىيەدە، 1793 ـ يىلدىن 1798 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، خىرىستىيان دىنى ھەقىقەتەن شۇ دەرىجىدە يوق بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، ھەتتا ناپولېونمۇ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قارشىلىققا ۋە قىيىنچىلىققا دۇچكەلمەي قالمىغان ئىدى، بىراق بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئورنىغا فېيېرباخنىڭ يېڭى دىنىنى دەسسىتىش لازىملىقى ھېس قىلىنمىدى.

بۇ يەردە، فېيېرباخنىڭ ۋېيشىنجۇيىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر بىرىنى چىن كۆڭۈلدىن ياخشى كۆرۈش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتكە، يەنى جىنسىي مۇھەببەت، دوستلۇق، خەيرىخاھلىق، پىداكارلىق روھى قاتارلىقلارغا توغرىدىن ـ توغرىلا ئەسلىدىكى ھالەت بويىچە مۇئامىلە قىلمايدۇ، بەلكى بۇ مۇناسىۋەت ـ لەرنى مەلۇم ئالاھىدە، ئۆز نەزىرىدە ئۆتمۈشكىمۇ مەنسۇپ بولغان دىن بىلەن باغلايدۇ ـ دە، بۇ مۇناسىۋەتلەر پەقەت دىن دېگەن ئاتالغۇ بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ مۇكەممەل مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، ئاساسىي مەسىلە بۇنداق ساپ ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى بۇ مۇناسىۋەتلەرنى يېڭى، ھەقىقىي دىن دەپ قاراش كېرەكلىكىدە ئىكەن. بۇ مۇنا ـ سىۋەتلەر پەقەت دىن تامغىسى بېسىلغاندىن كېيىنلا مۇكەممەل دەپ ھېسابلىنىدىكەن. دىن دېگەن سۆز religare دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلى ئالاقە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ھەممىسى دىن بولىدۇ. ئېتىمولوگىيە جەھەتتىكى بۇنداق نەيرەڭ ۋېيشىنجۇيىلىق پەلسەپە ـ

مىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھۈنىرى. بۇ سوزگە قوشۇلغان مەنە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىستىمالدىكى تارىخىي تەرەققىياتى ئارقىلىق چىقىرىلماسلىقى، بەلكى تىلنىڭ مەنبەسى بويىچە بولۇشى زورۇر. شۇڭا، ۋېيشىنجۇيىلىق ئەسلىمە ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان دىن دىگەن ئاتالغۇنىڭ تىلدىن يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جىنسىي مۇھەببەت ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت "دىن" دەرىجىسىگە كوتىرىلىدۇ. 40 - يىللاردا پارىژدىكى لۇئىبىلانچى ئىسلاھاتچىلار دەل ئەشۇنداق دەيتتى، ئۇلارمۇ دىنگە ئېتىقات قىلمايدىغانلارنى غەلىتە مەخلۇق دەپ ھېساپلايتتى، شۇنىڭدەك بىزگە: دىمەك خۇداسىزلىق سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئىكەن! دەيتتى. فېيېرباخ ماھىيەتتە ۋېيۋۇجۇيىچە بولغان بىر خىل تەبىئەت قارىشى بويىچە ھەقىقىي دىننى بەرپا قىلماقچى بولىدۇ، بۇ، ھازىرقى زامان خۇاشۇبىسىنى ھەقىقىي زەرگەرلىك قىلىۋالغانلىق بىلەن باراۋەر. ئەگەر خۇداسىز دىن مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، پەلسەپە تېشىسىز زەرگەرلىكمۇ مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ھالبۇكى، زەرگەرلىك بىلەن دىن ئارىسىدا ناھايىتى يېقىن ئالاقە بار. پەلسەپە تېشى خۇداغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئەسرىدە مىسىر ۋە يۇنان زەرگەرلىرى خىرىستىيان تەلىماتىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ بىر ئۇلۇش كۈچ قوشقان ئىدى. كوپ ۋە بېرتلو تەمىن ئەتكەن ماتىرىياللار بۇنى ئىسپاتلىدى.

فېيېرباخنىڭ مۇنۇ ھوكمى مۇتلەق خاتا:

"ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىنى پەقەت دىنىي ئۆزگىرىشلا بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ."

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۇلۇق بۇرۇلۇشلار دىنىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىللە بارغان دىگەندە، پەقەت ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۇنياۋى 3 دىن — بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونا، زىفالىق ھالدا پەيدا بولغان قەبىلىۋى دىنلار ۋە مىللى دىنلار تەشۋىق قىلىنمايتتى، قەبىلە ياكى مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان زامان بۇ دىنلار ھەرقانداق قارشىلىق كۈچىنى يوقىتىپ قوياتتى؛ گېرمانلاردا، ھەتتا ئۇلار گۇم بولۇۋاتقان رىم دۇنيا دىگوسىغا تېگىش بىلەنلا، ئۇ ئەمدىلا قولىنىۋاتقان، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسى، روھىي ھالىتىگە ماس كېلىدىغان دۇنيا خىرىستىيان دىنىغە تېگىش بىلەنلا بۇنداق ئەھۋال دەرھال يۈزبەرگەن ئىدى. ئازدۇر ـ كوپتۇر سۈنئى تۇردە پەيدا بولغان بۇ دۇنياۋى دىنلارنى، خۇسۇسەن خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلغان ۋاقىتتىلا، بىز ئومۇمى تارىخي ھەركەتنىڭ دىنىي تۈس ئالغانلىقىنى، بەلكى، ھەتتا خىرىستىيان دىنى ساھەسىدىمۇ بۇنداق دىنىي تۈسنىڭ، ھەقىقى تۈردە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەقەتلا بۇرژۇئا ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، يەنى 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ 17 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتتىلا ئىپادىلەنگەنلىگىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ تۈسنى فېيېرباخ ئويلىغاندەك ئادەمنىڭ قەلبى ۋە دىنىي ئېھتىياجى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ئارقىلىق چۈشىنىش لازىملىغىنى، ئوتتۇرا ئەسىردە بىرلا ئاڭ شەكتەيى، يەنى دىن ۋە ئىلاھىيەتلا مەلۇملۇق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. لېكىن 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بۇرژۇئازىيە كۈچىيىپ ئۆزىنىڭ

ئاڭ شىكىتەيىنى، ئۇزىنىڭ سىنىپىي ئورنىغا ماس كېلىدىغان ئاڭ شىكىتەيىنى بەرپا قىلالىغۇدەك ھالغا يەتتى، مۇشۇ چاغدىلا، ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئۇلۇق ۋە ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋى ــ فرانسىيە ئىنقىلاۋىنى ئېلىپ باردى، بەلكى قانۇنىي ۋە سىياسى ئىدىيىلەر-گىلا مۇراجەت قىلدى، دىن ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغان چاغدىلا، ئۇلار دىن توغرىلىق ئويلاشتى؛ بىراق ئۇلار مەلۇم يېڭى دىننى كونا دىننىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ باقمىدى؛ روبېسپېرنىڭ بۇ جەھەتتە قانداق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرى-غانلىغى ھەممىگە مەلۇم.

بىز ياشاشقا مەجبۇر بولغان، سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق ۋە سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنى ئاساس قىلغان جەمىيەتتە، باشقىلار بىلەن ئالاقىلاشقاندا ساپ ئىنسانى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكى بۇگۇنكى كۇندە تامامەن دىگۇدەك بۇزۇپ تاشلاندى. بۇنداق ھېسسىياتنى دىن قىلىۋېلىپ، بۇنداق مۇمكىنچىلىكنى تېخىمۇ كوپرەك بۇزۇپ تاشلاشقا ئاساسىمىز يوق. ئوخشاشلا، تارىختىكى ئۇلۇق سىنىپىي كۇرەشكە بولغان چۇشەنچىمۇ، خۇسۇسەن گېرما-نىيىدە، ئېقىپ يۇرگەن تارىخ تۇزۇش ئىلمى تەرىپىدىن شۇنداق مۇجمەللەشتۇرۇۋېتىلدىكى، بىزگە بۇ كۇرەشنىڭ تارىخنى دىنىي جەمىيەت تارىخىنىڭ نوقۇل قوشۇمچىسى قىلىپ، بۇنداق چۇشەنچىنى تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان قىلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن بىزنىڭ ھازىر فېيېرباختىن قانچىلىك كوپ ئېشىپ كەتكەنلىگىمىزنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ. ھازىر ھەتتا ئۇنىڭ يېڭى مۇھەببەت دىنىنى مەدھىيىلەيدىغان "ئەڭ گۇزەل ماقالا" لىرىنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلىگى قالمىدى.

فېيېربباخ بىر خۇدالىق دىننى ئاساس قىلغان غەرپ دۇنياۋى دىنى بولغان خىرىستىيان دىنىنىلا ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كورسەتتى: خىرىستىيان دىنىدىكى خۇدا پەقەت ئادەمنىڭ خىيالىي ئىنكاسى، ئادەمنىڭ ئوبرازىدىنلا ئىبارەت. بىراق، بۇ خۇدانىڭ ئوزى — ئۇزاق مۇددەتلىك ئابستىراكسىيەلەش-تۇرۇش جەريانىنىڭ مەھسۇلى، ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىۋى خۇدالار ۋە مىللى خۇدالارنىڭ توپلانمىسىنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭغا ماس ھالدا، بۇ خۇدا ئىنكاس قىلغان ئادەممۇ رىيال ئادەم بولماستىن، ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان رىيال ئادەملەرنىڭ جەۋھىرى، ئابستىراكت ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭ ئوزى تەسەۋۋۇردىكى ئوبراز. فېيېرباخ ھەر بىر بەتتە ھېسسىلىقنى تەشۋىق قىلىدۇ، كونكرېت نەرسىنى، رىياللىقنى زېھىن قويۇپ تەتقىق قىلىشنى تەشۋىق قىلىدۇ، ئەمما يەنە شۇ فېيېرباخنىڭ ئوزى كىشىلەر ئارىسىدىكى ساپ جىنسى مۇناسىۋەتتىن تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن مەلۇم مۇناسىۋەت ئۇستىدە توختالغاندا بولسا، ئۇنى پۇتۇنلەي ئابستىراكت قىلىپ قويىدۇ.

ئۇ بۇنداق مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدىن پەقەت بىر جەھەتنىلا — ئەخلاقنىلا كورىدۇ. بۇ يەردىمۇ، گېگېل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، فېيېرباخنىڭ ئادەمنى چوچۇتكۇدەك چولتىلىقى بىزنى تەئەججۇپ-لەندۇرىدۇ. گېگېلنىڭ ئەخلاقشۇناسلىقى ياكى ئەخلاق قائىدىلىرى ھەققىدىكى تەلىماتى قانۇن پەلسەپىسىدۇر، ئۇ (1) ئابستىراكت قانۇننى، (2) ئەخلاقنى، (3) ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەخلاق قائىدىلىرى يەنە ئائىلە، شەھەر ئاھالىسى جەمى-يىتى، دولەتنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە، شەكىل ۋېيشىنلىق،

مەزمۇن رېيال بولىدۇ. قانۇن، ئىقتىسات، سىياسىنىڭ ھەممە ساھەسى ئەخلاق بىلەن بىللە بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. فېيېرباختا بولسا ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ رېيالىست بولۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىدۇ؛ لېكىن، بۇ ئادەم ياشىغان دۇنيا توغرىسىدا بولسا ئەسلا توختالمايدۇ، شۇڭا بۇ ئادەم دىن پەلسەپىسىدە سوزلەنگىنىدەك ئابستراكت ئادەم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ ئادەم ئانىسىنىڭ قوسىغىدىن چۈشكەن بولمايدۇ، بەلكى بىر خۇدالىق دىنىنىڭ خۇداسىدىن پەيدا بولغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ رېيال، تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان ۋە تارىخىي يوسۇندا مۇئەييەنلەشكەن دۇنيادا ياشىمايدۇ؛ گەرچە ئۇ باشقىلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشسىمۇ، ئەمما ھەر-قانداق باشقا ئادەممۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا ئابستراكت ئادەم بولىدۇ. دىن پەلسەپىسىدە بىز ھەر ھالدا ئەرلەر ۋە ئاياللارنى ئۇچرىتىمىز، ئەمما ئەخلاقشۇناسلىقتا ئەقەللىسى بۇ ئەڭ ئاخىرقى پەرقمۇ يوق بولۇپ كېتىدۇ. دەرھەقىقەت، فېيېرباختا بەزىدە مۇنداق قائىدىلەرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ:

"خان ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى كەپىدىكىلەرنىڭ ئويلايدىغىنىغا ئوخشىمايدۇ." 18 — "ئاچلىق، نامراتلىق تۇپەيلىدىن تېنىڭدە ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بولمىسا، ئۇ ھالدا، كاللاڭدا، تۇيغۇلىرىڭدا ۋە كوڭلۇڭدە ئەخلاق ئۈچۈن ئوزۇقمۇ بولمايدۇ.» 19 — "سىياسى بىزنىڭ دىنىمىز بولۇشى كېرەك."20 ۋاھاكازالار.

لېكىن، فېيېرباخ بۇ قائىدىلەردىن پايدىلىنىشنى پۈتۈنلەي بىلمەيدۇ، بۇ قائىدىلەر يەنىلا ساپ قۇرۇق گەپ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ھەتتا ستاركمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇكى، سىياسى

فېيېرباخ ئۈچۈن ئۆتكىلى بولمايدىغان رايون، ھالبۇكى "جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەن، يەنى ئىجتىمائىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن نامەلۇم بىر جاي"21.

فېيېرباخنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنى تەتقىق قىلىشى گېگېلدىن خېلىلا يۈزە. گېگېل مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

"كىشىلەر، ئادەمنىڭ تەبىئىتى ياخشى بولىدۇ دېگەن چېغىدا ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، دەپ ئويلايدۇ؛ بىراق ئۇلار، ئادەمنىڭ تەبىئىتى يامان بولىدۇ دېگەن چېغىدا تېخىمۇ بەكرەك ئۇلۇغ ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ."22

گېگېلنىڭ نەزىرىدە، يامانلىق — تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان شەكىل. بۇ يەردە قوش مەنە بار، بىر تەرەپتىن، ھەر بىر يېڭى ئىلگىرىلەشنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا مەلۇم بىر مۇقەددەس شەيئىگە تىل تەككۈزۈش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، كونا، كۈنسايىن زەئىپلىشىۋاتقان، بىراق ئادەتلىنىش ئارقىسىدا ئېتىقات قىلىنغان تەرتىپكە ئاسىيلىق قىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق پەيدا بولغاندىن بۇيان، دەل ئادەمنىڭ يامان ھەۋەسلىرى — ئاچكۆزلۈك ۋە ئەمەلپەرەسلىك تارىخ تەرەققىياتىنىڭ پىشاڭى بولۇپ قالدى، بۇ جەھەتتە، ئېيتايلۇق، فېئودالىلىق تۈزۈمىنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ تارىخى بىردىن-بىر، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئىسپات①. لېكىن، فېيېرباخ ئەخلاق جەھەتتىكى يامانلىقنىڭ ئوينىغان تارىخىي رولىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشنى ئويلاپ يەتمىگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، تارىخ

ساھەسى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان قورقۇنچلۇق ساھە. ھەتتا ئۇنىڭ:

"ئادەمنۇ تەبىەت دۇنياسىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان چاغدا ئادەم ئەمەس پەقەتلا ساپ تەبىەت ماددىسى ئىدى. ئادەم — ئادەمنىڭ، مەدىنىيەتنىڭ ۋە تارىخنىڭ مەھسۇلى."23 —

دېگەن ھېكمەتلىك سوزىمۇ ئۇنىڭدا قىلچە نەتىجىسىز بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئەخلاق توغرىسىدا فېيېرباخ بىزگە ئېيتىپ بەرگەن نەرسىلەر ئىنتايىن چولتا. بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسى كىشىلەردە تۇغما بولغاچقا، ئۇ بارلىق ئەخلاقنىڭ ئاساسى بولۇشى لازىم. لېكىن بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسى ئىككى تەرەپتىن تۈزىتىلىدۇ. بىرىنچىدىن، ھەركىتىمىزنىڭ تەبىى ئاقىۋىتى تەرىپىدىن تۈزىتىلىدۇ: مەسىلىكىتىن كېيىن باش ئاغرىيدۇ؛ بۇزۇقلۇق ئادەت بولۇپ قالسا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەركىتىمىزنىڭ ئىجتىمائى ئاقىۋىتى تەرىپىدىن تۈزىتىلىدۇ: ناۋادا بىز باشقىلارنىڭ بەختكە ئىنتىلىش يولىدىكى ئوخشاش بىر ھەۋىسىگە ھورمەت قىلمىساق، ئۇ ھالدا، ئۇلار قارشىلىق كورسىتىدۇ، بۇ ھال ئوزىمىزنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، بىز ئوزىمىزنىڭ بۇنداق ھەۋىسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەركىتىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا مولچەرلىيەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك، شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ مۇناسىپ ھەۋىسىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. دىمەك، ئوزىگە نىسبەتەن ئوزىنى مۇۋاپىق تۇتۇۋېلىش، باشقىلارغا نىسبەتەن مۇھەببەت (مەڭگۇ مۇھەببەت!) — مانا بۇ، فېيېرباخ ئەخلاقىنىڭ ئاساسي

مىزانى، باشقا ھەممە نەرسە مۇشۇ مىزاندىن كېلىپ چىقىدۇ. مەيلى فېيېرباخنىڭ ئاجايىپ ھىكمەتلىك مۇلاھىزىلىرى بولسۇن ياكى ستاركىنىڭ كارامەت قىزغىن ماختاشلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ بىرنەچچە قائىدىنىڭ چولتىلىقى ۋە قۇرۇقلۇقىنى ياپالمايدۇ.

ئادەم ئۆزى ئۈچۈنلا چوت سوققان چاغدا، ئۇنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋالدىلا قانىدۇ، بەلكى ھەرگىز ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ پايدىلىق بولمايدۇ. ئۇ تاشقى دۇنيا بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا، بۇنداق ھەۋەسنى قاندۇرىدىغان ۋاستىلەرگە، يەنى ئوزۇق، باشقا جىنس، كىتاب، سوھبەت، مۇنازىرە، پائالىيەت، ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە مەشغۇلات دۇيشىياڭغا مۇھتاج. ئىككىنىڭ بىرى: يا فېيېرباخنىڭ ئەخلاقى ھەۋەسنى قاندۇرىدىغان مۇشۇ ۋاستە ۋە دۇيشىياڭلارنى ھەممە ئادەمنىڭ شۈبھىسىز ھازىرلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، يا بولمىسا ئۇ ئەخلاق ھەر بىر كىشىگە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان نەسىھەتلەرنىلا بېرىدۇ، شۇڭا ئۇ مۇشۇ ۋاستىلەرنى ھازىرلىمىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر پۇلغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. بۇ ھەقتە فېيېرباخنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق دەپ توغرىدىن-توغرىلا ئېيتقان ئىدى:

"خان ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى كەپىدىكىلەرنىڭ ئويلايدىغىنىغا ئوخشىمايدۇ." "ئاچلىق، نامراتلىق تۈپەيلىدىن تېنىڭدە ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بولمىسا، ئۇ ھالدا، كاللاڭدا، تۇيغۇلىرىڭدا ۋە كۆڭلۈڭدە ئەخلاق ئۈچۈن ئوزۇقمۇ بولمايدۇ."

باشقىلارنىڭ بەختكە ئىنتىلىشتە ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكى

توغرىسىدا ئەھۋال ياخشىراقمۇ؟ فېيىربا خ بۇنداق تەلەپنى شەرتسىز ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇنداق تەلەپ ھەرقانداق زامانغا ھەم ھەرقانداق ئەھۋالغا باپ كېلىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. لېكىن بۇنداق تەلەپ قاچاندىن بېرى باپ دەپ ھېساپلىنىدىغان بولۇپ قالدى؟ قەدىمقى زاماندىكى قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى نوكەنولار بىلەن لېكجۇلار ئوتتۇرىسىدا بەختكە ئىنتىلىش خۇسۇسىدا باراۋەر ھوقۇقتىن سوز ئېچىش مۇمكىن بولغانمىدى؟ ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسى رەھىمسىز، شەپقەتسىز تۈردە ۋە "ھەققانى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن" ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ بۇنداق ھەۋىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمىگەنمىدى؟ — شۇنداق بولغان ئىدى، بۇمۇ ئەخلاقسىزلىق ئىدى، لېكىن ھازىر بولسا باراۋەرلىك ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى. بۇرژۇئازىيە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشتە ھەمدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىق تەبىقىلىك ئىمتىيازلارنى، يەنى شەخسى ئىمتىيازنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە دەسلەپتە خۇسۇسى قانۇن جەھەتتە، كېيىن تەدرىجى يوسۇندا ئومۇمى قانۇن جەھەتتە شەخسنىڭ قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى يولغا قويغاندىن بۇيان باراۋەرلىك ھوقۇقى ئېغىزدا ئېتىراپ قىلىندى. لېكىن، بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسىنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر قىسمىنىلا غايىۋى ھوقۇقتا تايىنىپ قاندۇرۇشقا بولىدۇ، مۇتلەق زور قىسمىنى بولسا ماددى ۋاستىلەرگە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ۋاھالەنكى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كوڭۇل بولىدىغىنى ھوقۇقتا باراۋەر بولغان مۇتلەق زور كوپ ساندىكى كىشىلەرنى

ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن تۇرمۇشنى ئاران-ئاران قامدايدىغان قىلىش بولغانلىقتىن، كاپىتالىزمنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بەختكە ئىنتىلىشتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن قۇللۇق تۆزۆم ياكى نۆكنۆلۆق تۆزۆمىنىڭ ھۆرمەت قىلىشىدىن كۆپ بولمىسا كېرەك. بەخت توغرىسىدىكى مەنىۋى ۋاستىلەرگە، تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىگە كەلگەندە ئەھۋال ياخشىراقمۇ؟ "سادوۋادىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى" 24 مۇ ئەپسانىۋى شەخس ئەمەسمۇ، ئاخىر؟

بۇلا ئەمەس. فېيېرباخنىڭ ئەخلاق نەزەرىيىسى بويىچە، پەقەت كىشىلەرنىڭ ھاياتكەشلىكى باشتىن-ئاخىر مۇۋاپىق بولىدىغان بولسىلا، بېلەت جياۋيىسوسى ئەڭ ئالى ئەخلاق سارىيى بولىدىكەن. ئەگەر مېنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسىم مېنى جياۋيىسوغا ئېلىپ كىرگەن بولسا، يەنە كېلىپ مەن ئۇ يەردە ئۆز ھەركىتىمنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا مۆلچەرلەشكە ماھىر بولسام، شۇ سەۋەپتىن بۇ ئاقىۋەتلەر مېنى خوش قىلسا ۋە ھېچبىر زىيانغا ئۇچراتمىسا، يەنى مەن دائىم پۇل تېپىپ تۇرسام، ئۇ ھالدا، فېيېرباخنىڭ كۆرسەتمىسى ئىجرا قىلىنغان بولىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن مەن باشقا بىرسىنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسىگىمۇ توسقۇن بولغان بولمايمەن، چۈنكى باشقا بىرسىمۇ ماڭا ئوخشاشلا جياۋيىسوغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بارغان، خۇددى مەن ئۆزەمنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسىم بويىچە ئىش كۆرگىنىمدەك، ئۇ مەن بىلەن ھاياتكەشلىك سودىسى قىلىشقان چېغىدا ئۆزىنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋىسى بىلەن ئىش كۆرگەن. ئەگەر ئۇ زىيان تارتسا، ئۇ ھالدا، بۇ

ئۇنىڭ ھەركىتىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى ئۇ چوتنى خام سوققان، بەلكى مەن ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا بەرگىنىمدە ھەتتا ھازىرقى زامان رادامانتىنىڭ كىبىرسىنى كورسىتىشىمۇ مۇمكىن. مۇھەببەت ساپلا موتىدىل بىر سوز بولمىسىلا جىياۋىسودىمۇ مۇھەببەت ھەممىگە ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ، چۈنكى ھەر بىر ئادەم ئوزىنىڭ بەختكە ئىنتىلىش ھەۋسىنى باشقىلارغا تايىنىپ قاندۇرىدۇ، مۇھەببەتنىڭ ئورۇنلايدىغىنىمۇ ۋە ئەمەلىيەتتە شۇغۇللىنىدىغىنىمۇ ئەنە شۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئەگەر مەن ئۇ يەردە ئوز ھەركىتىمنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا مولچەرلىيەلىسەم، شۇنىڭ بىلەن يېگىپ چىقالىسام، ئۇ ھالدا، مەن فېيېرباخنىڭ ئەخلاقىدىكى بارلىق ئەڭ قاتتىق تەلەپلەرنى ئورۇنلىغان بولىمەن، بەلكى باي بولۇپمۇ قالىمەن تېخى. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، فېيېرباخنىڭ ئەخلاقى ھازىرقى زامان كاپىتالىزىم جەمىيىتىگە پۈتۈنلەي باپ كېلىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ئوزى بۇنداق بولۇشنى ھەرقانچە ياقتۇرمىسىمۇ ياكى ئويلاپ باقمىغان بولسىمۇ.

بىراق، مۇھەببەت! — راست، فېيېرباختا مۇھەببەت ھەر ۋاقىت ۋە ھەرجايدا موجىزە يارىتىدىغان بىر خۇدا بولۇپ قالىدۇ، بۇ خۇدا ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى جىمى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىدۇ، — يەنە كېلىپ مەنپەئەتلىرى بىۋاستە قارىمۇ-قارشى بولغان سىنىپلارغا بولۇنگەن جەمىيەتتە شۇنداق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ پەلسەپىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئىنقىلاۋىيلىقمۇ يوق بولۇپ كېتىدۇ، پەقەت بىر بىرىڭلارغا مۇھەببەت باغلاڭلار! جىنس ئايرىماي، تەبىقە ئايرىماي قۇچاقلىشىڭلار، — ھەممەيلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ پۇخادىن چىققىچە ئىچىڭلار!

دىگەن كونا مۇقامىلا قالىدۇ.

قىسقىسىنى ئېيتقاندا، فېيېرباخنىڭ ئەخلاق نەزەرىيىسى ئۇنىڭ بارلىق پېشىۋالىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەممە دەۋرگە، ھەممە مىللەتكە، ھەممە ئەھۋالغا باپ كېلىدۇ؛ دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق جايدا باپ ئەمەس، بەلكى رېيال دۇنيا ئالدىدا كانتنىڭ مۇتلەق بۇيرۇغىغا ئوخشاشلا ئاجىز. ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر سىنىپ، ھەتتا ھەر بىر كەسىپ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىغا ئىگە، بەلكى بۇنداق ئەخلاقنى بۇزىدۇ، ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ جازاغا ئۇچرىمايدىغان بولسا. ھەممە كىشىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۈندەيدىغان مېھرىۋانلىق بولسا ئۇرۇش، جاڭجال، ئەرز-شىكايەت، ئائىلە ماجىراسى، نىكاھدىن ئاجرىشىشلاردا ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ باشقا بىر قىسىم كىشىلەر ئۈستىدىكى ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بىراق، فېيېرباخ تەمىن ئەتكەن قۇدرەتلىك تۈرتكە كۈچ نىمە سەۋەپتىن ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ قىلچە نەتىجىسىز بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭ سەۋىۋى ناھايىتى ئاددى، بۇ سەۋەپ شۇكى، فېيېرباخ ئۆزى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان ئابستراكت ئالەمدىن جانلىق رېيال دۇنياغا ئۆتىدىغان يولنى تاپالمايدۇ. ئۇ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئادەمگىلا چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ؛ ئەمما، ئۇنىڭدا، تەبىئەت دۇنياسىمۇ، ئادەممۇ قۇرۇق سۆزدىنلا ئىبارەت. مەيلى رېيال تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدا بولسۇن ياكى رېيال ئادەم توغرىسىدا بولسۇن، ئۇ بىزگە بىرەر مۇئەييەن نەرسىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن، فېيېرباخنىڭ ئابستراكت ئادەمىدىن رېيال، جانلىق ئادەملەرگە بۇرۇلۇش ئۈچۈن بۇ ئادەملەرنى تارىختا ھەرىكەت

قىلىدىغان ئادەم دەپ بىلىپ تەنقىد قىلىش كېرەك ئىدى. فېيېرباخ بولسا بۇنداق قىلىشقا قارشى تۇردى، شۇڭا، ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز بولغان 1848 ـ يىل، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، رېئال دۇنيادىن ئاخىرقى ھېساپتا ئايرىلىشتىن، تەنھا دەرۋىشلەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۆتۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەيىپنى ئاساسەن يەنە گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالىغا قويۇش كېرەك، مۇشۇ ئەھۋال فېيېرباخنى مۇشۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

لېكىن فېيېرباخ باسمىغان قەدەمنى، بەربىر، باشقىلار بېسىشى كېرەك ئىدى. ئابستراكت ئادەمگە بولغان چوقۇنۇشنىڭ، يەنى فېيېرباخنىڭ يېڭى دىنىنىڭ خېشىنىڭ ئورنىنى رېئال ئادەم ۋە ئۇنىڭ تارىخي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پەن ئېلىشى كېرەك ئىدى. فېيېرباختىن ھالقىپ ئۆتۈپ، فېيېرباخ نۇقتىنەزىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى ماركس 1845 ـ يىلى «مۇقەددەس ئائىلە» دىگەن ئەسىرىدە باشلىدى.

## 4

ستراۇس، باۋېر، شتىرنېر، فېيېرباخلار، پەلسەپىۋى مەۋقەدىن چەتلىمىگەنلىگىدىن ئېيتقاندا، گېگېل پەلسەپىسىنىڭ تارماقلىرىغا مەنسۇپ ئىدى. ستراۇس «ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «ئەقىدىچىلىك»[25] دىگەن كىتاپلارنى يازغاندىن كېيىن، رېنانچە پەلسەپە ۋە دىنىي جەمىيەت تارىخى سوزلىنىدىغان نەسرى ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەنلا مەشغۇل بولدى؛ باۋېر خىرىستىيان دىنىنىڭ

كېلىپ چىقىش تارىخى جەھەتتىلا بەزى ئىشلارنى قىلدى، گەرچە ئۇنىڭ بۇ يەردە قىلغىنىمۇ بەزى موھىم ئىشلار بولغان بولسىمۇ؛ باكۇنىن شىتىرنېرنى پرۇدون بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتكەن ھەمدە بۇ ئارىلاشمىنى "ھوكۇمەتسىزلىك" دەپ ئاتىغاندىن كېيىنمۇ شىتىرنېر يەنىلا ئەتىۋارلىق بولۇپ قېلىۋەردى؛ پەقەت فېيېرباخلا مەشھۇر پەيلاسوپ ئىدى. لېكىن، بارلىق مەخسۇس پەنلەردىن دىگۇدەك يۇقۇرى تۇرىدىغان ھەمدە بارلىق مەخسۇس پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پەن ھېساپلانغان پەلسەپە، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، يەنىلا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توساق، مۇقەددەس-دەخلىسىز نەرسە بولۇش بىلەنلا قالمىدى؛ بەلكى بىر پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇمۇ يېرىم يولدا توختاپ قالدى، ئۇنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى ۋېيۇۇجۇيىچى، يۇقۇرقى يېرىمى ۋېيشىنجۇيىچى ئىدى؛ ئۇ گېگېلنى پىپەنلىك يوسۇندا يەڭمىدى، بەلكى ئاددى ھالدا ئۇنى كارغا كەلمەيدىغان نەرسە دەپ قاراپ بىر چەتكە تاشلاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ گېگېل تىشىسىنىڭ قامۇسچە مول مەزمۇنىغا قارشى سۇنئى مۇھەببەت دىنىدىن ۋە چولتا-كۇچسىز ئەخلاقتىن باشقا ھېچقانداق ئىجابى نەرسە ئېلىپ چىقالمىدى.

بىراق، گېگېل ئېقىمىنىڭ پارچىلىنىشى جەريانىدا باشقا بىر مەزھەپ — ھەقىقى نەتىجە ھاسىل قىلالىغان بىردىن-بىر مەزھەپ بارلىققا كەلدى. بۇ مەزھەپ ئاساسەن ماركسنىڭ نامى بىلەن باغلانغان.①

---

① بۇ يەردە ئازراق شەخسەن ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايلار. يېقىندىن بېرى كىشىلەر مېنىڭ بۇ نەزىرىيىنى تۈزۈش ئىشىغا قاتناشقانلىغىمنى كوپ تىلغا ئېلىشتى، شۇڭا، بۇ يەردە بۇ مەسىلىنى

گېگېل پەلسەپىسىدىن ئاجرىلىش بۇ يەردىمۇ ۋېيۋۇجۇيىلىق نۇقتىنەزەرگە قايتىش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە. بۇ شۇنداق دىگەنلىك بولىدۇكى، كىشىلەر رىيال دۇنيا (تەبىئەت دۇنياسى ۋە تارىخ)نى چۈشەنگىنىدە، بۇ دۇنيانى ئالدىن ئويلاپ قويۇلغان ئويدۇرمىنى ئاساس قىلغان ۋېيشىنجۇيىلىق غەلىتە ئويلار ئارقىلىق مۇئامىلە قىلمايدىغان كىشىلەرگە كورۇنگىنى بويىچە چۈشىنىش قارارىغا كەلدى؛ ئۇلار پاكىتقا (خىيالىي باغلىنىشلاردىن ئەمەس، بەلكى پاكىتنىڭ ئۆزىدىكى باغلىنىشتىن ئىگەللەنگەن پاكىتقا) ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بارلىق ۋېيشىنجۇيىلىق غەلىتە ئويلاردىن قىلچە ئايانماستىن ۋازكېچىش قارارىغا كەلدى. ۋېيۋۇ-

---

ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز سوز قىلماي تۇرالمايمەن. شۇ نەرسىنى ئىنكار قىلالمايمەنكى، مەن ماركس بىلەن 40 يىل بىللە ئىشلىدىم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە بۇ مەزگىلدە، بۇ نەزەرىيىگە ئاساس سېلىشقا، بولۇپمۇ بۇ نەزەرىيىنى شەرھىلەشكە مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل قاتناشتىم. ئەمما، مۇتلەق كوپ قىسىم ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيەلەرنىڭ بايان قىلىنىشى (بولۇپمۇ ئىقتىسات ۋە تارىخ ساھەلىرىدە)، خۇسۇسەن بۇ يېتەكچى ئىدىيە-لەرنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئېنىق بايان قىلىنىشى ماركسقا مەنسۇپ. مەن تەمىن ئەتكەن نەرسىلەرنى، كوپ دىگەندە بىرنەچچە مەخسۇس ساھەنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ماركس ھېنگىسىزمۇ ناھايىتى ئاسانلا قىلالايتتى. ماركس قىلالىغاننى بولسا مەن قىلالماس ئىدىم. ماركس ھەممىمىزدىنمۇ يۇقىرىدى-راق تۇراتتى، يىراقنى كورەتتى، كوپرەك ۋە تېزرەك كۆزىتەتتى. ماركس تالانت ئىگىسى ئىدى، بىز بولساق ناھايىتى دىگەندىمۇ قابىللاردىن ئىدۇق. ماركس بولمىغاندا ئىدى، بىزنىڭ نەزەرىيىمىز ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك ھالدا بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ نەزەرىيە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالسا-لىلا بولغان بولىدۇ.

جۇيىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئارتۇق ئەھمىيىتى يوق، پەقەت مۇشۇ يەردىلا ۋېيۇۋجۇيىلىق دۇنياقاراشقا تۈنجى قېتىم ھەقىقى جىددى پوزىتسىيە قوللىنىلدى، بۇ دۇنياقاراش تەتقىق قىلىنىدىغان بارلىق بىلىم ساھەلىرىگە ئۇزۇل-كېسىل (كەم بولغاندا ئاساسي جەھەتلەردە) تەتبىق قىلىندى.

گېگېل ئاددىلا بىر چەتكە قايرىپ قويۇلمىدى، دەل ئەكسىچە، ئۇنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىنقىلاۋىي تەرىپى، يەنى بىيەنجېگلىق ئۇسۇلى چىقىش نۇقتىسى قىلىندى. بىراق بۇ ئۇسۇل گېگېل ئىشلەتكەن شەكىلدە يارامسىز ئىدى. گېگېلدا، بىيەنجېگفا ئۇقۇمنىڭ ئۆز ئۆزىدىن راۋاجلىنىشىدۇر. مۇتلەق ئۇقۇم ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇش بىلەنلا قالماستىن (قەيەردىكىن؟) بەلكى، ئۇ ھەممە مەۋجۇت دۇنيانىڭ ھەقىقى، جانلىق روھى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇم «لوگىكا ئىلمى»دە تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىنغان ھەمدە پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۆزىدە بولغان بارلىق تەييارلىق باسقۇچلىرى ئارقىلىق ئۆز ئۆزىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ؛ ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى "چەتلەشتۈرۈپ"، تەبىەت دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ، ئۇ تەبىەت دۇنياسىدا ئۆزىنى ئاڭقىرىۋالالمايدۇ، بەلكى تەبىي زورۇرىيەت تۈسىنى ئېلىپ، يېڭى تەرەققىياتلار ئارقىلىق، ئاخىردا ئادەم ۋۇجۇدىدا يېڭىۋاشتىن ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىدۇ؛ بۇ ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش تارىختا، تاكى مۇتلەق ئۇقۇم ئاخىر گېگېل پەلسەپىسىدە يەنە پۈتۈنلەي ئۆز ئۆزىگە يېتىپ بارغانغا قەدەر، يەنە يىرىك شەكىللەر ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، تەبىەت دۇنياسىدا ۋە تارىختا كۆرۈلىدىغان بىيەنجېگلىق تەرەققىيات، يەنى بارلىق ئەگرى-توقايلىقلار ۋە ۋاقىتلىق چېكىنىشلەر ئارقىلىق توۋەن باسقۇچتىن

يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلدىغان ئالغا بېسىش ھەركىتىنىڭ سەۋەب-نەتىجە باغلىنىشى گېگىلدا پەقەت ئۇقۇمنىڭ ئۆز ھەر-كىتىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىنلا ئىبارەت. بۇنداق ئۇقۇمنىڭ ئۆز ھەركىتى بولسا ئەسلىدىن بار بولىدۇ، ئۇ نەدىدۇر بىر يەردە پەيدا بولغان بولىدۇ، لېكىن ھەر ھالدا تەپەككۇر قىلالايدىغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مېڭىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. ئاڭ شىڭتەيىنى مۇشۇنداق ئاستىن-ئۈستۈن قىلىشنى تۈگىتىش كېرەك. بىز رىيال شەيئىنى مۇتلەق ئۇقۇمنىڭ مەلۇم بىر باسقۇ-چىنىڭ ئىنكاسى دەپ قارىمايمىز، بەلكى كاللىمىزدىكى ئۇقۇمنى يېڭىۋاشتىن، ۋېيۇۋۇلۇق ئاساستا رىيال شەيئىنىڭ ئىنكاسى دەپ قارايمىز. شۇنداق قىلىپ، بىيەنجېڭفا تاشقى دۇنيا ۋە ئىنسان تەپەككۇرى ھەركىتىنىڭ ئومۇمى قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئىككى تىزىملىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئىپادىلىنىش جەھەتتە ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەمنىڭ مېڭىسى بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئاڭلىق تۈردە تەتبىق قىلالايدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا بولسا بۇ قانۇنىيەتلەر ئاڭسىز تۈردە، تاشقى زۆرۈرىيەت شەكلىدە، پۈت-مەس-تۈگىمەس كۆرۈنۈشتىكى تاسادىپىلىقلار ئىچىدە ئۆزىگە يول ئاچىدۇ، يەنە كېلىپ ھازىرغا قەدەر ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ كۆپىنچە شۇنداق بولۇپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇقۇم بىيەنجېڭفاسىنىڭ ئۆزى پەقەتلا رىيال دۇنيانىڭ بىيەنجېڭلىق ھەركىتىنىڭ ئاڭلىق ئىنكاسى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن گېگېل بىيەنجېڭفاسى توغ-رىلىنىۋېلىندى، ياكى مۇنداقچە ئېيتساق، بېشى بىلەن ئەمەس، بەلكى قايتىدىن پۇتى بىلەن تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆپ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمگەك سايمىنىمىز ۋە ئەڭ ئۆتكۈر قورالىمىز بولۇپ قالغان ۋېيۋۇجۇيلىق بېيەنجېڭفانى يالغۇز بىزلا كەشىپ قىلمىدۇق، بەلكى گېرمانىيە ئىشچىسى يوسېف دىتسگېن بىزگە تايانمايمۇ، ھەتتاكى گېگېلغا تايانمايمۇ كەشىپ قىلدى.①

شۇنداق قىلىپ، گېگېل پەلسەپىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي تەرىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ پەلسەپە گېگېلدا شۇ ئىنقىلاۋىي تەرەپنىڭ ئىزچىللىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن ۋېيشىنجۇيلىق نىقاپلاردىنمۇ قۇتۇلدۇرۇلدى. بىر ئۇلۇق ئاساسىي ئىدىيە، يەنى دۇنيا ئۆزگەرمەس شەيئىلەرنىڭ توپلانمىسى ئەمەس، بەلكى جەريانلارنىڭ توپلانمىسى، ئۇنىڭدىكى مۇقىمدەك تۇرغان ھەر بىر شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ كاللىمىزدىكى پىكىر ئوبراز-لىرى، يەنى ئۇقۇملار پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ، مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا، ئالغا باسىدىغان تەرەققىيات بارلىق كورۈنۈشتىكى تاسادىپىلىقلارغا قارىماستىن، شۇنداقلا بارلىق ۋاقىتلىق ئارقىغا چېكىنىشلەرگىمۇ قارىماستىن ئاخىر ئۆزىگە يول ئاچىدۇ، دەپ ھېساپلايدىغان بۇ ئۇلۇق ئاساسىي ئىدىيە بولۇپمۇ گېگېلدىن بۇيان ئومۇمى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا شۇنداق چوڭقۇر سىڭدىكى، ئۇنىڭ بۇنداق ئومۇمى شەكىلدە قارشىلىققا ئۇچرىشى ناتايىن. لېكىن، بۇ ئىدىيىنى ئېغىزدا ئېتىراپ قىلىش بىر ئىش، بۇ ئىدىيىنى ھەر بىر تەتقىقات ساھەسىگە كونكرېت ۋە ئەمەلىي يوسۇندا تەتبىق قىلىش

① «ئادەم مېڭىسى پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى. بىر قول ھۈنەرۋەنىنىڭ تەسۋىرلىرى»گە قارالسۇن، ھامبۇرگ مېسنېر نەشرىياتى نەشرى. 26

باشقا بىر ئىش. ئەگەر كىشىلەر تەتقىقات خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ نۇقتىنەزەرنى ئاساس قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىنىش ۋە مەڭگۈلۈك ھەقىقەت توغرىسىدىكى تەلەپ مەڭگۇ ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ؛ كىشىلەر ئۆزلىرى ئېرىشكەن ھەممە بىلىملەردە مۇقەررەر بولىدىغان چەكلىمىلىكنى، ئۆزلىرى بىلىمگە ئېرىشكەن چاغدا تۇرغان شارائىتنىڭ بۇ بىلىملەرنى چەكلەپ تۇرىدىغانلىقىنى باشتىن ـ ئاياق بىلىپ تۇرىدۇ؛ كىشىلەر ھېلىھەم ئۆزلۈكسىز ئېيتىپ يۈرۈۋاتقان كونا شىگېلېرشاگشۇپ تۈگىتەلمەيدىغان قارىمۇ ـ قارشىلىقلارغا، يەنى ھەقىقەت بىلەن يېڭىلىشىش، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئوخشاشلىق بىلەن پەرق، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىلىق ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىق- لارغىمۇ ئەمدى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارىمايدىغان بولىدۇ؛ كىشىلەرگە مەلۇمكى، بۇ قارىمۇ ـ قارشىلىقلار نىسبىي ئەھمىيەتكىلا ئىگە؛ بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ قارالغان بىلىشنىڭ يوشۇرۇنۇپ قالغان، كېيىنچە ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان خاتا تەرىپى بولىدۇ، ئوخشاشلا، بۈگۈنكى كۈندە خاتا دەپ قارال- غان بىلىشنىڭمۇ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرىپى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ بۇرۇن ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ قارال- غان؛ مۇقەررەر دەپ ھۆكۈم قىلىنغان نەرسىلەر ساپ تاسادىپىلىق- تىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، ۋاھالەنكى تاسادىپىي دەپ ئاتالغان نەرسىلەر بولسا، ئىچىدە مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر شەكىل بولىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

كونا تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى، گېگېل "شىگېر- شاگشۇپلىك" ئۇسۇل دەپ ئاتىغان ئۇسۇل، ئاساسەن، شەيئىلەرنى

ئۆزگەرمەس نەرسە دەپ بىلىپ تەتقىق قىلىدۇ، بۇنىڭ قالدۇق-
لىرى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىن تېخىچە چىڭ ئورۇن ئېلىپ
كەلمەكتە، بۇ ئۇسۇل ئۇز ۋاقتىدا زور تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئىدى.
ئاۋال شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىش كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىنلا
جەرياننى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. ئاۋال بىر شەيئىنىڭ نېمىلىگىنى
بىلىش كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ شەيئىدە بارلىققا كەلگەن
ئۆزگىرىشنى بايقىغىلى بولىدۇ. تەبىي پەندە ئەھۋال دەل
شۇنداق. شەيئىلەرنى ۋاقى بولغان نەرسە دەپ ھېساپلايدىغان
كونا شىڭئېرشاڭشۆي جانسىز مەۋجۇداتلار ۋە جانلىق مەۋجۇداتلارنى
ۋاقى بولغان شەيئى دەپ قاراپ تەتقىق قىلىدىغان تەبىي پەندە
بارلىققا كەلگەن. ۋاھالەنكى بۇنداق تەتقىقات ئالغا ھەل قىلغۇچ
بىر قەدەم تاشلىغۇدەك ھالغا يەتكەن چاغدا، يەنى بۇ شەيئىلەر-
نىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىدە ھاسىل قىلغان ئۆزگىرىشىنى
سىستېمىلىق تۈردە تەتقىق قىلىشقا ئۆتۈش مۇمكىن بولغان چاغدا،
پەلسەپە ساھەسىدە كونا شىڭئېرشاڭشۆينىڭ ئەجەل سىگنالى
چېلىندى. ئىش يۈزىدە، تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە
تەبىي پەن ئاساسەن **ماتېرىيال توپلايدىغان** پەن، ۋاقى بولغان
شەيئىلەر توغرىسىدىكى پەن بولۇپ كەلدى، لېكىن بىزنىڭ
ئەسىرىمىزدە بولسا، تەبىي پەن ماھىيەت جەھەتتە **ماتېرىيال**
**رەتلەيدىغان** پەن، جەريانلار توغرىسىدىكى، بۇ شەيئىلەرنىڭ
پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى ھەمدە بۇ تەبىي
جەريانلارنى بىر ئۇلۇق گەۋدىنىڭ باغلىنىشى. قىلىپ بىرلەشتۈرىدىغان
پەن بولۇپ قالدى. ئۆسۈملۈكلەر ئورگانىزمىدىكى ۋە ھايۋاناتلار
ئورگانىزمىدىكى جەريانلارنى تەتقىق قىلىدىغان شېڭلىشۆي،

يەكـكە ئورگانىزمـلارنىڭ تورەلمىدىن يېتىلـگىچە بولغان ئۇسۇش جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان پېيتەيشۇپ، يەر پوستىنىڭ تەدرىجى شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان دىجـژشۇپ، ـــ مانا بۇ پەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ مەھسۇلى.

لېكىن، ھەممىدىن ئاۋۋال 3 چوڭ كەشپىـيات بىزنىڭ تەبىئەت جەريانلىرىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىغا بولغان بىلىشىمىزنى زور قەدەمدە ئىلگىرىلەتتى، بۇ كەشپىياتلار مۇنۇلار: بىرىنچى، ھۈجەيرە كەشپ قىلىندى، ھۈجەيـرىنىڭ شۇنـداق بىر بىرلىك ئىكەنـلىگى كەشپ قىلىنـدىكى، پۈتكۈل ئوسۇملۈكـلەر ۋە هايـۋاناتـلارنىڭ تېـنى ھۈجەيرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە بولۇنۇشى جەريانىدا ئوسۇپ يېتىلىدۇ. بۇ كەشپىيات تۈپەيلىدىن بىز بارلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانىك جىسىمـلارنىڭ بىر ئورتاق قانۇنىيەت بويىچە ئۇسىدىـغانلىغى ۋە يېتىلىدىغانلىغىنى بىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھۈجەيرىنىڭ ئۆزگىرىش قابىلىيىتى ئارقىلىق، ئورگانىك جىسىمنىڭ ئۆز تۈرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھەمدە بۇنىڭ بىلەن يەككىلىكنىڭ ئۇسۇشىدىن تېخىمۇ يۇقۇرى بولغان ئۇسۇشنى ئىشـقا ئاشۇرالايدىـغان يولىنى كورستىپ بەردۇق. ـــ ئىككىنچى، ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىشى كەشپ قىلىنـدى، بۇ كەشپـيات بىزگە شۇنى كورسـتـپ بەردىـكى، ھەمـمـىدىن ئاۋۋال ئورگانىك بولـمىغان تەبىئەت دۇنـياسىدا رول ئويـنايدىغان بارلىق كۈچـلەر، يەنى جىشىپـلىك كۈچ ۋە ئۇنىڭ قوشۇمـچىسى، ۋېيىنېك، ئىسسىقـلىق، نۇر (يورۇقـلۇق ياكى نۇر سۇپىتىدە تارقىلىدىغان ئىسسىقلىق)، ئېلىكتىر، ماگنىت، خىۋاشۇپ-لىك ئېنېرگىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك ھەركەتنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بولۇپ، بۇ ھەركەت شەكىللىرى مۇئەييەن

مىقتار مۇناسىۋەتلىرى بويىچە بىر خىلدىن باشقا بىر خىلغا ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا، بىر خىل شەكىلدىكى مىقتار تۈگىگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر خىل شەكىلدىكى مۇئەييەن مىقتار پەيدا بولىدۇ، دېمەك، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەتنۋا ھەركەتلەرنى بىر شەكىلنىڭ باشقا بىر شەكىلگە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇش جەريانى دېيىش مۇمكىن. — ئاخىردا، دارۋىن باغلىنىشلاردىن تۇنجى قېتىم ئىسپاتلىدىكى، ھازىر بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئورگانىك تەبىئەت، جۈملىدىن ئادەممۇ، ئاز سانلىق ئىپتىدائى بىر ھۈجەيرىلىك تورەلمىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۇسۇش جەريانىنىڭ مەھسۇلى، بۇ تورەلمىلەر بولسا ئۆز نۆۋىتىدە خۇاشۇبىلىك يوللار بىلەن پەيدا بولغان پروتوپلازما ياكى ئاقسىلدىن ھاسىل بولغان.

بۇ 3 چوڭ كەشپىيات ۋە تەبىئىي پەندىكى باشقا غايەت زور ئىلگىرىلەشلەر سەۋەبىدىن، بىز ھازىر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر-قايسى ساھەلەرنىڭ جەريانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقايسى ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىمۇ كورسىتىپ بېرەلەيدىغان بولدۇق، شۇنداق قىلىپ تەجرىبىۋى تەبىئىي پەننىڭ ئۆزى تەمىن ئەتكەن پاكىتلارغا تايىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باغلىنىشىنى تەسۋىرلەي-دىغان ئېنىق مەنزىرىنى سىستېمىلىققا يېقىن كېلىدىغان شەكىل بىلەن سىزىپ چىقالايدىغان بولدۇق. بۇنداق بىر ئومۇمى مەنزىرىنى تەسۋىرلەش ئىلگىرى ئاتالمىش تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. تەبىئەت پەلسەپىسى بولسا تېخى بىلىۋېلىنمىغان رىيال باغلىنىشنىڭ ئورنىغا غايىۋى، خىيالىي باغلىنىشلارنى قويۇش، كەم

پاكىتلارنى ئۇيـدۇرما بىلەن تولۇقلاش، رېياللىقتىكى بوشلۇقـنى ساپ تەسەۋۋۇر بىلەن تولدۇرۇش يولى بىلەنلا تەسۋىرلىيەلەيتتى. بۇ پەلسەپە بۇنداق قىلغان ۋاقىتىدا بەزى تالانتلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى بەزى كەشپىياتلاردىن بىشارەت بەردى، لېكىن، ئىنتايىن بىمەنە چۈشەنچىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى، شۇ چاغدا شۇنداق بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇگۈنكى كۈندە، كىشىلەر تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىنى پەقەت بىيەنجىگىلىق تۇردە، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى باغلىنىش بويىچە كۆزەتسىلا بىزنىڭ زامانىمىزدا كىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان "تەبىئەت تىشىسى"نى تۈزۈپ چىقالايدىغان چاغدا، بۇنداق باغلىنىشنىڭ بىيەنجىگىلىق خاراكتېرى ھەتتا تەبىئەت پەيلاسوپلىرىنىڭ شىكىرشاگىرتلىرىدىن تەلىم ئالغان كاللىسىنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان چاغدا، تەبىئەت پەلسەپىسى ئاخىرقى ھېساپتا تازىلاپ چىقىرىلدى. ئۇنى تىرىلدۇرۇش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇش ئارتۇقچە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل **ئارقىغا چېكىنىش بولىدۇ.**

ھازىرمۇ بىز تارىخىي تەرەققىيات جەريانى دەپ چۈشەنگەن تەبىئەت دۇنياسىدا ئەھۋال شۇنداق، جەمىيەت تارىخىنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا ۋە ئىنسانىيەتكە (ھەم خۇداغا) دائىر شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بارلىق پەنلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق. بۇ يەردە، تارىخ پەلسەپىسى، قانۇن پەلسەپىسى، دىن پەلسەپىسى قاتارلىقلاردىمۇ پەيلاسوپلار كاللىسىدا ئويدۇرۇپ چىقارغان باغلىنىشلار ۋەقەلەردە كورسىتىش كېرەك بولغان رېيال باغلىنىشنىڭ ئورنىنى

ئېلىپ، تارىخ (تارىخنىڭ پۈتۈن قىسمى ۋە ھەر بىر قىسمى) ئىدىيىنىڭ تەدرىجى يوسۇندا ئەمەلگە ئېشىشى، بەلكى، ئەلۋەتتە، باشتىن ـ ئاخىر پەيلاسوپنىڭ ئۆزى ياقتۇرغان ئىدىيىلەرنىڭلا تەدرىجى يوسۇندا ئەمەلگە ئېشىشى دەپ قارالدى. بۇنداقتا، تارىخ ئاڭسىز، ئەمما مۇقەررەر رەۋىشتە مەلۇم كۆزلەنگەن غايىۋى مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشاتتى، مەسىلەن، گېگېلدا ئۇنىڭ مۇتلەق ئىدىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشاتتى، ۋاھالەنكى، مۇشۇ مۇتلەق ئىدىيىگە يېتىپ بارىدىغان تەۋرەنمەس ئىرادە تارىخىي ۋەقەلەردىكى ئىچكى باغلىنىشنى تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىر خىل يېڭى ـــ ئاڭسىز ياكى تەدرىجى يوسۇندا ئاڭلىق بولغان ـــ سىرلىق ئىلاھىي ئىرادىنى رىيال، تېخى نامەلۇم بولغان باغلىنىشنىڭ ئورنىغا قوياتتى. شۇڭا بۇ يەردىمۇ پۈتۈنلەي تەبىئەت ساھەسىدىكىگە ئوخشاش رىيال باغلىنىشنى بايقىۋېلىش ۋە بۇ ئارقىلىق بۇنداق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سۈنئىي باغلىنىشنى تازىلاپ چىقىرىش كېرەك ئىدى؛ بۇ ۋەزىپە، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھوكۈمرانلىق قىلغۇچى قانۇنىيەتلەر تەرىقىسىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدا ئۆزىگە يول ئاچىدىغان ئومۇمىي ھەركەت قانۇنىيەتلىرىنى كەشىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بىراق، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىر نۇقتىدا تەبىئەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا (ئەگەر بىز ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ئەكس تەسىرىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرساق) جىمى نەرسە ئاڭسىز. قارىغۇلارچە ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچلەردۇر، بۇ كۈچلەر ئۆزئارا تەسىر

كۆرسىتىدۇ، ئومۇمى قانۇنىيەت بولسا مۇشۇ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنىڭ بىر بىرىگە قىلغان تەسىرلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر ئىشتا، مەيلى تاشقى كۆرۈنۈشتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىغان سانسىز كۆرۈنۈشتىكى تاسادىپىلىقلاردا بولسۇن، ياكى بۇ تاسادىپىلىقلار ئىچىدىكى قانۇنىيەتلىكنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىلەردە بولسۇن، ھېچبىرى كۆزلەنگەن، ئاڭلىق مەقسەت سۈپىتىدە يۈز بەرمىگەن. ئەكسىچە، جەمئىيەت تارىخى ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاڭغا ئىگە بولغان، ئويلىنىپ ياكى ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان، مەلۇم مەقسەتنى قوغلىشىدىغان كىشىلەر؛ ھەرقانداق ئىش ئاڭلىق نىيەتسىز، كۆزلەنگەن مەقسەتسىز بولمايدۇ. لېكىن، بۇ پەرقنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا، خۇسۇسەن ئايرىم دەۋر ۋە ئايرىم ۋەقەلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ پەرق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ئومۇمى قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. ھەتتا مۇشۇ ساھەدە، گەرچە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاڭلىق ئارزۇ قىلغان مەقسىدى بولغان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشتە، ئومۇمەن ئېيتقاندا، يەنىلا تاسادىپىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، نۇرغۇنلىغان كۆزلەنگەن مەقسەتلەر كۆپ ھاللاردا بىر بىرى بىلەن توقۇنۇشىدۇ، ئۆزئارا زىت كېلىدۇ، ياكى بۇ مەقسەتلەرنىڭ ئۆزى ئەسلىدىلا ئىشقا ئاشالمايدىغان مەقسەتلەر، ياكى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋاسىتىلىرى كەم مەقسەتلەر بولىدۇ. شۇنداق

قىلىپ، سانسىز ئايرىم ئارزۇلار بىلەن ئايرىم ھەرىكەتنىڭ توقۇنۇشى تارىخ ساھەسىدە ئاڭسىز تەبىئەت دۇنياسىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ھالغا پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھالنى پەيدا قىلىدۇ. ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى ئالدىن كۆزلەنگەن بولىدۇ، لېكىن ھەرىكەت ئەمەلىيەتتە پەيدا قىلغان نەتىجە بولسا ئالدىن كۆزلەنمىگەن بولىدۇ، ياكى بۇنداق نەتىجە دەسلەپتە كۆزلەنگەن مەقسەتكە ئۇيغۇندەك تۇرسىمۇ، ئاخىرغا بارغاندا پۈتۈنلەي كۆزلەنگەن نەتىجە بولماي قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تارىخىي ۋەقەلەر ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا تاسادىپىلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. لېكىن، كۆرۈنۈشتە تاسادىپىلىق رول ئويناۋاتقان يەرلەردە بۇنداق تاسادىپىلىق باشتىن-ئاخىر ئىچكى يوشۇرۇن قانۇنىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ، ۋاھالەنكى گەپ بۇ قانۇنىيەتلەرنى تېپىشتا.

كىشىلەر ئۆز تارىخىنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاڭلىق رەۋىشتە ئارزۇ قىلىدىغان مەقسىتىگە يېتىشكە ئىنتىلىشى ئارقىلىق يارىتىدۇ، بۇنداق تارىخنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى بولمايدۇ، ۋاھالەنكى ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشلەر بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بۇ نۇرغۇن ئارزۇلار ۋە ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنياغا كۆرسەتكەن تۈرلۈك-تۈرلۈك تەسىرلىرى پەيدا قىلغان نەتىجىسىنىڭ ئۆزى تارىخ بولىدۇ. شۇڭا، گەپ يەنە بۇ نۇرغۇنلىغان يەككە ئادەملەرنىڭ نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىدا. ئارزۇنى ھېسسىيات ياكى ئوي بەلگىلەيدۇ. ۋاھالەنكى ھېسسىيات ياكى ئوينى بىۋاستە بەلگىلەيدىغان پىشاڭ ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ. بۇنىڭ بەزىسى تاشقى شەيئىلەر بولۇشى، بەزىسى روھىي

جەھەتتىكى مۇددىئالار بولۇشى، مەسىلەن، شۆھرەتپەرەسلىك، ”ھەقىقەت ۋە ئادالەتكە بولغان قىزغىنلىق“، شەخسىي نەپرەت، ياكى ھەتتا تۇرلۇك ساپ شەخسىي ھەۋەسكارلار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىر تەرەپتىن، بىز كورۇپ ئوتتۇقكى، تارىختا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان نۇرغۇن ئايرىم ئارزۇلارنىڭ كوپ ھاللاردا ئېرىشكىنى پۇتۇنلەي كوزلەنگەن نەتىجە بولماي، كوپىنچە دەل ئەكسىچە نەتىجە بولۇپ كەلدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇددىئالىرى، پۇتۇن نەتىجە ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ، ئوخشاشلا بېقىندىلىق ئەھمىيىتكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇنداق بىر يېڭى سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ مۇددىئالارنىڭ كەينىدە قانداق ھەركەتلەندۇرگۇچ كۇچ يوشۇرۇنغان؟ ھەركەت قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا مۇشۇ مۇددىئالار شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان تارىخىي سەۋەپ نىمە؟

كونا ۋېيۋۇجۇيى بۇنداق مەسىلىنى ئەزەلدىن ئوزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ باقمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ تارىخ قارىشى — ئەگەر ئۇنىڭ مەلۇم تارىخ قارىشى بولىدىغان بولسا، — ماھىيەت جەھەتتە يەنىلا شيۇگجۇيىلىق قاراش، ئۇ ھەممىگە ھەركەتنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ھوكۇم قىلىپ، تارىخىي شەخسلەرنى ئېسىلزادىلەر ۋە پەسلەر دەپ ئايرىيدۇ ھەمدە ئادەت بويىچە ئېسىلزادىلەرنى ئالدانغۇچىلار، پەسلەرنى بولسا غالىپلار دەپ ھېساپلايدۇ. كونا ۋېيۋۇجۇيى بۇنىڭدىن، تارىخنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا تەربىيىۋى رولى بار نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، دىگەن يەكۇننى چىقىرىدۇ؛ ۋاھالەنكى بۇنىڭدىن بىزنىڭ چىقىرىدىغان يەكۇنىمىز مۇنداق: كونا ۋېيۋۇجۇيى تارىخ ساھەسىدە ئوزى ئوزىگە ئاسىلىق قىلدى، چۇنكى ئۇ تارىخ ساھەسىدە رول ئوينايدىغان روھنىڭ

ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچنى ئەڭ ئاخىرقى سەۋەپ دەپ ھېساپلاپ، بۇ ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچلەرنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان نەرسىنىڭ نىملىگىنى، بۇ ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچلەرنىڭ ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچىنىڭ نىملىگىنى تەتقىق قىلمايدۇ. تەلتوكۇس بولمىغان يېرى روھىي ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچنى ئېتىراپ قىلىشتا ئەمەس، بەلكى بۇ ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچلەردىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇنىڭ ھەركەتلەندۇرگۈچ سەۋەپلىرىنى سۈرۈشتۈرمەسلىكتە. ئەكسىچە، تارىخ پەلسەپىسى، بولۇپمۇ گېگېل ۋەكىللىگىدىكى تارىخ پەلسەپىسى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ كورۇنۇشتىكى مۇددىئاسى بىلەن ھەقىقىي مۇددىئاسى ھەرگىز تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەۋەۋى ئەمەس، بۇ مۇددىئالارنىڭ ئارقىسىدا يەنە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدىغان باشقا ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ بار، دەپ قارايدۇ؛ ئەمما ئۇ بۇنداق ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچنى تارىخنىڭ ئوزىدىن ئىزلىمەيدۇ، ئەكسىچە بۇنداق ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچنى سىرتتىن، پەلسەپىۋى ئاڭ شەكلىدىن تارىخقا كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن، گېگېل قەدىمقى يۇنان تارىخىنى ئۇنىڭ ئوزىدىكى ئىچكى باغلىنىشتىن چۈشەندۈرمەي، قەدىمقى يۇنان تارىخى "گۈزەل خاسلىق شەكلى"نىڭ تۈزۈلۈشىدىن، ھەقىقىي "بەدىي ئەسەرلەر"نىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىدىنلا ئىبارەت دەپ ئاددىيلا ھوكۇم قىلىدۇ[27]. بۇ يەردە، گېگېل قەدىمقى يۇنانلىقلار توغرىسىدا نۇرغۇن ئېسىل ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، لېكىن قۇرۇق سوزدىنلا ئىبارەت بولغان بۇنداق چۈشەندۈرۈش بۈگۈنكى كۈندە بىزنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

شۇڭلاشقا، ئەگەر تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇددىئالىرىنىڭ

ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان — ئاڭسىلىق ياكى ئاڭسىز تۇردە، بەلكى كوپىنچە ئاڭسىز تۇردە — ھەممە تارىختىكى ھەقىقى ئەڭ ئاخىرقى ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچنى تەشكىل قىلىدىغان ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچلەرنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئايرىم شەخسلەرنىڭ — بۇ شەخسلەر ئىنتايىن مەشھۇر شەخسلەر بولغان تەقدىردىمۇ — مۇددىئاسىدىن كورە، كەڭ ئاممىنى، پۇتۇن - پۇتۇن مىللەتلەرنى ۋە ھەر بىر مىللەت ئىچىدە پۇتۇن - پۇتۇن سىنىپلارنى ھەركەتكە كەلتۇرىدىغان مۇددىئالارغا كوپرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ شۇنداقلا قىسقا ۋاقىتلىق پارتلاش ۋە بىر دەملىك يالقۇنلارغا ئەمەس، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان، ئۇلۇق تارىخىي ئوزگىرىشنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدىغان ھەركەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەركەت قىلىۋاتقان ئاممىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرىنىڭ، يەنى ئۇلۇق شەخسلەر دەپ ئاتالغۇچى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئاڭلىق مۇددىئا تەرىقىسىدە روشەن ياكى روشەن بولمىغان ھالدا، بىۋاستە ياكى پىكىر شەكلىدە ھەتتا خىيال شەكلىدە ئەكس ئېتىدىغان ھەركەتلەندۇرگۈچى سەۋەپلەرنى ئىزدىنىش، — بۇ، بىزنى پۇتكۇل تارىختا ۋە ئايرىم دەۋر بىلەن ئايرىم دولەتنىڭ تارىخىدا ھوكۇمرانلىق رول ئوينىغان قانۇنىيەتلەرنى ئىزدىنىشكە باشلايدىغان بىردىن - بىر يول. كىشىلەرنى ھەركەتكە كەلتۇرىدىغان ھەممە نەرسە مۇقەررەر يوسۇندا ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئوتۇشى كېرەك؛ لېكىن بۇ ھەممە نەرسىنىڭ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا قانداق شەكىل ئېلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە تۇرلۇك ئەھۋاللارغا باغلىق بولىدۇ. ئىشچىلار 1848 - يىلى رېين دەرياسى ۋادىسىدا ماشىنىلارنى ئاددى ھالدا پاچاقلاپ تاشلىغى-

ىدەك ئىشلارنى قىلمايدىغان بولغاندىن بۇيان، ئىشچىلار ماشىنىلارنى كاپىتالىستىك ئۇسۇل بويىچە ئىشلىتىشكە قىلچە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان بولدى.

لېكىن، ئىلگىرىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە تارىخنىڭ مۇشۇ ھەركەتلەندۈرگۈچ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېگۈدەك ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشى قالايمىقان ۋە يوشۇرۇن ئىدى، بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسا بۇنداق باغلىنىش ئىنتايىن ئاددىيلىشىپ كەتتى، شۇ سەۋەپتىن كىشىلەرنىڭ بۇ تېپىشماقنى تېپىشى مۇمكىن بولۇپ قالدى. يىرىك سانائەت يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، يەنى ئاز دېگەندە 1815 ـ يىلى ياۋروپا سۇلھى كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن بۇيان، ئەنگلىيىدە يەر ئاقسۆڭەكلىرى (landed aristocracy) بىلەن بۇرژۇئازىيە (middle class) دىن ئىبارەت بۇ ئىككى سىنىپنىڭ ھوكۇمرانلىق تالىشىش تەلەپلىرىنىڭ ئەنگلىيىدىكى پۈتۈن سىياسى كۈرەشنىڭ مەركىزى بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. فرانسىيىدىمۇ، بوربون خان جەمەتىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش پاكىت كىشىلەر تەرىپىدىن بايقۇۋېلىندى؛ تىرىلىش دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار تيېررىدىن گىزو، مىنې، تيېرگىچە ھامان بۇ پاكىتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى فرانسىيە تارىخىنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ كەلدى. 1830 ـ يىلدىن باشلاپ، بۇ 2 دولەتتە ئىشچىلار سىنىپى، يەنى پرولېتارىيات، ھوكۇمرانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ئۈچىنچى جەڭچى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئۇ چاغدا مۇناسىۋەتلەر شۇنچە ئاددىيلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، بۇ 3 چوڭ سىنىپنىڭ

كۇرىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى، ئاز دىگەندىمۇ ئەڭ ئالغا كەتكەن بۇ ئىككى دولەتنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى كوزىنى قەستەن يۇمۇۋالغان كىشىلەرلا كورمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

لېكىن بۇ سىنىپلار قانداق پەيدا بولغان؟ مۇنداق قارىماققا، ئىلگىرىكى زور كولەملىك فېوداللىق يەر ئىگىلەش تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا (ھېچ بولمىغاندا ھەممىدىن ئاۋال) سىياسى سەۋەپلەر، زورلۇق كۈچى بىلەن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش سەۋەپ بولغان دىيىش مۇمكىن، لېكىن بۇرژۇئازىيە ۋە پۇرولېتارىياتقا نىسبەتەن ئۇنداق دىگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئايانكى، بۇ ئىككى چوڭ سىنىپنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىشى ساپ ئىقتىسادىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بولغان. شۇ نەرسە يەنە ئوخشاشلا ئايانكى، يەر ئىگىلەش تۈزۈمى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۇرەش، خۇددى بۇرژۇئازىيە بىلەن پۇرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى كۇرەشكە ئوخشاش، ھەممىدىن ئاۋال ئىقتىسادىي مەنپەئەت يولىدا ئېلىپ بېرىلغان، سىياسى ھاكىمىيەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋاستىدىنلا ئىبارەت بولغان. بۇرژۇئازىيەۋە پۇرولېتارىيات ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە ئوزگىرىش بولغانلىقى سەۋەۋىدىن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا ئوزگىرىش بولغانلىقى سەۋەۋىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىككى سىنىپ. ئەڭ دەسلەپتە كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى قول سانائىتىدىن ئىشخانا قول سانائىتىگە ئوتۇش، ئاندىن كېيىن ئىشخانا قول سانائىتىدىن پار ۋە ماشىنا ئىشلىتىدىغان يىرىك سانا ـ

ئەتكە ئۆتۈش بۇ ئىككى سىنىپنى راۋاجلاندۇردى. مۇئەييەن باسقۇچتا، بۇرژۇئازىيە ئىشلەتكەن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى — ھەممىدىن ئاۋال ئىش تەقسىماتى ۋە نۇرغۇن ئايرىم-ئايرىم ئىشچىلارنىڭ بىر ئومۇمى خاراكتېرلىق قول سانائەت ئىشخانىسىدا بىرلەشتۈرۈلۈشى — ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىلىق راۋاج تاپقان ئالماشتۇرۇش شارائىتلىرى ۋە ئالماشتۇ-رۇش ئېھتىياجى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، تارىخىي مىراس شەكلىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇن تەرىپىدىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىرى بىلەن چىقىشالماي قالدى، يەنى فېوداللىق جەمىيەت تۈزۈمىدىكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىمتىيازلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن شەخسىي ئىمتىيازلار ھەممە يەرلىك ئىمتىيازلار بىلەن (بۇ ئىمتىيازلار ئىمتىيازسىز تەبىقە ئۈچۈن ئېيتقاندا كىشەن) چىقىشالماي قالدى. بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىك قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قوزغىلىپ فېوداللىق يەر ئىگىلىگۈچىلەر ۋە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇستىلار ۋەكىللىك قىلغان ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىرىگە قارشى چىقتى؛ نەتىجە ھەممىگە مەلۇم: فېوداللىق كىشەنلەر چېقىپ تاشلاندى، ئەنگلىيىدە پەيدىن-پەي چېقىپ تاشلاندى، فرانسىيىدە بىراقلا چېقىپ تاشلاندى، گېرمانىيىدە تېخى چېقىپ تاشلانغىنى يوق. لېكىن، ئىشخانا قول سانائىتى مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا فېوداللىق ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىرى بىلەن توقۇ-نۇشقىنىدەك، ھازىر يىرىك سانائەت فېوداللىق ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىرى بىلەن توقۇنۇشتى. بۇنداق تەرتىپ تەرىپىدىن، كاپىتالىستىك

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تار دائىرىسى تەرىپىدىن بوغۇلغان يېرىك سانائەت، بىر تەرەپتىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممىسىنى بارغانسېرى پرولېتارىياتلاشتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن، بازىرى كاسات مەھسۇلاتلارنى بارغانسېرى كۆپ ئىشلەپ چىقاردى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇشۇقچىلىغى ۋە ئاممىنىڭ نامراتلىغى، بۇلار بىر بىرىگە سەۋەپ ـ نەتىجە بولىدۇ، مانا بۇ يېرىك سانائەت پېتىپ قالغان بىمەنە زىددىيەت، بۇ زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كىشەندىن قۇتۇلدۇرۇشنى مۇقەررەر رەۋىشتە تەلەپ قىلىدۇ.

شۇڭا، ھازىرقى زامان تارىخىدا كەم بولغاندا شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، ھەرقانداق سىياسى كۈرەش سىنىپىي كۈرەش بولىدۇ، ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەرقانداق سىنىپىي كۈرەش، گەرچە ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا سىياسى شەكىلگە ئىگە بولغان بولسىمۇ (چۈنكى ھەرقانداق سىنىپىي كۈرەش سىياسى كۈرەش بولىدۇ)، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئازاتلىقنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ھېچ بولمىغاندا بۇ يەردە، دولەت، سىياسى تۈزۈم بېقىندا نەرسە، شەھەر ئاھالىسى جەمىيىتى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ساھەسى بولسا ھەل قىلغۇچ ئامىل. ئەنئەنىۋى نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا (بۇمۇ گېگېل ھورمەت قىلغان نۇقتىنەزەر)، دولەت ھەل قىلغۇچ ئامىل، شەھەر ئاھالىسى جەمىيىتى بولسا دولەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئامىل. تاشقى كورۇنۇش بۇنداق قاراشقا ئۇيغۇن. ئايرىم كىشىلەردىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى چوقۇم ئۇنىڭ كاللىسى ئارقىلىقلا، چوقۇم

ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ مۇددىئاسىغا ئايلانغاندىلا ئۇنى ھەركەتكە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئوخشاش، شەھەر ئاھالىسى جەمئىيىتىنىڭ بارلىق تەلەپلىرى (بۇ ۋاقىتتا قايسى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن قەتئىي نەزەر)مۇ چوقۇم دۆلەتنىڭ ئارزۇسى ئارقىلىقلا قانۇن شەكلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۈنۈم بېرەلەيدۇ. بۇ، مەسىلىنىڭ شەكىل تەرىپى، بۇ تەرىپى ئۆز-ئۆزىدىنلا مەلۇم؛ ئەمما شۇنداق سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، شەكىل جەھەتتىن-كىلا بۇ ئارزۇ (مەيلى ئايرىم ئادەمنىڭ بولسۇن ياكى دۆلەتنىڭ بولسۇن) نىمە مەزمۇنغا ئىگە؟ بۇ مەزمۇن نەدىن كەلگەن؟ نىمە ئۈچۈن كىشىلەر باشقىنى ئەمەس، دەل مۇشۇنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاپ تېپىشتا بىز شۇنى بايقايمىزكى، ھازىرقى زامان تارىخىدا، دۆلەتنىڭ ئارزۇسى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەھەر ئاھالىسى جەمئىيىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئېھتىياجى تەرىپىدىن، مەلۇم سىنىپنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورنى تەرىپىدىن، ئاخىرقى ھېساپتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

لېكىن، ھەتتا زور مىقداردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە قاتناش قوراللىرىغا ئىگە ھازىرقى زاماندىمۇ، دۆلەت مۇستەقىل تەرەققىياتقا ئىگە بىر مۇستەقىل ساھە بولمىغان، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئاخىرقى ھېساپتا، جەمئىيەت-نىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىدىن چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تېخى مۇنداق مول ياردەمچى ۋاستىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلمىغان، شۇ سەۋەپتىن بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش

زورۇرىيىتى مۇقەررەر سۈرەتتە ئىنتايىن زور دەرىجىدە كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان بۇرۇنقى ھەممە دەۋرلەردە ئوزسىز ئىنتايىن شۇنداق بولىدۇ. بۈگۈنكىدەك يىرىك سانائەت ۋە تومۇرىيول دەۋرىدە، دۆلەت، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى مەركەزلەشكەن شەكىلدىلا ئىپادىلىگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا، ھەر بىر ئەۋلات كىشىلەر ئۆمۈرلۈك ۋاقتىنى بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتىمىزدىنمۇ ئالاھىدە كۆپ سەرپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان، شۇ سەۋەپلىك مۇشۇنداق ماددىي ئېھتىياجغا ھازىرقى كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك تايىنىدىغان بۇرۇنقى دەۋردە، دۆلەت مۇقەررەر يوسۇندا ئىنتايىن شۇنداق بولىدۇ. ئىلگىرىكى ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش مۇشۇ جەھەتتە ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلغانلا بولسا، بۇ ئەڭ تولۇق دەلىللەپ بېرىلگەن بولاتتى؛ بىراق، سوزسىزكى، بۇ يەردە بۇنداق تەتقىقاتنى ئېلىپ بارالمايمىز.[11]

ئەگەر، دۆلەت ۋە دۆلەت قانۇنى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، شۇ نەرسە ئۆز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىككى، خۇسۇسىي قانۇنمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى خۇسۇسىي قانۇن ماھىيەتتە يەككە ئادەملەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، مۇئەييەن ئەھۋالدا نورمال بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىلا تەھقىقلەشتۈرىدۇ. لېكىن، بۇنداق تەھقىقلەشتۈرۈشنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەر كونا، فېئوداللىق ھوقۇق شەكىللىرىنىڭ زور بىر قىسمىنى ساقلاپ قېلىشى ھەمدە بۇنداق شەكىلگە بۇرژۇئاچە مەزمۇن بېرىشى، ھەتتا فېئوداللىق ناملارغا

بىۋاسىتە ھالدا بۇرژۇئاچە مەزمۇن قوشۇشى مۇمكىن، خۇددى ئەنگلىيىدە مىللەتنىڭ پۈتۈن تەرەققىياتىغا ماس ھالدا يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش؛ لېكىن كىشىلەر غەربىي ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكىگە ئوخشاش، شاگىپىن ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى دۇنياۋى قانۇنىنى، يەنى رىم قانۇنىنى ۋە ئۇنىڭ ئاددىي شاگىپىن ئىگىلىرىنىڭ بارلىق ماھىيەتلىك قانۇن مۇناسىۋەتلىرى (مەسىلەن، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى، ھەقدار بىلەن قەرزدار، شەرتنامە، قەرز ئىشلىرى قاتارلىقلار) ئۈستىدىكى چەكسىز ئېنىق بەلگىلىمىلىرىنى ئاساس قىلىشىمۇ مۇمكىن. كىشىلەر بۇنداق قىلغانلىرىدا يەنىلا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ياكى ئاددىي ھالدا ھۆكۈم چىقىرىشتەك ئەمەلىيەت ئارقىلىق بۇ قانۇننى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى (ئادەتتىكى قانۇن)، ياكى ئاتالمىش ئۇقۇمۇشلۇق، ئاغزىدىن ئەخلاق توغرىسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەت چۈشمەيدىغان قانۇنشۇناسلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۇنى مۇشۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پەۋقۇلئاددە فادىيەن قىلىپ ئۆزگەرتىشى مۇمكىن؛ بۇ فادىيەن بۇنداق ئەھۋالدا قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندىمۇ ياخشى فادىيەن ئەمەس (پرۇسسىيە دولەت قانۇنى)؛ لېكىن كىشىلەر بۇنداق قىلغىنىدا بۇرژۇئا بۈيۈك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئوخشاش بىر رىم قانۇنىنى ئاساس قىلىپ، بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ فرانسىيە ھەق تەلەپ فادىيەنىگە ئوخشاش تىپىك فادىيەننى يارىتىشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، ئەگەر ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مىزانى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىنى قانۇن شەكلى بىلەنلا ئىپادىلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا،

بۇنداق مىزان ئەھۋالنىڭ ئوخشاشماسلىغىغا قاراپ بۇ شارائىتلارنى بەزىدە ياخشى، بەزىدە ئەسكى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

دولەت كىشىلەرنى ئىدارە قىلىدىغان تۈنجى ئاڭ شەكتەيى كۈچى سۈپىتىدە بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. جەمىيەت ئىچكى ۋە تاشقى ھۇجۇملاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر ئورگان بەرپا قىلىپ ئۆزىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. بۇنداق ئورگان دولەت ھاكىمىيىتىدۇر. ئۇ دۇنياغا كېلىش بىلەنلا، جەمىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇستەقىل بولىدۇ، بەلكى مەلۇم بىر سىنىپنىڭ ئورگىنى بولۇپ قالغانسېرى، شۇ سىنىپنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى بىۋاستە ئەمەلگە ئاشۇرغانسېرى مۇستەقىل بولىدۇ. ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ھوكۇمران سىنىپلارغا قارشى كۈرىشى مۇقەررەر يوسۇندا سىياسى كۈرەشكە، ھەممىدىن ئاۋال شۇ سىنىپنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىغىغا قارشى كۈرەشكە ئايلىنىدۇ؛ بۇ سىياسى كۈرەشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن بولغان باغلىنىشى توغرىسىدىكى بىلىش كۈنسايىن تۇتۇقلىشىدۇ ھەمدە پۈتۈنلەي غايىپ بولۇپ كېتىدۇ. كۈرەشكە قاتناشقۇچىلاردا ئەھۋالنىڭ تامامەن ئۇنداق بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، بىراق تارىخشۇناسلاردا ھەممە ۋاقىت دىگۈدەك شۇنداق بولىدۇ. رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشكە دائىر قەدىمقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرىدا، بۇ كۈرەشنىڭ تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا نىمە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىغىنى، يەنى يەر ئىگىدارلىغى ھوقۇقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىغىنى بىزگە پەقەت ئاپپىانلا ئېنىق - روشەن ئېيتىپ بەردى.

لېكىن دولەت جەمىيەتكە نىسبەتەن مۇستەقىل كۈچ بولغان زامات يېڭى ئاڭ شەكتەيى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ شۇنداق دىگەن-

لىككى، كەسپىي سىياسەتچىلەردە، دۆلەت قانۇنى نەزەرىيىچىلە-
رىدە ۋە خۇسۇسى قانۇن قانۇنشۇناسلىرىدا ئىقتىسادىي پاكىت
بىلەن بولغان باغلىنىش پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى
ئىقتىسادىي پاكىت قانۇنىي جەھەتتە ئېتىراپ قىلىنىش ئۈچۈن
ھەر بىر ئايرىم سورۇنلاردا قانۇن مۇددىئاسى شەكلىنى ئېلىشى
لازىم بولىدۇ، بەلكى، بۇ يەردە، ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم ھالدا،
يۈرگۈزۈلۈۋاتقان پۈتكۈل قانۇن تىشىسىنى ھېساپقا ئېلىشقا توغرا
كېلىدۇ، شۇڭا ھازىر قانۇن شەكلى ھەممە بولىدۇ، ئىقتىسادىي
مەزمۇن بولسا ھېچنەرسە بولمايدۇ. دۆلەت قانۇنى بىلەن خۇسۇسى
قانۇن ئۆزىگە خاس مۇستەقىل تارىخىي تەرەققىياتقا ئىگە بولغان،
ئۆزىنى سىستېمىلىق تۈردە تەسۋىرلىسە بولىدىغان ھەمدە بۇ
تەسۋىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىچكى زىددىيەتلەرنى
ئۆزۈل - كېسىل تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان
ئىككى مۇستەقىل ساھە دەپ قارىلىدۇ.

تېخىمۇ يۇقۇرى بولغان، يەنى ماددى ئىقتىسادىي بازىستىن
تېخىمۇ يىراق چەتلىگەن ئاڭ شەكلىدىكى پەلسەپە ۋە دىن شەكلىنى
ئالىدۇ. بۇ يەردە، ئىدىيە بىلەن ئىدىيىنىڭ ماددى مەۋجۇدىيەت
شارائىتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش بارغانسېرى قالايمىقانلىشىدۇ،
بارغانسېرى بەزى ئارىلىقتىكى ھالقىلار تەرىپىدىن تۇتۇقلاشتۇرۇپ
قويۇلىدۇ. لېكىن بۇ باغلىنىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. 15 -
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت
گۈللىنىش دەۋرى، ماھىيەتتە، شەھەرنىڭ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە
شەھەر ئاھالىسى سىنىپىنىڭ مەھسۇلى، ئوخشاشلا، ئەنە شۇ ۋاقىت-
تىن باشلاپ يېڭىۋاشتىن ئويغانغان پەلسەپىمۇ شۇنداق. پەلسەپە-

نىڭ مەزمۇنى ماھىيەتتە ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق شەھەر ئاھالىسى
سىنىپى تەرەققى قىلىپ چوڭ بۇرژۇئازىيىگە ئايلانغان جەريان
بىلەن ماس كېلىدىغان ئىدىيىلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىپادىسىدىنلا
ئىبارەت. ئالدىنقى بىر ئەسىردىكى، كوپىنچە ھەم پەيلاسوپ ھەم
سىياسى ئىقتىساتشۇناس بولغان ئېنگلىزلاردا ۋە فرانسۇزلاردا بۇ
ھال ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن، كېيىن ئېقىمدا بۇ ھالنىڭ
قانداق ئىكەنلىگىنى بولسا يۇقۇرىدا چۈشەندۈرۈپ ئوتتۇق.

ئەمدى ماددى تۇرمۇشتىن ئەڭ يىراق بولغان، بەلكى ماددى
تۇرمۇش بىلەن ئەڭ ئالاقىسىزدەك تۇرغان دىن توغرىسىدا قىس-
قىچە توختىلىپ ئوتەيلى. دىن ئەڭ ئىپتىدائى دەۋرلەردە كىشىلەر-
نىڭ ئوز تەبىتى ۋە ئەتراپىدىكى تاشقى تەبىەت توغرىسىدىكى
خاتا، ئەڭ باشلانغۇچ چۈشەنچىلىرىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن،
ھەرقانداق ئاڭ شەكلى پەيدا بولۇش بىلەنلا، مەۋجۇت ئىدىيە
ماتىرىياللىرى بىلەن بىرلىشىپ راۋاجلىنىدۇ ھەمدە بۇ ماتىرىيال-
لارنى يەنىمۇ جىياگۈك قىلىدۇ؛ ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇ ئاڭ شەكلى
بولالمايدۇ، دىمەك ئۇ ئىدىيىنى مۇستەقىل راۋاجلىنىدىغان، ئوزى-
دىكى قانۇنىيەتكىلا بويسۇنىدىغان مۇستەقىل ماھىيەت قاتارىدا
بىرتەرەپ قىلمايدۇ. كالىلىسىدا مۇشۇ ئىدىيىۋى جەريان پەيدا
بولغان كىشىلەرنىڭ ماددى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا
مۇشۇ ئىدىيىۋى جەريانىنى بەلگىلەيدىغانلىغىدىن ئىبارەت بۇ
پاكىتنى بۇ كىشىلەر سوزسىز ئاڭقىرىۋالمىغان بولىدۇ، ئۇنداق
بولمىغاندا، پۈتۈن ئاڭ شەكلى ئاخىرلاشقان بولاتتى. شۇڭلاشقا،
تولىسى ھەر بىر قانداشلىق مۇناسىۋەتى بار مىللى گۇرۇھتا ئورتاق
بولغان بۇ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي چۈشەنچىلەر، بۇ گۇرۇھلار بولۇ-

نۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەر بىر مىللەتتە، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بويىچە ئۆزىگە خاس يوسۇندا تەرەققى قىلىۋېرىدۇ، ۋاھالەنكى بۇ جەريان بىرقاتار مىللىي گۇرۇھلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ئارىيانلار (ھىند ـ ياۋروپالىقلار دەپ ئاتالغانلار) ئۇچۇن ئېيتقاندا، سېلىشتۇرما ئەپسانىشۇناسلىق تەرىپىدىن تەپسىلىي دەلىللەنگەن. شۇنداق قىلىپ، ھەر بىر مىللەتتە شەكىللەنگەن خۇدا مىللىي خۇدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالىمى ئۆزىگە تەۋە مىللەتنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيتتى، بۇ چېگرىنىڭ تاشقىرىسىدا مۇقەررەر يوسۇندا باشقا خۇدالار ھوكۇمرانلىق قىلاتتى. بۇ مىللەتلەر مەۋجۇتلا بولسا، بۇ خۇدالارمۇ كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە داۋاملىق ياشاپ كەلگەن؛ بۇ مىللەتلەر ھالاك بولغاندا بۇ خۇدالارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ھالاك بولغان. رىم دۇنيا دىگوسى كونا مىللەتلەرنى ھالاك قىلغان (رىم دۇنيا دىگوسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىقتىسادىي شارائىتلارنى بۇ يەردە تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق)، شۇنىڭ بىلەن كونا مىللەتلەرنىڭ خۇدالىرىمۇ ھالاك بولغان، ھەتتا رىمدىكى پەقەت رىم شەھرىنىڭ كىچىك دائىرىسىگىلا ئۇيغۇن كېلىدىغان خۇدالىرىمۇ ھالاك بولغان؛ رىم ئۆز جايىدىكى خۇدادىن باشقا يەنە ئاز ـ تولا ھورمەتكە ئىگە يات مىللەتلەرنىڭ خۇدالىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش غەرىزىدە بولغان، بۇنداق غەرەز دۇنياۋى دىگونى بىر خىل دۇنياۋى دىن بىلەن تولۇقلاش ئېھتىياجىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن. لېكىن بىر خىل يېڭى دۇنياۋى دىننى مۇشۇ تەرىقىدە خانىنىڭ پەرمانىشى ئارقىلىق ياراتقىلى بولمايدۇ. يېڭى دۇنياۋى دىن، يەنى خىرىستىيان دىنى ئومۇملاشقان شەرق ئىلاھىيىتى، بولۇپمۇ

يەھۇدىلار ئىلاھىيىتى بىلەن چاكىنىلاشقان يونان پەلسەپىسى، بولۇپمۇ ستوئىكلار پەلسەپىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن سېزىلەر ـ سېزدا ـ مەسلا پەيدا بولغان ئىدى. بىز قايتىدىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغىنىمىزدىلا خرىستىيان دىنىنىڭ دەسلەپتە قانداق تەقلىتتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، چۈنكى ئۇنىڭ بۆگۈنكى كۈنگە قەدەر تارقىلىپ كەلگەن رەسمى شەكلى نىكېيە دىن يىغىنى ئۇنىڭ دولەت دىنى بولۇپ قېلىشىنى ھەمدە دولەت دىنى بولۇش مەقسىدىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى كوزلەپ ئۇنىڭغا بەخش ئەتكەن شەكلىدىنلا ئىبارەت.[28] خرىستىيان دىنىنىڭ 250 يىلدىن كېيىن دولەت دىنى بولۇپ قالغانلىقىدەك پاكىت ئۇنىڭ زامانىغا ماس كېلىدىغان دىن بولۇپ قالغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە، فېودالىق تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خرىستىيان دىنى ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان، مۇناسىپ ھالدىكى فېودالىق دىنىي مەرتىۋە ـ دەرىجە تۈزۈمىگە ئىگە دىن بولۇپ شەكىللەندى. شەھەر ئاھالىسى سىنىپى گۈللەنگەن چاغدا، پىروتېستانت بىدئەتلىرى ھەممىدىن ئاۋال فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالبىچىلار ئارىسىدا، ئۇ يەردىكى شەھەرلەر ئەڭ گۈللەنگەن دەۋردە فېودالىق كاتولىك دىنىغا قارشى تۇرۇش داۋامىدا تەرەققى قىلدى.[29] ئوتتۇرا ئەسىردە ئاڭ شەكىلىنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرى ـ پەلسەپە، سىياسى، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ھەرقانداق ئىجتىمائى ھەركەت ۋە سىياسى ھەركەت ئىلاھىيەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى؛ پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى

ئۇچۇن ئېيتقاندا، زور ھەركەت قوزغاش ئۇچۇن، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى. شەھەر ئاھالىسى سىنىپى ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپ ئۆزىگە مۇلۇكسىز، ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىرەر تەبىقىگە مەنسۇپ بولمىغان شەھەر ئاددى پۇخرالىرى، مەدىكارلار ۋە ھەر خىل خىزمەتكارلاردىن تەركىپ تاپقان بىر قوشۇمچە مەھسۇلاتنى، يەنى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى پۇرولېتارىياتىنىڭ تەكتىنى تەييارلاپ قويىدى، شۇنداقلا، دىن بىدئەتلىرىمۇ بۇرۇنلا ئىككى مەزھەپكە، يەنى شەھەر ئاھالىسى موتىدىللىرىگە ۋە ھەتتا يات دىندىكى شەھەر ئاھالىسىمۇ يىرگىنىدىغان ئاددى پۇخرا ئىنقىلاپچىلىرىغا بولۇندى.

پىروتېستانت بىدئەتلىرىنىڭ يوقالماسلىقى كۆللىنىۋاتقان شەھەر ئاھالىسى سىنىپىنىڭ غالىپلىقى بىلەن ماسلاشقان ئىدى؛ بۇ شەھەر ئاھالىسى سىنىپى تولۇق كۈچەيگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بۇرۇن ئاساسەن فېودال ئاقسوڭەكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان يەرلىك كۈرەشلىرى مىللىي دائىرە تۈسىنى ئېلىشقا باشلىدى. بىرىنچى قېتىملىق كەڭ كولەملىك ھەركەت گېرمانىيىدە بولدى، بۇ دىن ئىسلاھاتى دەپ ئاتالغان ھەركەت ئىدى. ئۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسى سىنىپى ھەم ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ھەم ئانچە تەرەققىي قىلالمىغان ئىدى، باشقا توپىلاڭچى تەبىقىلەرنى — شەھەر ئاددى پۇخرالىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاقسوڭەكلەر ۋە يېزىدىكى دىخانلارنى — ئۆز بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرالىغۇدەك ھالغا يەتمىگەن ئىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئاقسوڭەكلەر مەغلۇپ قىلىندى؛ دىخانلار قوزغىلاڭ كوتىرىپ، شۇ قېتىملىق پۈتكۈل ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ ئاخىرقى پەللىسىنى شەكىللەندۈردى؛ شەھەرلەر دىخانلارنى

تاشلاپ قويۇشتى، ئىنقىلاپ ھەرقايسى ئىشتات پادىشالىرىنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى، بۇ پادىشالار ئىنقىلاپنىڭ جىمى مېۋىلىرىنى ئۆز چونتىكىگە سېلىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، گېرمانىيە تارىخىدا مۇستەقىل ئارىلىشالايدىغان دولەتلەرنىڭ قاتارىدىن توپ ـ توغرا 3 ئەسىر غايىپ بولدى. لېكىن نېمىس ليۇتېردىن باشقا يەنە فرانسۇز كالۋىن پەيدا بولدى، ئۇ ھەقىقى فرانسۇزلارچە كەسكىنلىك بىلەن دىن ئىسلاھاتىنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دىنىي جەمىيەتنى جۇمھۇرىيەتلەشتۈردى ۋە دېموكراتىيىلەشتۈردى. ليۇتېرنىڭ دىن ئىسلاھاتى گېرمانىيىدە ئايىنىپ كەتكەن ھەمدە گېرمانىيىنى ھالاكەتكە باشلىغان چاغدا، كالۋىننىڭ دىن ئىسلاھاتى جەنۋە، گوللاندىيە ۋە شوتلاندىيە جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ بايرىقى بولۇپ قېلىپ، گوللاندىيىنى ئىسپانىيە ۋە گېرمان دىگوسىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى ھەمدە ئەنگلىيىدە بولغان بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئىككىنچى كورۇنۇشى ئۈچۈن ئاڭ شەكىلىي جەھەتتە تون ھازىرلىدى. بۇ يەردە، كالۋىن دىنى شۇ چاغلاردا بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىنىڭ ھەقىقىي دىنىي تونى ئىدى، شۇڭا، 1689 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەلەشىشى ئارقىسىدا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كالۋىن دىنىمۇ تولۇق ئېتىراپ قىلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.[30] ئەنگلىيە دولەت دىنىي جەمىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، لېكىن بۇرۇنقى شەكلىگە، يەنى پادىشا جياۋخۇاڭ بولىدىغان كاتولىك دىنى شەكلىگە كەلتۈرۈلمەستىن، كەسكىن تۈردە كالۋىن دىنى تۈسىگە كىرگۈزۈلدى. كونا دولەت دىنىي جەمىيىتى شات ـ خوراملىققا

چومۇلگەن كاتولىك دىنى يەكشەنبىسىنى تەبرىكلەپ، كوڭۇلسىز كالۋىنچىلار يەكشەنبىسگە قارشى تۇراتتى. يېڭى بۇرژۇئازلاشقان دولەت دىنىي جەمىيتى بولسا كېيىنكى يەكشەنبىنى قوللاندى، بۇ يەكشەنبە هازىرغىچە ئەنگلىيىنى بىزەپ تۇرماقتا.

فرانسىيىدە، كالۋىنچى ئاز سانلىقلار 1685 ـ يىلى باستۇرۇلۇپ، كاتولىك دىنىگە مەجبۇرى كىرگۇزۇلگەن ياكى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئىدى.31 لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى تەگسۇن؟ شۇ چاغلاردا ئەركىن مۇتەپەككۇر پىير بېيىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدى، 1694 ـ يىلى ۋولتېر تۇغۇلدى. لۇئى XIV نىڭ زورلۇق تەدبىرى فرانسىيە شەھەر ئاھالىسى سىنىپىغىلا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۇزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىغا تەرەققى قىلغان بۇرژۇئازىيە بىلەن بىردىن ـ بىر ماس كېلىدىغان، دىنسىز، ساپ سىياسى بولغان تۇس بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. گومىن يىغىنلىرىغا پىروتېستانت دىندىكىلەر ئەمەس، بەلكى ئەركىن مۇتەپەككۇرلار قاتناشتى. بۇنىڭدىن خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، خىرىستىيان دىنى هەرقانداق ئىلغار سىنىپنىڭ خاهىشىنىڭ ئاڭ شەكلى تونى بولالمايدىغان بولدى؛ ئۇ بارغانسېرى هوكۇمران سىنىپلارغىلا خاس نەرسە بولۇپ قالدى، هوكۇمران سىنىپلار ئۇنى توۋەن قاتلام سىنىپلىرىنى نوقتىلاپ قويىدىغان هوكۇمرانلىق ۋاستىسىلا قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار ئۇزىچە مۇۋاپىق دەپ قارىغان دىندىن پايدىلاندى: يەر ئىگىلىۋالغان يۇنكىرلار كاتولىك دىنىدىكى ئېيزۇئىتلاردىن ياكى پىروتېستانت دىنىدىكى ئەنئەنىچىلەردىن پايدى-

لاندى، ئەركىن ۋە رادىكال بۇرژۇئازلار بولسا ئەقلىيچىلەردىن پايدىلاندى، بۇ ئويسالارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىغا ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىكى بولسا تامامەن كارى چاغلىق ئىش بولۇپ قالدى.

دىمەك، كورۇپ ئوتتۇقكى، دىن شەكىللەنگەن هامان هەممىشە مەلۇم ئەنئەنىۋى ماتىرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، چۈنكى بارلىق ئاڭ شكتەيى ساھەسىدە ئەنئەنە بىر خىل غايەت زور مۇتەئەسسىپ كۈچ. لېكىن، بۇ ماتىرىياللار پەيدا قىلىدىغان ئۆزگىرىشنى كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى، يەنى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ يەردە مۇشۇنچىلىكلا توختالساق بولار.

يۇقۇرىدىكى بايانلار ماركسنىڭ تارىخ قارىشى ئۇستىدىكى ئومۇمىي مۇلاھىزىدىنلا ئىبارەت، كوپ دىگەندىمۇ بەزى ئىزاھلاردىنلا ئىبارەت. ئىسپاتنى تارىخنىڭ ئۆزىدىنلا ئالغىلى بولىدۇ؛ بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتالايمەنكى، باشقا ئەسەرلەردە بۇنداق ئىسپات ئىنتايىن تولۇق بېرىلدى. لېكىن خۇددى بىيەنجىڭلىق تەبىئەت قارىشى بارلىق تەبىئەت پەلسەپىسىنى ھاجەتسىز ۋە ئىمكانىيەتسىز قىلىپ قويغىنىدەك، بۇنداق تارىخ قارىشى تارىخ ساھەسىدىكى پەلسەپىنى ئاخىرلاشتۇردى. مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن، ئەمدىكى مەسىلە باغلىنىشنى مېڭىدە ئويلاپ چىقىرىش ئەمەس، بەلكى بۇنداق باغلىنىشنى پاكىتلاردىن تېپىپ چىقىش بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىدىن ۋە تارىختىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلگەن پەلسەپە ئۈچۈن ئەگەر يەنە بىرەر نەرسە قالغان بولسا، بۇ قالغان نەرسە ساپ ئىدىيە ساھەسى: تەپەككۇر جەريانىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى تەلىمات، يەنى

لوگىكا ۋە بيەنجېڭفادىن ئىبارەت.

*　　　　*　　　　*

1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ پارتلىشىغا ئەگىشىپ، "ئۇقۇمۇشلۇق" گېرمانىيە نەزىرىيەدىن ۋازكېچىپ، ئەمەلىيەت ساھەسىگە كوچتى. قول ئەمگىگىنى ئاساس قىلغان ئۇششاق قول سانائىتىنىڭ ۋە ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ ئورنىنى ھەقىقى يىرىك سانائەت ئالدى؛ گېرمانىيە قايتىدىن دۇنيا بازىرىدا پەيدا بولدى؛ يېڭى كىچىك گېرمان دېگۇسى[32]، ھېچبولمىغاندا، كىچىك ئىشتاتلارنىڭ گېجۇي قىلىۋېلىشى، فېئودالىق قالدۇقلار ۋە گۇەنلياۋ تۈزۈمى تۇپەيلىدىن مۇشۇ تەرەققىيات يولىدا پەيدا بولغان ئەڭ كورۇنەرلىك ئىللەتلەرنى يوقاتتى. لېكىن سىبيەننىڭ[1] پەيلاسوپلارنىڭ كىتاپخانىلىرىدىن چىقىپ بىلەت جياۋيىسوسىدا ئۆزىگە ساراي سېلىۋېلىشى ئارقىسىدا ئۇقۇمۇشلۇق گېرمانىيمۇ گېرمانىيىنىڭ ئەڭ چۈشكۈن سىياسى خورلۇق دەۋرىدە گېرمانىيىنىڭ شان ـ شەرىپى بولغان ئۇلۇق نەزەرىيىگە نىسبەتەن ھەۋىسىنى يوقىتىپ قويدى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىنىڭ ئەمەلىيەت جەھەتتە ئىشقا ئېشىش ـ ئاشالماسلىغىغا، ساقچىلىق تەرتىۋىگە خىلاپ كېلىش ـ كەلمەسلىگىگە قارىماي، ئوخشاشلا ساپ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان ھەۋەسنى يوقىتىپ قويدى. دەرۋەقە، گېرمانىيىنىڭ رەسمى تەبىي پەنى خۇسۇسەن مەخسۇس تەتقىقات ساھەسىدە يەنىلا دەۋر يۈكسەكلىگىنى ساقلاپ قالماقتا، لېكىن،

---

[1] قوش مەنىلىك سوز: «سىبيەن»نىڭ ئەسلىسى «Spekulation» بولۇپ، بۇنىڭ «ھايانكەشلىك» دېگەن مەنىسىمۇ بار. — تەرجىماندىن

خۇددى ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ئىلىم-پەن» ژۇرنىلى خالىسلىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئايرىم پاكىتلار ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور باغلىنىشلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە، بۇ باغلىنىشلارنى قانۇنىيەت قىلىپ يىغىنچاقلاش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر ھازىر ئىلگىرىكىدەك گېرمانىيىدىن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپرەك ئەنگلىيىدىن چىقىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى پەلسەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخ پەنى ساھەسىدە كونا، نەزەرىيە جەھەتتە ھېچنېمىدىن ھېيىقماسلىق روھى كىلاسسىك پەلسەپە بىلەن تەڭ پۈتۈنلەي غايىپ بولۇپ كەتتى؛ بۇنىڭ ئورنىنى كاللا ئىشلەتمەيدىغان كېلىشتۈرمىچىلىك، مەنسەپ ۋە دارامەت ئۈستىدە غەم يېيىش، تاكى كارامەت رەزىللىك بىلەن يۇقۇرىغا ئۆملەشكىچە بېرىپ يەتكەن ئىدىيىلەر ئالدى. بۇ پەننىڭ رەسمى ۋەكىللىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە مەۋجۇت دۆلەتنىڭ ئوپ-ئوچۇقلا تۇرغان مۇتەپەككۇرلىرىغا ئايلاندى، لېكىن بۇ بۇرژۇئازىيە ۋە مەۋجۇت دۆلەت ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا قارىمۇ-قارشى ئورۇندا تۇرغان دەۋردە شۇنداق بولدى.

نېمىسلارنىڭ نەزەرىيىگە ھەۋەس قىلىشى، ھازىر پەقەت ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدىلا سۇسلاشماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ يەردە ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە، ھېچقانداق مەنسەپ، مەنپەئەت غېمى يوق، يۇقۇرىدىن پانا تىلەيدىغان ئوي يوق. ئەكسىچە، پەن قانچىكى ھېچنېمىدىن ھېيىقمىسا ۋە خالىس بولسا، ئۇ ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئارزۇسىغا شۇنچە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمگەكنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن پۈتۈن جەمىيەت تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچ-

قۇچىنى تاپقان يېڭى مەزھەپ دەسلىۋىدىلا ئاساسەن ئىشچىلار
سىنىپىغا يۈزلەندى ھەمدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خەيرىخاھلىقىغا
ئېرىشتى، ئۇ بۇنداق خەيرىخاھلىقنى ھوكۇمەت تەرەپ پەنلىرىدىن
ئىزلىمىگەن ھەم كۈتمىگەن ئىدى. گېرمانىيىدىكى ئىشچىلار ھەر-
كىتى — گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ۋارىسى.

# ماركس

## فېيېرباخ توغرىسىدا تىگاڭ[33]

### 1

بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ۋېيۋۇجۇيى — جۈملىدىن فېيېرباخ ۋېيۋۇجۇيىسى — نىڭ ئاساسىي كەمچىلىكى شەيئى، رېئاللىق، ھېسسىيلىقلارنى **ئادەمنىڭ ھېسسىي پائالىيىتى، ئەمەلىيەت** تەرىزىدە چۈشەنمەستىن، جۇگۇەن جەھەتتىن چۈشەنمەستىن، پەقەت **كېتى** ياكى **بىۋاستە كۆزىتىش** شەكلىدىن چۈشىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭا نەتىجە شۇ بولدىكى، ۋېيۋۇجۇيىنىڭ ئەكسىچە، ۋېيشىنجۇيى **پائالىيەتچانلىق** تەرەپلەرنى راۋاجلاندۇردى، بىراق ئابستراكت ھالدىلا راۋاجلاندۇردى، چۈنكى ۋېيشىنجۇيى ھەقىقى رېئال، ھېسسىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزىنى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. فېيېرباخ ئىدېيىۋى كېتىغا ھەقىقەتەن ئوخشىمايدىغان ھېسسىي كېتىنى تەتقىق قىلماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەم پائالىيىتىنىڭ ئۆزىنى **كېگۇەن** [*gegenständliche*] پائالىيەت دەپ چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ «خىرىستىيان دىنىنىڭ ماھىيىتى» دېگەن كىتاۋىدا يالغۇز نەزىرىيىۋى پائالىيەتنىلا ئادەمنىڭ ھەقىقى پائالىيىتى دەپ قارايدۇ،

ئەمەلىيەتنى بولسا بۇنىڭ ئىپلاس، يەھۇدىيلار پائالىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىنلا چۈشىنىدۇ ۋە تەھقىقلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇ "ئىنقىلاۋىي"، "ئەمەلىي پىپەنلىك" پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ.

## 2

ئادەمنىڭ تەپەككۇرى كېگۈەن ھەقىقەتلىككە ئىگىمۇ، يوقمۇ دىگەن مەسىلە نەزىرىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى **ئەمەلىيەت** مەسىلىسى. ئادەم ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى، يەنى ئۆز تەپەككۇرىنىڭ رىياللىغى ۋە كۈچىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆز تەپەككۇرىنىڭ بۇ دۇنيالىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپاتلىشى لازىم. تەپەككۇرنىڭ رىياللىقى ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئەمەلىيەتتىن چەتلىگەن ھالدا مۇنازىرە قىلىش — ساپ **مەدرىس پەلسەپىسىچە** مەسىلە.

## 3

ئادەم — مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ مەھسۇلى، دەپ ھېساپلايدىغان ۋە مۇشۇ سەۋەپتىن، ئۆزگەرگەن ئادەم — باشقا بىر خىل مۇھىت ۋە ئۆزگەرگەن تەربىيىنىڭ مەھسۇلى، دەپ ھېساپلايدىغان بىر ۋېيۋۇجۇيلىق تەلىمات بار، — بۇنداق تەلىمات مۇھىتنى دەل ئادەم ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، تەربىيە بەرگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ چوقۇم تەربىيە ئالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. شۇ سەۋەپتىن، بۇنداق

تەلىمات مۇقەررەر سۇرەتتە جەمىيەتنى ئىككى قىسىمغا بولىدۇ، بۇنىڭ بىرى جەمىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ (مەسىلەن، روبېرت ئوۋېندا شۇنداق).

موھىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئادەم پائالىيىتىنىڭ بىردەكلىكى پەقەتلا **ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەت** دەپ قارىلىشى ھەمدە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا شۇنداق دەپ چۈشىنىلىشى مۇمكىن.

**4**

فېيېرباخ دىنىدىكى ئۆز ئۆزىنى ياتلاشتۇرۇشىنى، دۇنيانىڭ ئىككى ياقلىملاشتۇرۇلۇپ دىن ۋە تەسەۋۋۇر دۇنياسى بىلەن رىيال دۇنياغا بولۇنگەنلىگىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ دىن دۇنياسىنى مۇشۇ دۇنيانىڭ دەھرىلىك ئاساسىغا يىغىنچاقلاشقا تىرىشىدۇ. فېيېرباخ بۇ ئىش ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسي ئىشنىڭ تېخى قىلىنمىغانلىغىغا دىققەت قىلمايدۇ. چۈنكى دەھرىلىك ئاساس ئۆزىنى ئۆزىدىن ئايرىۋېتىدۇ ھەمدە ئۆزىنى يەتتە قات ئاسمانغا كىرگۈزۈپ، بىر مۇستەقىل كىنەزلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇ پاكىتنى بۇ دەھرىلىك ئاساسنىڭ ئۆز ئۆزىدىن بولۇنۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆزىگە زىت كېلىشى ئارقىلىقلا چۈشەندۇرۇش مۇمكىن. دىمەك، دەھرىلىك ئاساسنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن ئاۋال ئۇنىڭدىكى زىددىيەتتىن چۈشىنىش لازىم، ئاندىن كېيىن بۇ زىددىيەتنى تۈگىتىش يولى بىلەن ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىنقىلاۋىيلاشتۇرۇش لازىم. دىمەك، مەسىلەن، مۇقەددەس ئائىلىنىڭ سىرى دەھرىلىك ئائىلىدىن تېپىلغاندىن كېيىن، دەھرىلىك ئائىلىنىڭ

ئۆزى نەزىرىيە جەھەتتە پىپەن قىلىنىشى ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىنقىلاۋىي تەرزدە ئۆزگەرتىلىشى لازىم.

## 5

فېيېرباخ ئابستراكت تەپەككۇرغا قانائەت قىلماي ھېسسى بىۋاستە كۆزىتىشكە مۇراجەئەت قىلىدۇ؛ لېكىن ئۇ ھېسسىلىقنى ئەمەلىي پائالىيەت، ئىنسانلارنىڭ ھېسسى پائالىيىتى دەپ قارىمايدۇ.

## 6

فېيېرباخ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئادەمنىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت قىلىپ قويىدۇ. لېكىن، ئادەمنىڭ ماھىيىتى يەككە ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان ئابستراكت نەرسە ئەمەس. ئۆزىنىڭ رىياللىقى جەھەتتىن، ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

فېيېرباخ بۇنداق رىياللىقنىڭ ماھىيىتىنى پىپەن قىلمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ:

(1) تارىخىي تەرەققىياتنىڭ بېرىشىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، دىنىي ھېسسىياتنى يەككە كۆزىتىشكە ھەمدە بىر ئابستراكت — يەككە — ئىنسانىيەت يەككىلىكىنى پەرەز قىلىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ؛

(2) شۇڭلاشقا، ئۇ ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى "تۈر" دەپلا چۈشىنىدۇ، ئىچكى، تاۋۇشسىز، نۇرغۇن شەخسنى ساپ تەبىي ھالدا

باغلايدىغان بىر ئورتاقلىق دەپلا چۈشىنىدۇ.

## 7

شۇڭلاشقا، فېيېرباخ «دىنىي ھېسسىيات»نىڭ ئۆزىنىڭ جەمەيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۇ تەھلىل قىلغان ئابستراكت شەخسنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن ئىجتىمائىي شەكىلگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بايقىمايدۇ.

## 8

ئىجتىمائىي تۇرمۇش ماھىيەت جەھەتتە **ئەمەلىي** تۇرمۇش. نەزەرىيىنى سىرلىقلاشتۇرۇش مەسلىكى تەرەپكە باشلاپ كېتىدىغان سىرلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا ۋە بۇ ئەمەلىيەتنى چۈشىنىش جەريانىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق يوسۇندا ھەل قىلىنىدۇ.

## 9

**بىۋاستە كۆزىتىدىغان** ۋېيېۋۇجۇيى، يەنى ھېسسىلىقنى ئەمەلىيەت پائالىيىتى دەپ چۈشەنمەيدىغان ۋېيېۋۇجۇيى، كوپ بولغاندىمۇ، پەقەت "شەھەر ئاھالىسى جەمئىيىتى"دىكى يەككە ئادەملەرنىلا بىۋاستە كۆزىتەلەيدۇ.

## 10

كونا ۋېيۇۋجۇيىنىڭ ئاساسى ــ "**شەھەر ئاھالىسى**" جەمئىيىتى؛ يېڭى ۋېيۇۋجۇيىنىڭ ئاساسى بولسا **ئىنسانىيەت** جەمئىيىتى، ياكى جەمئىيەتلەشكەن ئىنسانىيەت.

## 11

پەيلاسوپلار دۇنيانى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەنلا **چۈشەندۈرۈپ** كەلدى، لېكىن گەپ دۇنيانى **ئۆزگەرتىشتە**.

1845-يىلى ئەتىيازدا يېزىلغان
1888-يىلى ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ليۇدۋىگ
فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسە-
پىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن كىتاۋىنىڭ
كىتاپچىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىپ
تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان

# ئىزاھلار

1 ئېنگېلسنىڭ «لیۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دىگەن ئەسىرى ماركسىزملىق ئاساسىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئەسەردە ماركسىزمنىڭ ئۆزىنىڭ پەلسەپىدىكى پېشۋالىرى — گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى گېگېل ۋە فېيېرباخلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېچىپ بېرىلگەن ھەمدە بىيەنجىلىك ۋېيۇۋجۇيىلىق ۋە تارىخىي ۋېيۇۋجۇيىلىق قائىدىلەر سىستېمىلىق تۈردە بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر دەسلەپتە گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نەزىرىيە ژۇرنىلى «يېڭى دەۋر»دە بېسىلغان، كېيىن كىتابچە قىلىپ چىقىرىلغان، ئېنگېلس كىتابچە ئۈچۈن مەخسۇس سۆز بېشى يازغان. 1894-يىلى، پارىژدا چىقىدىغان «يېڭى ئېرا» ژۇرنىلىنىڭ 4-ۋە 5-سانلىرىدا لاۋرا لافارگ تەرجىمە قىلغان ۋە ئېنگېلسنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن نۇسخىسى بېسىلغان.

«يېڭى ئېرا» (*«L'Ère nouvelle»*) فرانسىيىدە چىقىدىغان سوتسىيالىستىك ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، 1893 — 1894-يىللىرى پارىژدا نەشر قىلىنغان. — 1-بەت.

2 ك. ن. ستارك. «لیۇدۋىگ فېيېرباخ»، 1885-يىل شتۇتگارت نەشرى (C.N.Starcke. «Ludwig Feuerbach». Stuttgart, 1885). — 6-بەت.

3 ئېنگېلس ھايىنىنىڭ گېرمانىيە پەلسەپە ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ، بۇ سۆزلەر ھايىنىنىڭ «گېرمانىيىدە دىن ۋە پەلسەپىنىڭ تارىخى ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىدە يېزىلغان. بۇ ئەسەر 1834-يىلى ئېلان قىلىنغان، ئۇ گېرمانىيىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۈستىدىكى پىكىرلەر (بىر قىسمى 1833-يىلى ئېلان

قىلىنغان)نىڭ داۋامى. ھايىنىنىڭ بۇ سۆزلىرىدە شۇ ۋاقىتتا گېگېل پەلسەپىسى تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان گېرمانىيە پەلسەپە ئىنقىلاۋى — گېرمانىيىدە پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ مۇقەددىمىسى، دېگەن ئىدىيە ئىزچىللاشتۇرۇلغان. — 8-بەت.

4 ئېنگېلس بۇ يەردە گېگېلنىڭ «قانۇن پەلسەپىسى قائىدىلىرى»گە يازغان سۆز بېشى («Grundlinien der Philosophie des Rechts». Vorrede) دىكى سۆزنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ 1-نەشرى 1821-يىلى بېرلىندا چىققان. — 9-بەت.

5 گ. ۋ. ف. گېگېل. «پەلسەپە قامۇسىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى. 1-قىسىم. لوگىكا»، 147-بولۇمگە؛ 142-بولۇمنىڭ قوشۇمچە ئىزاھىغا قارالسۇن (G. W. F. Hegel. «Encyclopädie der Philosophischen Wissenschaften im Grundrisse. Erster Teil. Die Logik», § 147; §142, Zusatz). بۇ كىتاپنىڭ 1-نەشرى 1817-يىلى ھېيدېلبېرگدا چىققان. — 9-بەت.

6 گ.ۋ.ف.گېگېل. «لوگىكا ئىلمى»، 1812—1816-يىللار نيۇرنبېرگ نەشرى (G.W.F. Hegel. «Wissenschaft der Logik». Nürnberg, 1812—1816). بۇ ئەسەر ئۈچ كىتاپقا بولۇنىدۇ: (1) كېگۇەن لوگىكا، مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسى (1812-يىلى نەشر قىلىنغان)؛ (2) كېگۇەن لوگىكا، ماھىيەت نەزەرىيىسى (1813-يىلى نەشر قىلىنغان)؛ (3) جۇگۇەن لوگىكا ياكى ئۇقۇم نەزەرىيىسى (1816-يىلى نەشر قىلىنغان). — 14-بەت.

7 «گېرمانىيە يىلنامىسى» (*«Deutsche Jahrbücher»*) ياش گېگېلچىلارنىڭ ئەدەبىي، پەلسەپىۋى ژورنىلى «گېرمانىيە پەن ۋە سەنئەت يىلنامىسى»نىڭ (*«Deutsche Jahrbücher für Wissenschaft und Kunst»*) قىسقارتىلمىسى. بۇ ژورنال لېيپسىگدا كۈنلۈك گېزىت شەكلىدە چىقىرىلغان. 1841-يىل 7-ئايدىن 1843-يىل 1-ئايغىچە ژورنال يۇقۇرقى نام بىلەن چىقىرىلغان؛ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى (1838—1841-

يىللىرى) «گېرمانىيە پەن ۋە سەنئەت هاللې يىلنامىسى» («Hallische Jahrbücher für deutsche Wissenschaft und Kunst») دېگەن نام بىلەن چىقىرىلغان؛ 1841-يىل 6-ئايغىچە ژورنالغا ئا. رۇگې بىلەن ت. ئېستېرمېيېر هاللېدا تەھرىرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغان، 1841-يىل 7-ئايدىن باشلاپ ئا. رۇگې درېسدېندا تەھرىرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغان. «هاللې يىلنامىسى» پرۇسسىيە چېگرىسى ئىچىدە چىقىرىلىشتىن توختىتىلىش تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تەھرىر بولۇم پرۇسسىيىنىڭ هاللې شەھرىدىن ساكسونىيىگە كۆچۈرۈلگەن ھەمدە ژورنالنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەن. ئەمما، يېڭى نام ئىشلىتىلگەندىن كېيىنمۇ ژورنالنىڭ چىقىشى ئۇزاق داۋام قىلالمىغان. 1843-يىل 1-ئايدا بۇ ژورنال ساكسونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن ھەمدە لېيەنباڭ يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەقىپ قىلىنغان. — 20-بەت.

8 «رېين سىياسىي، سودا ۋە سانائەت گېزىتى» («Rheinische Zeitung für Politik, Handel und Gewerbe») 1842-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 1843-يىل 3-ئاينىڭ 31-كۈنىگىچە كېلىندا چىقىرىلغان كۈندىلىك گېزىت. بۇ گېزىتنى رېين ئۆلكىسىدىكى پرۇسسىيە مۇستەبىت ھاكىمىيەت تىجىزىسىغا قارشى بولغان بەزىبىر بۇرژۇئا موتىۋەرلىرى تەسىس قىلغان. بۇ گېزىت بىرنەچچە ياش گېگېلچىنى ماقالا يېزىشقا جەلپ قىلغان. 1842-يىل 4-ئايدىن باشلاپ ماركس بۇ گېزىتكە ماقالا يازغان، شۇ يىلى 10-ئايدىن باشلاپ بۇ گېزىتنىڭ تەھرىرلىرىدىن بىرى بولغان. «رېين گېزىتى»دە ئېنگېلسنىڭمۇ نۇرغۇن ماقالىسى بېسىلغان. ماركس تەھرىر بولغان ۋاقىتلاردا، بۇ گېزىت كۈندىن-كۈنگە روشەن ئىنقىلابىي دېموكراتىزم خاراكتېرىنى ئالغان. ھۆكۈمەت «رېين گېزىتى» ئۈستىدە ئالاھىدە قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، كېيىنچە ئۇنى تاقىۋەتكەن. — 20-بەت.

9 د. ф. ستراۋس. «ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى»، 1835 — 1836-يىللاردىكى تۇبىنگېن نەشرى، 1 — 2-توملار

(D. F. Strauß.‹Das Leben Jesu›. Bd. 1—2, Tübingen, 1835—1836).
— 21-بەت.

10 م. شتىرنېرنىڭ «بىردىن-بىرچى ۋە ئۇنىڭ مۈلكى» دېگەن ئەسىرى كوزدە تۇتۇلدۇ، 1845-يىل لېيپسىگ نەشرى (M. Stirner. ‹Der Einzige und sein Eigenthum›. Leipzig, 1845).
— 22-بەت.

11 L. Feuerbach. ‹Das Wesen des Christenthums›. Leipzig, 1841.
— 22-بەت.

12 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى، ئېھتىمال، ئې. ف. ئىم تۇرنىنىڭ «گۋىانادىكى ھىندىئانلار ئارىسىدا» دېگەن ئەسىرى بولسا كېرەك، 1883-يىلى لوندون نەشرى، 344 — 346-بەتلەر (E. F. im Thurn. ‹Among the Indians of Guiana›. London, 1883, P. 344—346).
— 25-بەت.

13 1846-يىلى گېرمانىيە تيەنزۇبىنشۇناسى ئىيوخان گاللېي تاپقان نېپتۇن يۇلتۇزى كوزدە تۇتۇلدۇ. — 30-بەت.

14 ئېنگېلس بۇ يەردە فېيېرباخنىڭ نەسەھەتلىرىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ نەقىل ستاركىنىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1885-يىلى شتۇتگارت نەشرى، 166-بېتىدە ئىشلىتىلگەن. نەقىل ك. گرۈننىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخنىڭ خەت-چەكلىرى، ئەدەبىي مىراسلىرى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا بايان» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1874-يىل لېيپسىگ ۋە ھېيدېلبېرگ نەشرى، 2-توم، 308-بېتىدىن ئېلىنغان (K. Grün. ‹Ludwig Feuerbach in seinem Briefwechsel und Nachlass sowie in seiner Philosophischen Charakterentwicklung›. Bd. II, Leipzig und Heidelberg, 1874, S. 308).
— 33-بەت.

15 گ. ۋ. ف. گېگېل. «روھىي ھادىسەشۇناسلىق» (G. W. F. Hegel. ‹Phänomenologie des Geistes›). بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى نەشرى 1807-يىلى بامبېرگ ۋە ۋيۇرسبۇرگدا چىققان. — 41-بەت.

16 زىرەنشىنلۇنچىلار — بىر خىل دىنىي پەلسەپە تەلىماتىنىڭ ھىمايىچىلىرى. بۇنداق تەلىمات خۇدا ئادەمچە بولمىغان، ئەقلىي بولغان دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى، لېكىن خۇدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلاشمايدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. فېودال دىنىي جەمىيەتچە دۇنياقاراش ھوكۇمرانلىق قىلغان شارائىتتا، زىرەنشىنلۇن كوپىنچە ئەقلىيچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىيەت دۇنياقارىشىنى پىپەن قىلىدۇ، راھىپلارنىڭ تەييارتاپلىق تۇرمۇشىنى ۋە ساختىپەزلىك ھەركەتلىرىنى پاش قىلىدۇ. — 42 ـ بەت.

17 بۇ نەقىل فېيېرباخنىڭ «پەلسەپە قائىدىلىرى. ئۆزگىرىشنىڭ مۇقەررەرلىكى» (‹Grundsätze der Philosophie.Nothwendigkeit einer Veränderung›) دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان، ك. گرۈننىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن، 1874 ـ يىلى لېيپسىگ ۋە ھېيدېلبېرگ نەشرى، 1 ـ توم، 407 ـ بەت. — 44 ـ بەت.

18 بۇ نەقىل فېيېرباخنىڭ «بەدەن ۋە جان، تەن ۋە روھ توغرىسىدىكى ئىككى ۋەھلۇنغا رەددىيە» (‹Wider den Dualismus von Leib und Seele, Fleisch und Geist›) دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان، «فېيېرباخ ئەسەرلىرى»، 1846 ـ يىلى لېيپسىگ نەشرى، 2 ـ توم، 363 ـ بەتكە قاراڭ (‹Ludwig Feuerbach's sämmtliche Werke›. Bd. II. Leipzig, 1846, S. 363). — 50 ـ بەت.

19 بۇ نەقىل ستاركىنىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1885 ـ يىلى شتۇتگارت نەشرى، 254 ـ بېتىدە ئىشلىتىلگەن. نەقىل فېيېرباخنىڭ «نامراتلىقنىڭ بارلىق قانۇنلارنى تىزگىنلىشى ۋە بىكار قىلىشى» (‹Noth meistert alle Gesetze und hebt sie auf›) دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان، ك. گرۈننىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن، 1874 ـ يىلى لېيپسىگ ۋە ھېيدېلبېرگ نەشرى، 2 ـ توم،

285 — 286 ـ بەتلەر. — 50 ـ بەت.

20 بۇ نەقىل ستاركنىڭ «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ» دىگەن ئەسىرىنىڭ 1885 ـ يىلى شتۇتگارت نەشرى، 280 ـ بېتىدە ئىشلىتىلگەن. نەقىل فېيېرباخنىڭ «پەلسەپە قائىدىلىرى. ئۆزگىرىشنىڭ مۇقەررەرلىگى» دىگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان، ك. گرۇنىنىڭ «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ» دىگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن، 1874 ـ يىل لېيپسىگ ۋە ھېيدېلبېرگ نەشرى، 1 ـ توم، 409 ـ بەت. — 50 ـ بەت.

21 ك. ن. ستارك. «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ»، 1885 ـ يىل شتۇتگارت نەشرى، 280 ـ بەت. — 51 ـ بەت.

22 ئېنگېلس بۇ يەردە گېگېلنىڭ ئاساسەن تۇۋەندىكى ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ: «قانۇن پەلسەپىسى قائىدىلىرى»، 18 ـ، 139 ـ بولۇم ۋە «دىن پەلسەپىسى ھەققىدە لېكسىيىلەر»، 3 ـ قىسىم، 2 ـ پارچە، 3 ـ باپ («Vorlesungen über die Philosophie der Religion». Dritter Theil, II, 3). كېيىنكى ئەسەرنىڭ بىرىنچى نەشرى 1832 ـ يىلى بېرلىندا چىقىرىلغان. — 51 ـ بەت.

23 ل. فېيېرباخنىڭ «پەلسەپە سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىن پارچىلار» («Fragmente zur Charakteristik meinse Philosophischen Curriculum vitaə»). دىگەن ئەسىرىگە قارالسۇن، «فېيېرباخ ئەسەرلىرى» 1846 ـ يىل لېيپسىگ نەشرى، 2 ـ توم، 411 ـ بەتكە بېسىلغان. — 52 ـ بەت.

24 پرۇسسىيە ئارمىيىسى سادوۋا جەنىيسىدە (1866 ـ يىلىدىكى ئاۋسترىيە ـ پرۇسسىيە ئۇرۇشىدا) غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى مۇھاكىمىلىرىدە تارقالغان سوز بولۇپ، پرۇسسىيىنىڭ غەلىبىسى پرۇسسىيە خەلق مائارىپى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىگىدىن بولغان، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ سوز ئەسلىدە «چەتئەل» ژورنىلىنىڭ تەھرىرى ئا. فىشېردىن كەلگەن، ئۇ مۇشۇ ژورنالنىڭ 1866 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى 29 ـ سانىدا بېسىلغان «يېقىندىن بۇيانقى ئۇرۇش تارىخى-

نىڭ ساۋاقلىرى» («Die Lehren der jüngsten Kriegsgeschichte»)
دېگەن ماقالىدا بۇ سوزنى ئىشلەتكەن. — 55 ـ بەت.

25 د. ف. ستراۋسنىڭ «خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان پەنى بىلەن بولغان كۆرىشى» دېگەن ئەسىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ، 1840 — 1841 ـ يىللىرى تۇبىنگېن ۋە شتۇتگارت نەشرى، 1 — 2 ـ توملار («Die christliche Glaubenslehre in ihrer geschichtlichen Entwicklung und im Kampfe mit der modernen Wissenschaft». Bd. I—II, Tübingen—stuttgart, 1840 — 1841); بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ قىسمى ئاساسىي مەزمۇنىغا ئاساسەن «خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنىڭ ماددى مەزمۇنى (ئەقىدىچىلىك)» («Der materiale Inbegriff der christlichen Glaubenslehre (*Dogmatik*)») دەپ ئاتالغان. — 58 ـ بەت.

26 ئېنگېلس ي. دېتسگېننىڭ «ئادەم مېڭىسى پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى. بىر قول ھۈنەرۋەننىڭ تەسۋىرلىرى. ساپ ۋە ئەمەلىي ئەقىل ئۈستىدە يەنە پىپەن» دېگەن ئەسىرىنى كوزدە تۇتىدۇ، 1869 ـ يىل ھامبۇرگ نەشرى («Das Wessen der menschlichen Kopfarbeit. Dargestellt von einem Handarbeiter. Eine abermalige Kritik der reinen und praktischen vernunft». Hamburg, 1869). — 63 ـ بەت.

27 گ. ۋ. ف. گېگېل. «تارىخ پەلسەپىسى ھەققىدە لېكسىيىلەر»، 2 ـ قىسىم، 2 ـ پارچىغا قارالسۇن (G. W. F. Hegel. «Vorlesungen über die Philosophie der Geschichte». Zweiter Theil, zweiter Abschnitt). بۇ كىتاپنىڭ 1 ـ نەشرى 1837 ـ يىلى بېرلىندا چىقىرىلغان. — 73 ـ بەت.

28 نىكېيە دىن يىغىنى — رىم دېگوسى خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نوۋەتلىك دۇنياۋى جۇجياۋلار يىغىنى دەپ ئاتالغان يىغىنى. بۇ يىغىنىي 325 ـ يىلى رىم پادىشاسى كونستانتىن I كىچىك ئاسىيانىڭ نىكېيە شەھرىدە چاقىرغان. يىغىندا بارلىق خىرىستوسلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەقىدىلەر (ئەنئەنىچى خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى ئەقىد-

لىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى) ماقۇللانغان، بۇ ئەقىدىلەرنى ئېتىراپ قىلمىغانلارغا ۋەتەن ئاسىلىرى دەپ چارە كۆرۈلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. — 86 ـ بەت.

29 ئالبىچىلار بىر دىنىي مەزھەپ بولۇپ، 12 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىر-گىچە فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى شەھەر-لەردە كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق پەيدا بولغان يېرى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالبى شەھرى. ئالبىچىلار كاتولىك دىنىنىڭ ھەشەمەتلىك مۇراسىملىرىغا ۋە مەرتىۋە ـ دەرىجە تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇ شەھەر سودا ئاھالىسى ۋە قول سانائەت ئاھالىسىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئېتىرازلىرىنى دىنىي شەكىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئالبىچىلار قاتارىغا قوشۇلغان، ئۇلار دىنىي جەمىيەتنى يەرلىرىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولغان. 1209 ـ يىلى جىاۋخۇاڭ ئىننوسېن III ئەھلى سەلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئالبىچىلارغا قارشى جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارغان. 20 يىللىق ئۇرۇش ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇشلار ئارقىسىدا ئالبىچىلار ھەركىتى ئاخىر مەغلۇپ بولغان. — 86 ـ بەت.

30 1688 ـ يىلى ئەنگلىيىدە بولغان سىياسى ئۆزگىرىش كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قېتىمقى سىياسى ئۆزگىرىش ئارقىسىدا، ئەنگلىيىدە ستيۇئارت سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، يەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇرەسسەلىشىشى ئاساسىدىكى، ئورانىچلىق ۋىلگېلم (1689 ـ يىلدىن تارتىپ) باشچىلىقىدىكى پادىشالىق ـ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنىتىلغان ئىدى. — 88 ـ بەت.

31 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن تارتىپ ھۇگېنولار (كالۋىنچى پىروتېستانتلار)غا قارىتىلغان سىياسى زىيانكەشلىك ۋە دىنىي زىيانكەش-لىك كۈچەيگەنلىكى سەۋەبىدىن لۇئى XIV 1598 ـ يىلى جاكالانغان نانت پەرمانىنى 1685 ـ يىلى بىكار قىلغان. بۇ پەرمان ھۇگېنوچىلارغا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە خۇداغا ھۆرمەت قىلىش ئەركىنلىكىنى بەرگەن؛

نانت پەرمانىنىڭ بىكار قىلىنىشى ئارقىسىدا نەچچە يۈز مىڭلىغان ھۇگېنوچىلار فرانسىيىدىن باشقا مەملىكەتلەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. — 89 ـ بەت.

32 1871 ـ يىل 1 ـ ئايدا پرۇسسىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان، ئاۋستىرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان گېرمانىيە دېگۇسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 91 ـ بەت.

33 «فېيېرباخ توغرىسىدا تىكالڭ»نى ماركس 1845 ـ يىلى ئەتىيازدا بىريۇسسېلدا ئۆزىنىڭ 1844 — 1847 ـ يىللاردىكى خاتىرە دەپتىرىگە يازغان. 1888 ـ يىلى، ئېنگېلس بۇ تىكالڭنى «لیۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن كىتاۋىنىڭ كىتاپچىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىپ تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان ھەمدە يېزىلغان ۋاقتى بىلەن جايىنى كۆرسەتكەن.

«فېيېرباخ توغرىسىدا تىكالڭ» دېگەن بۇ تېمىنى «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» رۇسچە 2 ـ نەشرىنى تۈزگۈچىلەر ئېنگېلسنىڭ «لیۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن ئەسەرگە يازغان سۆز بېشىغا ئاساسەن قويغان. بۇ كىتاپنىڭ قوشۇمچىسىدە بۇ تىكالڭنىڭ تېمىسى: «ماركس فېيېرباخ توغرىسىدا»؛ ماركسنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكى تېمىسى «فېيېرباخ توغرىسىدا».

كىتاپخانىلار ماركسنىڭ نەشر قىلىش ئۈچۈن يېزىلمىغان ھۆججىتىنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىشى ئۈچۈن ئېنگېلس بۇنى 1888 ـ يىلى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا ئەدەبىي جەھەتتە بەزىبىر يەرلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. بۇ نەشرىدە ئۇنىڭ شەكلى ئېنگېلس ئېلان قىلغان چاغدىكىسىگە ئوخشاش بولدى، پەقەتلا 1888 ـ يىلدىكى نەشرىدە چۈشۈپ قالغان تەكىتلەش بەلگىلىرى ۋە تىرناقلار ماركسنىڭ قوليازمىسىغا ئاساسەن قوشۇپ قويۇلدى. — 94 ـ بەت.

**قوشۇمچە**

# پلېخانوپ
# «لېيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە يازغان سۆز بېشى ۋە ئىزاھلار[1]

## رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ 1 ـ نەشرىگە تەرجىماننىڭ سوزى

ئېنگېلسنىڭ فېيېرباخ توغرىسىدىكى بۇ مەشھۇر ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى دۇنياغا كەلگەن چاغدا، بۇ ئەسەرنىڭ روسىيە كىتاپخانىلىرىغا بولغان ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختالغۇم كەلدى.

ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردە، كورەڭلەپ كەتكەن ئەكسىيەتچىلەرمۇ پەلسەپە تونىغا ئورىلىۋالدى، مەسىلەن، **«پەلسەپە ۋە شىناسشۇي مەسىلىلىرى»**[2] ژورنىلى بۇنى ئىسپاتلىدى. 60 ـ يىللاردىكى ئىنكارچىلار ئىنتايىن شاللاق، ئاساسسىز نەرسىلەر دەپ ھاقارەتلەنگەن ئىدى، ئاستافىيېپچىلار، لوپاتىنچىلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاقىلانىلار بولسا پەلسەپىدىكى ئۇلۇق زاتلار دەپ ھېساپلانغان ئىدى (مەسىلەن، ي. كوروبوۋسكىي ئەپەندى يازغان «رۇسلار پەلسەپىسى»گە قاراڭ. مەزكۇر ئەسەر ئۇ ئۇزى تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن، ئۇ بېرۋېگ ـ ھېينزي يازغان **«يېڭىقى زامان پەلسەپە تارىخى»** دېگەن كىتاپقا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن)[3]. روسىيە سوتسىيالىزمچىلىرى بۇ پەلسەپە ئەكسىيەتچىلىرىگە مۇقەررەر ھالدا دىققەت ـ ئېتىۋار بىلەن قارايدۇ، شۇ سەۋەپتىن پەلسەپىنى تەتقىق قىلىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس پەلسەپە ساھەسىدىمۇ، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەدىكىگە ئوخشاشلا، روسىيە سوتسىيالىزمچىلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك رەھبەر-

لىرى. مەن تونۇشتۇرۇۋاتقان بۇ كىتاپچە مۇشۇ ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىسىنەزەرلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

بۇ كىتاپچە ئىنتايىن ئىخچام يېزىلغان. شۇڭا ئۇنىڭغا بىرقانچە ئىزاھ بېرىشىمگە توغرا كەلدى. بۇ ئىزاھلارنىڭ ئۈزۈندىلىرىنى كىتاپنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ، قارا ئىزاھ نومۇرى بىلەن كۆرسەتتىم. بۇنىڭدىن باشقا، كىتاپتا يەنە ئىككى قوشۇمچە بار، ئۇنىڭ بىرى («كارل ماركس فېيېرباخ توغرىسىدا») نېمىسچە نەشرىدە بار ئىكەن، يەنە بىرى («كارل ماركس فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىسى توغرىسىدا») ماركس بىلەن ئېنگېلس بىللە يازغان «مۇقەددەس ئائىلە، ياكى پىپەن ئۈستىدە قىلىنغان پىپەنگە پىپەن، برۇنو باۋېر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە رەددىيە» (1845 - يىلى ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇرت نەشرى) دىگەن ئەسەردىن ئېلىندى. لېكىن مەن بىۋاستە ئالمىدىم، چۈنكى بۇ ئىنتايىن قىس قىممەتلىك كىتاپ ئىدى[4]. فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىسى توغرىسىدىكى بىر بولۇمنى سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ مەشھۇر ژورنىلى بولغان «يېڭى دەۋر» ژورنىلىدىن تەرجىمە قىلدىم، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەزكۇر ژورنالدا بۇ بولۇم كوچۈرۈپ بېسىلغان ئىدى[5].

ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ "برۇنو باۋېر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى" (ب. باۋېر توغرىسىدا ئىزاھ❶دىن پايدىلىنىلسۇن) بىلەن قىلغان بەس - مۇنازىرىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ يازما تارىخىدا دەۋر بولگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ — ئەڭ يېڭى بىيەنجېڭلىق ۋېيۋۇجۇيىنىڭ ۋېيشىنجۇيىلىق پەلسەپىگە قارشى تۇنجى قېتىم قەتئىي قوزغىلىشى. بۇ قېتىمقى قوزغىلىش، مەيلى ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ياكى

مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن (بىز بىلىدىغان قىسىملارنىلا كوزدە تۇتۇپ ھوكۇم قىلىغاندا)، ئىنىتايىن موھىم. ھازىر ئۇ روسىيىدە يەنىلا غايەت زور رول ئوينايدۇ، چۈنكى روسىيىدە، ھەتتا ئەڭ ئىلغار يازغۇچىلارمۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشقا قاراشتا يەنىلا ۋېيشىنجۇيىلىق نۇقتىنەزەردە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرماقتا. قولىمىزدا بۇ ئەسەر بولغىنىدا ئىدى، بۇ كىتاپنىڭ رۇسچە نەشر قىلىنىشىنى خوشاللىق بىلەن ئىلگىرى سۇرگەن بولاتتۇق. ئەمما بۇ ئىش قاچانمۇ كوڭۇلدىكىدەك بولاركىن ـ تاڭ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، ھازىرچە ئۇنىڭ بىر بولۇمىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.① بۇ بولۇم ئېنگېلسنىڭ فېيېرباخ توغرىسىدىكى سوزلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خېلى مۇكەممەل يېزىلغان، پىكرىگە بايلىغىدىن ئېيتقاندا، بۇ باپ لانگېنىڭ يېقىنقى زامان ۋېيشۇجۇيى-سىنى بايان قىلغان ھەجمى چوڭ داڭلىق ئەسىرىدىن كوپ ئېشىپ چۈشىدۇ. بىز كىتاپخانىلارغا ماركىس كورسىتىپ ئوتكەن 19 ـ ئەسىردىكى خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلار بىلەن 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە ۋېيشۇجۇيىچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى ئەسكەرتىپ ئوتىمىز.

ئېنگېلسنىڭ فېيېرباخ توغرىسىدىكى بۇ ئەسىرى ستاركىنىڭ فېيېرباخ توغرىسىدىكى بىر كىتاۋىغا قارىتىپ يېزىلغان. لېكىن بۇ ئەسەردە بۇ كىتاپ ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن

---

① بۇ ماقالا مېرىڭ تۇزگەن «ماركىس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى (1841 ــ 1850 ـ يىللار)»، 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

سوز بېشىدا ئۇ كىتاپ ئۇستىدە توختىلىش ھاجەتسىز دەپ ھېساپلايمەن. زورۇر بولغان بەزى ماتېرىياللارغا كەلسەك، كىتاپخانلار بۇ ھەقتە ئىزاھ[1]گە قارىسا بولىدۇ.

گ.پلېخانوپ

1892 ـ يىل 6 ـ ئاي

# روُسچه تهرجىمىسىگه ئىزاھلار①

● ئاپتور ھاينىنىڭ گېرمانىيه ھهققىدىكى بىرقانچه ماقالىسىنى كوزده تۇتىدۇ، بۇ ماقالىلار دهسلهپته «ئىككى قۇرۇقلۇق ھهققىده پىكىلۇن»دا ئېلان قىلىنغان، كېيىن يهنه ئايرىم كىتاپچه بولۇپ چىققان (كىتاپچىسىنىڭ بىرىنچى نهشرىگه يېزىلغان سوز بېشىدا بېرىلگهن ۋاقىت 1834 ـ يىل 12 ـ ئاي). كىتاپخانىلار ئۇنىڭ بۇ مهشهۇر ئهسىرىنى[6] «ھايني ئهسهرلىرى»دىن تاپالايدۇ. ئهپسۇسكى، ئۇنىڭ روُسچه تهرجىمىسى مهتبۇئات تهكشۇرۇش ئورگىنى تهرىپىدىن پۇتۇنلهي باشقىچه قىلىۋېتىلگهن.

ھازىرقى زاماندىكى ئارىستوپاننىڭ ئوزىگه زاماندىش بولغان پهلسهپىگه قوللانغان مۇئامىلىسى ئوز زامانىسىدىكى تالانتلىق گېرىكىنىڭ "كاززاپلىق ئېقىمى"غا تۇتقان پوزىتسىيىسىگه تامامهن ئوخشىمايدۇ. ئۇ گېرمانىيه پهلسهپىسىنىڭ ئىنقىلاۋي ئهھمىيىتىنى

---

① پلېخانوپنىڭ ئىزاھلىرى جهمى 11 بولۇپ، 1892 ـ يىلى «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋه گېرمانىيه كىلاسسىك پهلسهپىسىنىڭ ئاخىرى»نىڭ روُسچه 1 ـ نهشرىگه يېزىلغان. 1905 ـ يىلى روُسچه 2 ـ نهشرىده يهنه تۇزىتىش كىرگۇزۇلگهن ۋه تولۇقلانغان. تۇزىتىش كىرگۇزۇلگهن ۋه تولۇقلانغان قىسمى بۇ كىتاپتا تۇچلۇق تىرناق ‹ › ئىچىگه ئېلىندى، تۇزىتىش كىرگۇ- زۇش ۋاقتىدا ئېلىپ تاشلانغان مۇناسىۋهتلىك قىسمى ئايرىم بېرىلدى، مۇشۇ كىتاپنىڭ 218 — 228 ـ بهتلىرىگه قاراڭ. — تهرجىماندىن

چۈشىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى دەل بۇ پەلسەپىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەھمىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. لېكىن، ھايىنې ئۆزىنىڭ «گېرمانىيە توغرىسىدا» دىگەن كىتاۋىدا گېگېلنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەھمىيىتىگە قارىغاندا كانت (ئۇنىڭ «ساپ ئەقىل پىپەنى»)نىڭ ئىنقىلاۋىي ئەھمىيىتى — «ئۇ كۆپتۈرۈۋەتكەن» — توغرىسىدا كۆپرەك توختىلىدۇ. گېگېل ھەققىدە ئۇ 40 - يىللاردىلا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىرىنچى پارچە (يەنە كېلىپ بىردىن - بىر) «گېرمانىيە توغرىسىدا» توختالغان خېتىنىڭ پارچىلىرىدا ئاپتورنىڭ "پەلسەپە پادىشاسى" بىلەن قىزىقچىلىق قىلىپ پىكىرلەشكەنلىكىنى بايقايمىز. "بىر قېتىم مەن 'مەۋجۇت بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ' دىگەن سۆزنى ئانچە چۈشىنەلمەي تۇرغىنىمدا، 'پەلسەپە پادىشاسى' بىر ئاز ئەجەپلەنگەن ھالدا كۈلۈپ كەتتى ھەمدە: بىلىش كېرەككى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بارلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك دىگەنلىكمۇ قارىتىلغان، دەپ كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ ئۇ ياق - بۇ ياققا ئالاقزادىلىك بىلەن نەزەر سېلىپ چىقىپ يەنە جىمىپ قالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ سۆزىنى ھېنرىخ بېلىنىڭلا ئاڭلاپ قالغانلىقىغا ئىشەندى."[7] بۇ يەردە، ھېنرىخ بېل دىگەنىنىڭ زادى كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈش ھاجەتسىز. بۇ يەردە پەقەت شۇنىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھايىنې بولسا، گېگېل ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەھمىيىتىنى ئۆزى چۈشىنىدۇ، بىراق ئۇنى ئاشكارىلاشتىن قورقىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. گېگېلغا قارىتا مۇشۇنداق قاراشتا بولۇشنىڭ زادى قانچىلىك

دەرىجىدە توغرىلىقى باشقا بىر مەسىلە، مەن تونۇشتۇرغان بۇ كىتاپچىدا بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرىلگەن. لېكىن شۇنىڭدىن گۇمانلانمىسىقا بولمايدۇكى، ھاينې ھەرگىزمۇ گېگېل پەلسەپىسى چىقارغان **خۇلاسىدىن** قورقىدىغان، ئىچى تار، نەزىرى قىسقا شەخسلەردىن ئەمەس. يۇقۇرىدا نەقىل ئېلىنغان دىئالوگدا، ھاينې گېگېلنىڭ مەشھۇر قائىدىسىنى ئۆزگەرتىپ، **رىياللىق** ھەققىدە ئېغىز ئاچماي، **مەۋجۇدىيەت** ھەققىدە ئانچىكىلا توختىلىدۇ، بۇ مەقسەتسىز قىلىنغان ئىش ئەمەس. روشەنكى، گەرچە گېگېل پەلسەپىسىنىڭ سىرىنى ناھايىتى ئاز بىلىدىغان بەزى كىشىلەر بۇ قائىدە ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھاينې ئۇنىڭ **ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەھمىيىتىنى** يەنىلا ساقلاپ كەلگەنلىكىنى كورسەتمەكچى بولغان. — 8 - بەت.

● ھەممىگە مەلۇمكى، گېگېلنىڭ "رىيال" بولغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەن تەلىماتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى مەسىلىسى 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا پەلسەپە ساھەمىزدە غايەت زور رول ئوينىغان ئىدى. دەل مۇشۇ مەسىلە تۈپەيلىدىن، روسسىيە يازغۇچىلىرى ئىچىدە مېڭىسى ھەممىدىن سەگەك بولغان يازغۇچى بېلىنسكىي بىر پەردە تىراگېدىيە ئوينىدى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇنزېر ۋە بورودىنو خاتىرە كۈنى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە ماقالىسى[8] "رىياللىق"نى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەيىپلەشكە جۈرئەت قىلغانلارغا ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىك بىلەن تولغان ئىدى. كېيىنچە، ئۇ بۇ ئىككى پارچە ماقالىنى، رەسۋا خاتالىق دەپ ھېساپلاپ، تىلغا ئېلىشنى ئىنتايىن

ياقتۇرمىغان ئىدى. ئۇ چىرىك رۇس تۈزۈمىنى كەسكىنلىك بىلەن ئىنكار قىلغان چاغدا، بۇ تۈزۈم ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ دەيدىغان ھەرقانداق پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان ئىدى. بېلىنسكىيدىن كېيىن بۇ جەھەتتە يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ھەممىسى گېگېلغا قايتىش ھاجەتسىز، بۇ تالانتلىق تەنقىدچىنىڭ ئۆزىدە كونىلىقنى ساقلاش خاھىشى بولغان دەۋرىدە ئاساسلانغان نەزەرىيىۋى ئالدىنقى شەرتلىرىنى تەكشۈرۈش ھاجەتسىز، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. ئۇلارچە، بۇ ئالدىنقى شەرتلەردە خاتالىقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ھازىر روسسىيىدىكى بەزى "ئىلغار" يازغۇچىلارمۇ مۇشۇنداق نۇقتىنەزەردە بولماقتا. بۇنداق نۇقتىنەزەر توغرىمۇ؟

گېرتسېن «ئوتكەن ئىشلار ۋە ئەسلىمىلەر»دە ئۆزىنىڭ بىر نەزەرىيە ئوتكىلىدىن قانداق لوگىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئوتكەنلىكىنى، بۇ ئوتكەلنىڭ قارىماققا (كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، بۇنداق قاراش پۈتۈنلەي ناتوغرا، ئىنتايىن يۈزە) "رېيال" بولغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى "ئەقىلگە مۇۋاپىق" دېگەن تەلىمات ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ بۇ تەلىمات تولۇق ئاساس قانۇنىنىڭ يېگىچە ئىپتىلىشى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. لېكىن، تولۇق ئاساس قانۇنى ھەرقانداق مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ توغرىلىقىنى زادىلا ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر رۇس تارىخىدا مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە ۋە تەرەققى قىلىشىغا تولۇق ئاساس بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، دېكابىرچىلارنىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرىمۇ تولۇق ئاساسقا ئىگە بولغان بولاتتى. مۇستەبىتلىك تۈزۈم مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا "ئەقىلگە مۇۋاپىق"

دەپ پەرەز قىلىنسا، ئۇ هالدا، بۇنداق تۇزۇمگە مەڭگۇلۇك خاتىمە بېرىش ئارزۇسىمۇ ئوخشاشلا "ئەقىلگە مۇۋاپىق" بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، گېرتسېن گېگېلنىڭ تەلىماتىنى بارلىق ئازاتلىق كۇرەشلىرىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى دىيىشكە بولىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. بۇ — هەقىقى ئىنقىلاۋىي دەيىشۇشۇي.

ئاخىرقى خۇلاسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گېرتسېن پۇتۇنلەي هەقلىق. لېكىن بۇ خۇلاسىنى ئۇ خاتا يوللار بىلەن چىقىرىدۇ. بىز ئەمدى بۇ نۇقتىنى مىسال ئارقىلىق چۇشەندۇرۇپ ئوتەيلى.

ئېنگېلس گېگېل ئىدىيىسىنى ئالغا سۇرگىنىدە مۇنداق دەيدۇ: "رىم جۇمهۇرىيىتى رىيال ئىدى، لېكىن ئۇنى سىقىپ چىقارغان رىم ئىمپېرىيىسىمۇ رىيال ئىدى." سوراپ باقايلىچۇ، نىمە ئۇچۇن جۇمهۇرىيەتنىڭ ئورنىنى ئىمپېرىيە ئالدى؟ تولۇق ئاساس قانۇنى بىزگە بۇ پاكىتنىڭ قىلچە سەۋەپسىز بولالمايدىغانلىغىنىلا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىراق، بۇ پاكىتنىڭ سەۋەۋىنى نەدىن ئىزلەش لازىملىغى توغرىسىدا بۇ قانۇن بىزگە هېچقانداق يىپ ئۇچىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. ئېهتىمال جۇمهۇرىيەتنىڭ ئىمپېرىيىگە ئورۇن بېرىشى كايزارنىڭ پومپېيدىن تېخىمۇ زور هەربىي تالانتقا ئىگە بولغانلىغىدىن بولغاندۇر؛ ياكى كاسسىۇس ۋە برۇتۇسنىڭ خاتالاشقانلىغىدىن بولغاندۇر؛ يا بولمىسا ئوكتاۋىينىڭ هىلە — مىكرىنىڭ كوپ بولغانلىغىدىن بولغاندۇر؛ يا بولمىسا بەزى تاسادىپى سەۋەپلەردىن بولغاندۇر. لېكىن گېگېل بۇ خىلدىكى چۇشەندۇرۇشلەرگە قانائەتلەنمەيدۇ. گېگېلنىڭ قارىشى بويىچە، تاسادىپىلىق تاشقى پوستىنىلا ئىبارەت، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇقەررەرلىك توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىمۇ ئىنتايىن يۇزە چۇشەندۇرۇشكە بولىدۇ؛

رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۇم بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قېلىشى پەقەتلا كايزانىڭ پومپېينى يەڭگەنلىكىدىن دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن گېگېلنىڭ تەلىماتىدا، بۇ ئۇقۇم يەنە بىر خىل تەڭداشسىز چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇبادا گېگېل مەلۇم بىر ئىجتىمائى ھادىسە مۇقەررەر بولىدۇ دېگەن بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئۇنىڭچە، بۇنداق ھادىسىنى مۇشۇ ھادىسىنىڭ ئۆزى تۇرغان دۆلەتنىڭ ئىلگىرىكى پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانى تەييارلىغان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ سەۋەپلىرىنى دەل مۇشۇنداق جەرياندىن ئىزلەش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۇم بولۇشى كايزانىڭ تالانتلىق بولغانلىقىدىن، برۇتۇسنىڭ خاتالاشقانلىقىدىن، ياكى باشقا بىرەر كىشى، يا بولمىسا بىرەر گۇرۇھنىڭ خاتالاشقانلىقىدىن بولغان بولماستىن، بەلكى رىمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەت جەھەتتە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىدىن بولغان، بۇ ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن جۇمھۇرىيەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن بولماي قالغان. زادى قانداق ئۆزگىرىشلەر؟ مۇشۇ خىلدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا، گېگېلنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋاۋى ھەمىشە كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھېچۋەقەسى يوق. موھىمى شۇكى، گېگېلنىڭ ئىجتىمائى ھادىسىلەر توغرىسىدىكى نۇقتىنەزىرى **سەۋەپ بولمىسا ھەرىكەت بولمايدۇ** دېگەننىلا ئۇقىدىغان كىشىلەرنىڭ نۇقتىنەزىرىدىن كۆپ چوڭقۇر. لېكىن بۇلا ئەمەس. گېگېل يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ موھىم بولغان بىر ھەقىقەتنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق تېپىكى ھادىسىنىڭ يىغىندىسى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان، يەنى ئۇنى

يوقىتىدىغان كۆچنى **ئۆزىدىن** يارىتىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ھەرقانداق بىر خىل ئىجتىمائى تۈزۈم ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۇنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ۋە يېڭى تۈزۈم ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئىجتىمائى كۆچنى **ئۆزىدىن** يارىتىدۇ. بۇنىڭدىن تەبىي ھالدا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ (گەرچە گېگېل بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ): ئەگەر مەن مەلۇم بىر ئىجتىمائى تۈزۈمگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتسام، ئۇ ھالدا، مېنىڭ مۇنداق ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەم پەقەت بۇنداق تۈزۈمنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولغان كېگۈەن ھالدىكى ئىنكار قىلىش جەريانىغا ئۇيغۇن كەلگەن چاغدىلا، يەنى بۇنداق تۈزۈم ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى پەيدا قىلغان ئىجتىمائى ئېھتىياجلار بىلەن زىت كېلىپ قالغان چاغدىلا، "**ئەقىلگە مۇۋاپىق**" بولىدۇ.

بىز ئەمدى بۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى 30 ـ يىللاردىكى روسىيە زى- يالىي ياشلىرىنى ھاياجانلاندۇرغان ئىجتىمائى مەسىلىلەرگە تەتبىقلاپ باقايلى. روسىيىدىكى "رېئاللىق" — نۇكنۇلۇق تۈزۈم، مۇستەبىتلىك تۈزۈم، چەكسىز ھوقۇقلۇق ساقچى، مەتبۇئات تەكشۈرۈش ئورگىنى ۋە باشقىلار — بۇ ياشلارنىڭ نەزىرىدە، روشەنكى، چىرىك، نامۇۋاپىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار دېكابىرچىلارنىڭ بىزدىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاش مەقسىتىدە يېقىندا قىلغان سىناقلىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا خەيرىخاھلىق ھېسسىياتى بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. لېكىن ئۇلار، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن قابىلىيەتلىك كىشىلەر، 18 ـ ئەسىردىكى ھەرقانداق ئابستراكت، ئىنقىلاۋىي ئىنكار قىلىش بىلەنلا قانائەت-

لىنىپ قالمىدى، رومانتىزىمچىلارنىڭ ھەرقانداق مەنمەنلىك قىلىپ ۋە خۇسۇسى مەنپەئەتنى كوزلەپ قىلغان ئىنكار قىلىشلىرىغا قانائەتلىنىپ قالمىدى. گېگېل تۇپەيلىدىن، بۇ ياشلارنىڭ تەلۋۈى تېخىمۇ قاتتىق بولدى. ئۇلار ئوزلىرىگە: "ئوزىمىزنىڭ ئىنكار قىلىشىمىزنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىغىنى ئىسپاتلايلى! ئوزىمىزنىڭ ئىنكار قىلىشىمىزنىڭ توغرىلىغىنى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ كېگۇەن قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلايلى! ياكى بۇنداق ئىنكار قىلىشنى شەخسى ھەۋەس، بالىلارچە بەگۋاشلىق دەپ تاشلاپ قويايلى!" دېيىشتى. لېكىن، روسىيىدىكى رېياللىقنى ئىنكار قىلىشنىڭ توغرىلىغىنى بۇنداق رېياللىقنىڭ ئوزىدىكى ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاش يالغۇز گېگېلنىڭ ئوزى ھوددىسىدىن چىقالمايدىغان ۋەزىپىنى ھەل قىلغانلىق بولاتتى. روسىيىدىكى نۇڭنۇلۇق تۇزۇمنى ئېلىپ ئېيتايلى. بۇ تۇزۇمنى ئىنكار قىلىشنىڭ توغرىلىغىنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن، بۇ تۇزۇم ئوزىنى ئوزى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، يەنى ھازىر ئۇ ئوزىنى پەيدا قىلغان ئىجتىمائى ئېھتىياجلارنى قانائەتلەندۇرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، دەپ كورسىتىش كېرەك. زادى قايسى ئىجتىمائى ئېھتىياجلار روسىيىدىكى نۇڭنۇلۇق تۇزۇمنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپچى بولدى؟ دولەتنىڭ ئىقتىسادى ئېھتىياجلىرى سەۋەپچى بولدى، ئەگەر دولەت دېخانلارنى نۇڭنۇلارغا ئايلاندۇرۇۋەتمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا دولەت ئىقتىساتىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشى سەۋەۋىدىن ھالاك بولغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، 19 ـ ئەسىردە، نۇڭنۇلۇق تۇزۇم دولەتنىڭ ئىقتىسادى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتىكى ئەڭ يامان

ۋاسته بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ بۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بۇ ئېھتىياجلارنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا بىۋاستە توسالغۇ بولاتتى. كېيىن قىرىم ئۇرۇشى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىشىنى ھەممىدىن بەك قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. شۇنداقتىمۇ بىز يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئۆتەيلىكى، بۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىسپاتلاش ئىشىنى گېگېلنىڭ ئۆزى ئورۇنلاپ كېتەلمەيتتى. گېگېل پەلسەپىسىنىڭ بىۋاستە مەنىسىدىن ئالغاندا، بۇنىڭدىن چىقىدىغان خۇلاسە مۇنداق: ھەرقانداق بىر جەمىيەتنىڭ تارىخىي ھەركەتنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئىچكى تەرەققىياتىدا بولىدۇ. دىمەك بۇ، ئىجتىمائى پەننىڭ ئەڭ موھىم ۋەزىپىسىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن گېگېلنىڭ ئۆزى ئىنتايىن توغرا بولغان بۇ نۇقتىنەزەرگە خىلاپلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭ خىلاپلىق قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. "مۇتلەق" ۋېيىشىنجۇيىچى گېگېل "ئىدىيە"نىڭ لوگىكىلىق خۇسۇسىيىتى بارلىق تەرەققىياتلارنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، دەپ ھېساپلايدۇ. بۇنداقتا، ئىدىيىنىڭ خۇسۇسىيىتى تارىخىي ھەركەتلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. ھەر نۇۋەت زور تارىخىي مەسىلىلەر گېگېلنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، ئۇ ئالدى بىلەن بۇلارنى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىش تارىخىي ئاساسنى تاشلىۋەتكەنلىك ھەمدە ئۇزىنى رازىمەنلىك بىلەن تارىخىي ھەركەتلەرنىڭ ھەقىقى سەۋەبىنى تۈپتىن تاپالمايدىغان قىلىپ قويغانلىق بولىدۇ. گېگېل ئىنتايىن ئۇلۇق، ھەقىقى تالانتلىق بىر شەخس بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ ئىشنىڭ ئانچە ئەپلىشىپ كەتمەيۋاتقىنىنى ھېس قىلغان، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى پۈتۈنلەي ھېچقانداق مەسىلىنى

ئىزاھلاپ بېرەلمىدى. شۇڭا، ئۇ ”ئىدىيە“گە تېگىشلىك دەرىجىدە باھا بەرگىنىدىن كېيىن، دەرھاللا كونكرېت تارىخىي ئاساسقا چۈشۈپ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئىزلەيدۇ، لېكىن ئىدىيىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى شۇ چاغدا تەتقىق قىلىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئىزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئەڭ تالانتلىق بەزى پەرەزلىرىنى ھەمىشە ئوتتۇرىغا قويىدۇ (چۈنكى، ئۇ تارىخىي ھەركەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەبىنى بايقايدۇ). لېكىن تالانتلىق پەرەزمۇ بەرىبىر پەرەز، خالاس. ئۇنىڭدا پۇختا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساس كەم، شۇڭا گېگېل ۋە گېگېلىزىمچىلارنىڭ تارىخ نۇقتىسىنەزەرلىرىدىمۇ بۇ پەرەزلەر زور رول ئوينىمىدى. شۇڭلاشقا بۇ پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا، دىگۈدەك ئېتىۋارغا ئېلىنمىدى.

گېگېل 19 ـ ئەسىردىكى ئىجتىمائىي پەنگە كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇلۇغ ۋەزىپە باشتىن ـ ئاخىر ھەل قىلىنماي كەلدى: ئىنسانىيەت تارىخىي ھەركەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىچكى سەۋەپلىرى يەنىلا تېپىلمىدى. ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇ چاغلاردا روسىيىدە بۇ سەۋەپلەرنى تاپالايدىغان بىر ئادەمنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى روسىيىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تولىمۇ تەرەققىي قىلمىغان، ئىجتىمائىي تۇرغۇنلۇق ھادىسىسى بەك تەرسا ئىدى، شۇڭا تېپىلماقچى بولغان بۇ سەۋەپلەرنىڭ روسىيە ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنىڭ تاشقى كورۇنۇشىدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەپلەرنى ماركس بىلەن ئېنگېلس غەرپتە، پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىجتىمائىي موھىتتا تېپىپ چىقتى. ھالبۇكى بۇ ئىشمۇ كوپ يىللاردىن كېيىن بولدى، بىز توختىلىۋاتقان ئۇ مەزگىلدە

بولسا، ئۇ يەردىكى گېگېلىزىمچىلار — ئىنكارچىلار ۋېيشىنجۇيىلىق زىددىيەتلەرگە پېتىپ قالغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەننىۋاسىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، نىمە ئۈچۈن گېگېلىنىڭ روسىيەدىكى ياش مۇرىتلىرىنىڭ روسىيەدىكى "رىياللىق" بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل مۇرەسسەلىشىشكە باشلىغانلىقى ئايان بولىدۇ، شۇ نەرسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتەي، روسىيەدىكى "رىياللىق" ئىنتايىن چىرىك ئىدى، بۇنى ھەتتا گېگېلىنىڭ ئۆزىمۇ ھېچقاچان "رىيال" دەپ ئېتىراپ قىلمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ رىياللىقتا تۇتقان بۇنداق ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى نەزەرىيە جەھەتتە ئىسپاتلانمىغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ پوزىتسىيە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان ھەرقانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. ئۇلار بۇنداق پوزىتسىيەدىن ۋازكېچىپ، پەلسەپىۋى سادىقلىقى يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئارزۇلىرىنى پىداكارلىق ۋە خالىسلىق بىلەن قۇربان قىلىدۇ. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن، رىياللىقنىڭ ئۆزى بولسا ئۇلارنى بۇنداق قۇربان بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. چىرىپ كەتكەن رىياللىق ھەر كۈن، ھەر سائەت ئۇلارنى بىزار قىلىدۇ، ئۇلارنى قانداقلا بولمىسۇن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، دېمەك، تولۇق نەزەرىيىۋى ئاساس بولمىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك. لېكىن، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلار رىياللىقتا چىڭ تۇرۇش جەھەتتە يول قويىدى، بېلىنسكىي گېگېلىنىڭ "پەلسەپە قالپىقى"نى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئۆزى قوغدىغان تۈزۈمگە كەسكىن تۈردە ھۇجۇم قىلدى. بېلىنسكىيدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن ياخشى،

ئەلۋەتتە. بىراق شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مۇشۇنداق
قىلىق تۈپەيلىدىن بۇ تالانتلىق يازغۇچى ئۆزىنىڭ **نەزىرىيە**
**جەھەتتىكى قاتتىق تەلىۋىنى** تۆۋەنلىتىپ قويدى ــ دە ئۆزى ۋە
ئۆزى ۋەكىللىگىدىكى پۈتكۈل روسىيىدىكى ئىلغار ئىدىيە
ساھەسىدىكىلەرنىڭ **نەزىرىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۆلەش ئىقتىدارى**
**يوق قەرزدار**[9] ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ
بەزىدە روسىيىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدە ئىنتايىن چوڭقۇر
بولغان كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توسالغۇ بولمىدى.
مەسىلەن، ئۇ 40 ــ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى يازغان بىر خېتىدە
مۇنداق دىگەن ئىدى: بۇرژۇئازىيىلا، يەنى كاپىتالىزىملا ئىپلاس
روسىيە رېياللىغىنى ھەقىقى ۋە ئوڭۇشلۇق تۈردە ئىنكار قىلىش
ئۈچۈن ئاساس يارىتىدۇ[10]. لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇنىڭ
ئىنكار قىلىش دىگەن نىمىسىدە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قارىتا
يەنىلا **خىيالپەرەسلىك** نۇقتىسىنەزەرلىرى بار. چېرنىشېۋسكىي،
60 ــ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 70 ــ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى
"جۇڭگۇەن" يازغۇچىلار ۋە «دەۋرداش»، ھەرقايىسى ئېقىمدىكى
ئىنقىلاپچىلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇقتىسىنەزەردە
بولغان ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىش
قانچىكى ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى، گېگېل قانچىكى پاك ــ پاكىز
ئۇنتۇپ قېلىنغانسېرى، روسىيىدىكى ئىنكارچىلار ئۆزلىرىنىڭ
ئىجتىمائىي نۇقتىسىنەزەرلىرىنىڭ مەلۇم نەزىرىيە جەھەتتىكى
خاتالىقتىن كەلگەنلىكىنى شۇنچىكى ئاز ئاڭقىردى. بىزدىكى
"جۇڭگۇەن" يازغۇچىلار ئىلمىي ئاساسى بولمىغان نەرسىنى ئەقىدە
قىلىۋالغان. ئۇلار روسىيە جەمىيىتىدىكى ئىدىيە ساھەسىدىكىلەرگە

نەزىرىيىۋى چولتىلىقىنى كۆچىنىڭ بىرىچە ئىسپاتلىماقتا ۋە بىز روسىيە جەمىيىتىدىكى ئىدىيە ساھەسىدىكىلەرگە كوڭۇلگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ۋە قىممەتكە ئىگە ھوججەت تەييارلاۋاتىمىز دەپ قاراشماقتا. لېكىن بۇ ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. 70 ـ يىللاردىكى روسىيە ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىدىكى بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار روسىيە جەمىيىتىدىكى ئىدىيە ساھەسىدىكىلەرنى ئۇزلىرىنىڭ بەزى ئاساسسىز قاراشلىرى بىلەن مەس بولۇپ كەتمەيدىغان قىلىشقا كۆپايە قىلىدۇ. ماركس گېگېل پەلسەپىسىنى "ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغان" دىن كېيىن، يەنى ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ۋېيۋۇجۇيىلىق ئاساس ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، 40 ـ يىللاردا روسىيىدىكى بەزى پەلسەپە گۇرۇپپىلىرى ھەل قىلالمىغان نەزىرىيە ۋەزىپىسى ناھايىتى ئاسانلا ھەل بولدى. ماركس ئىنسانىيەت تارىخىي ھەركىتىنىڭ ئىچكى سەۋەپلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئەمدى روسىيىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ماركسنىڭ نۇقتىنەزىرىنى تەتبىق قىلىپ كۆزىتىش ئىشلا قالدى. سوتسىيال دېموكراتلار بولسا بۇنى ئورۇنلىدى، ئۇلار روسىيە تۇرمۇشى ھەققىدە ھامان باشقا ـ باشقا يول بىلەن بولسىمۇ ئوخشاش قاراش ھاسىل قىلدى. سوتسىيال دېموكراتلار ۋەكىللىكىدىكى روسىيە جەمىيىتىدىكى ئىدىيە ساھەسىدىكىلەر ئاخىر 19 ـ ئەسىر ئىلمىي ئىدىيىسىنىڭ ئېقىمى بولۇپ قوشۇلدى. كونا غەربىي ياۋروپاچىلارنىڭ نەزىرىيىۋى خاتالىقىنىڭ ئورنى تولۇقلاندى، چۈنكى روسىيىدىكى رىياللىقنىڭ ئۆزىدىن بۇنداق رىياللىقنى ئىنكار قىلىدىغان مۇستەھكەم كېڭۈەن ئاساس تېپىلدى. ‹مېنىڭ «يېڭى دەۋر»نىڭ 1891 ـ يىل 11 ـ سانىغا بېسىلغان «گېگېل ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى خاتىرىسىگە»

دىگەن ماقالامدىن، يەنە مېنىڭ 1898 ـ يىلى جەنۋەدە سوزلىگەن نۇتقۇم ــ «ۋ. گ. بېلىنسكىي»دىن پايدىلىنىلسۇن،[11]. ـــ 9 ـ بەت.

● گېگېلىزىمچى ھېنىنىڭ 1827 ـ يىلى «پەن پىكىلۇنى يىلنامىسى»نى چىقىرىشقا باشلاپ، بۇ ئارقىلىق ئۇز ئۇستازىنىڭ نۇقتىنەزىرىنى تارقاتتى ۋە قوغدىدى. لېكىن ھېنىنىڭ مۇتەئەسسىپلىك نۇقتىنەزىرىدە ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ژورنىلى ياش گېگېلچىلارنى قانائەتلەندۇرەلمەيتتى. 1838 ـ يىلى، ئا. رۇگې بىلەن ت. ئىستېرمېيىر «گېرمانىيە پەن ۋە سەنئەت ھالىي يىلنامىسى»نى چىقاردى، 1841 ـ يىلى، بۇ ژورنال لېيپسىگغا كوچۇرۇلۇپ نەشر قىلىندى ۋە شۇندىن ئېتىۋارەن بۇ ژورنالنىڭ نامى «گېرمانىيە يىلنامىسى»غا ئۆزگەرتىلدى. «گېرمانىيە يىلنامىسى» مەيلى دىن جەھەتتە بولسۇن ياكى سىياسى جەھەتتە بولسۇن، رادىكال نۇقتىنەزەردە ئىدى. 1843 ـ يىلى بۇ ژورنال ساكسونىيىدە پېچەتلەندى، ئۇ چاغدا ئا. رۇگې بىلەن ماركس بۇ ژورنالنى «گېرمانىيە ـ فرانسىيە يىلنامىسى» دىگەن نام بىلەن پارىژدا داۋاملىق چىقىررىشنى قارار قىلدى. ئېنگېلس بىلەن هاينې بۇ ژورنالغا ماقالا يېزىپ تۇراتتى. لېكىن ناهايىتى ئەپسۇسكى، «گېرمانىيە-فرانسىيە يىلنامىسى»نىڭ پەقەت بىر قوشما سانىلا چىقتى. بۇ يەردە شۇنى ئېيتقاچ كېتەي، بۇ ساندا ماركسنىڭ «دگېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپەسىگە پىپەن»گە مۇقەددىمە» (1888 ـ يىلى جەنۋەدە رۇسچە نەشر قىلىنغان)، «يەھۇدىلەر مەسلىسى توغىرىسىدا» دىگەن مەشهۇر ماقالىلىرى ۋە ئېنگېلسنىڭ «سىياسى ـ ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر داگالاڭ» دىگەن مەشهۇر ماقالىسى بېسىلغان، «يېڭى دەۋر» ژورنىلى 9 ـ يىللىق توپلىمىنىڭ 8 ـ ساندا بۇ ماقالا كوچۇرۇپ بېسىلغان[12].

«رېين گېزىتى»[13] كامپىخاۋزېن، هانزېمان ۋە ئۆلارنىڭ مەسلەكداشلىرى تەرىپىدىن كېيۈلىندا تەسىس قىلىنغان. ماركس بۇ گېزىتنىڭ ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ئىقتىساسلىق ماقالا يازغۇچىسى ئىدى. 1842 ـ يىلى ‹10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا› ماركس بۇ گېزىتنىڭ تەھرىرى بولدى. ئۇ چاغدا ماركس تېخى بىر سوتسىيالىزىمچى ئەمەس ئىدى[14]، لېكىن ئۇ هوكۇمەتكە شۇنداق ئوتكۇر دەككە بەرگەن ئىدىكى، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ باش تەھرىرلىگىدىكى بۇ گېزىت بىرنەچچە ئايلا چىقالىدى. ‹1843ـيىل 3ـئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۇ گېزىتتە مۇنداق بىر قىسقا ئېلان بېسىلدى: "بايانات: **هازىرقى مەتبۇئات تەكشۈرۈش تۈزۈمى** تۈپەيلىدىن پېقىر «رېين گېزىتى» تەھرىر بولۇمىدىن قايتىپ چىقتىم، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇشبۇ باياناتنى ئېلان قىلدىم. ماركس بوشى" (قېنىق هەرپ بەلگىسى ئەسلى بار ئىدى). هوكۇمەتنىڭ 1843 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى قارارى بويىچە، بۇ گېزىت شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چىقىرىلىشتىن توختىتىلىشى كېرەك ئىدى. تەھرىر بولۇم بولسا بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بىرنەچچە كۈن ئاۋال، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ گېزىتنى تارقىتىشنى توختاتتى.› لېكىن ماركس گېزىتنىڭ چىقىرىلىشتىن توختىتىلغانلىغىدىن خوشالمۇ بولدى. چۈنكى بۇرۇنقى يازغۇچىلىق پائالىيىتى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىگىنى چوڭقۇر هېس قىلدۇرغان ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ جەهەتتىكى بىلىمىنى تولۇقلاش ئويىدا بولغان ئىدى؛ «كېيۈلىن گېزىتى»[15] گە قارشى شىددەتلىك جازا يۈرۈشى قىلىنىش ئارقىسىدا ماركس ئۈچۈن ۋاقىتىنچە كىتاپخانىدا ماتېرىيال كورۇشكە مۇمكىنچىلىك تۇغۇلدى.

ماركس يازغۇچىلىق پائالىيىتى ۋە سىياسى پائالىيەت سەھنىسىگە قايتىدىن چىققان چېغىدا، بۇرۇن ئۇزىدە كەم بولغان مول بىلىم-لەرگە ئىگە بولغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، تېخىمۇ موھىمى، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي پەنگە قارىتا يېڭى كوزقاراش پەيدا بولغان ئىدى، بۇنداق قاراش ئىقتىساتشۇناسلىق تارىخىدا دەۋر بولگۇچ قاراشتۇر.

«ماركسنىڭ بۇ گېزىتتە بېسىلغان ئەڭ مەشھۇر ماقالىلىرى بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى مېرىن تەرىپىدىن «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى (1841 — 1850 - يىللار)»، 1 - توم، 208 — 321 - بەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن. روسىيە كىتاپخانىلىرى ئۇچۇن ئېيتـ-قاندا، بۇ بىرنەچچە پارچە ماقالا ھازىرغىچە سىياسى مۇھاكىمە خاراكتېرلىق ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئاندىن باشقا يەنە بىر ئېغىز سوزنى قوشۇپ قوياي، بۇ ماقالىلار ماركسنىڭ ئۇزىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات تارىخىدا ئىنتايىن موھىم.»[16]

1848 - يىل 6 - ئايدا، ئېنگېلس، فرېيلىگرات ۋە ۋىلگېلم ۋولف (ماركسنىڭ «كاپىتال» دىگەن ئەسىرى ۋولفقا بېغىشلانغان) لارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، ماركس كيۇلىندا «يېڭى رېين گېزىتى»نى تەسىس قىلدى. ماركس ۋە بۇ گېزىتكە ماقالا يېزىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق كىشىلەر بۇ گېزىتتە ئېلان قىلغان ماقالىلار ئۇلارنىڭ ئېتىقادى تولىمۇ مۇستەھكەم، ئەڭ يېڭى مەنىدىكى سوتسىيالىزىمـ-چىلار ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ بەردى، بۇنداق مەنىنى ئۇلارنىڭ خىزمىتى بەخش ئەتتىكەن. «يېڭى رېين گېزىتى»نىڭ شۇ چاغدا ئەڭ كوزگە كورۇنەرلىك گېزىت بولۇپ قالغانلىقىنى ھەتتا دۈشـ-مەنلەرمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. لېكىن، بۇ گېزىت ھەققىدە

ئېيتىدىغانلىرىم ھەمدە ئېيتىشقا تېگىشلىك سوزلىرىم بۇنىڭدىنمۇ كوپ: مەيلى بۇ گېزىتتىن ئۆلگىرى ياكى كېيىن چىققان ھەرقانداق بىر سوتسىيالىستىك گېزىتتنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ. بۇ گېزىت "ھوكۇمەت دائىرىلىرىگە بويسۇنماسلىق"نى ئاشكارا چاقىرىق قىلغاچقا 1849 - يىل 6 - ئايدا پېچەتلىۋېتىلدى. شۇ چاغدا ئىنقىلاپنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ھوكۇمەت دائىرىلىرى تېزلىك بىلەن ئەسلىگە كېلىۋالغان ئىدى. 17—20 - بەت.

❶ مەتبۇئات تەكشۇرۇش ئورگىنىنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۇرۇشى تۇپەيلىدىن روسىيە كىتاپخانىلىرى ئېنگېلس توختىلىپ ئوتكەن ستراۋس بىلەن ب. باۋېرنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىدىن تا ھازىرغىچە تېخى بەك ئاز خەۋەردار بولماقتا. شۇڭلاشقا، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئوتۇش ئارتۇقچە ئەمەس دەپ ھېساپلايمىز.

مەسىلە مۇنداق. ئەگەر سىلەر تەۋراتنى خۇدا (مۇقەددەس ئەرۋاھ) ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە خۇدا تاللىۋالغان مەلۇم بىر ئەۋلىيا يېزىۋالغان دىگەنگە چوڭقۇر ئىشەنسەڭلار، ئۇ ھالدا، سىلەردە تەۋراتتا قانداق رخاتا ۋە، نامۇۋاپىق يەر بارلىكىن دەيدىغان ئويىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭدا سوزلەنگەن ھەممە نەرسە، سىلەرچە، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چوڭ ئىلان ھاۋائانىنى ئالدىغاندا ئادىمىزاتچە سوز قىلىدۇ، ئۇنىڭ سوزلىرى ياخشىچاق ۋە قاقۋاش ساختىپەزنىڭ سوزىگە ئوخشايدۇ. بۇ بىزە ئەجەپلىنەرلىك؛ لېكىن خۇدا ئۇچۇن ئېيتقاندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق: ئەجەپلىنىش پەقەت خۇدانىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنىڭ يېڭى بىر ئىسپاتى،

خالاس. ھەممىگە مەلۇم بولغان بالائام ئېشىكى تۇيۇقسىز زۇۋان سۈرۈپ، ئۆزىنى مىنىپ ماڭغان يولۇچى بىلەن پاراڭلىشىدۇ. بۇ يەنە بىر ئىنتايىن غەيرى نورمال ھادىسە؛ لېكىن ھېلىقى ئۆزگەرمەس پورمۇلا بويىچە، خۇدا ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق؛ ھەرقانداق نەرسە «ھەتتا ئاجايىپ-غارايىپ سەپسەتىلەر: credo quia absurdum»مۇ ئېتىقاتنى تاڭ قالدۇرالمايدۇ. ئېتىقات «ئېتىقاتچى ئۈچۈن ئىلھام، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىنىڭ ئېچىلىشى، باشقىچە ئېيتقاندا، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىگە كۆزگە كۆرۈنىدىغان نەرسىدەك ئىشىنىش، ئۈمىت ۋە ئارزۇ قىلغان نەرسىگە راست بار نەرسىدەك ئىشىنىش" بولىدۇ. دىنغا ئىشىنىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇدانىڭ، تەبىئەت دۇنياسىنى ياراتقۇچىنىڭ ۋە ھۆكۈمرانىنىڭ ھەممىگە قادىرلىقى دەل ئۇنىڭ ئۆزى ھەممىدىن بەك "ئارزۇ" قىلىدىغان نەرسە. ئەگەر بىراۋ ئۆز ھاياتى ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسى بىلەن كۆرەش قىلغىنىدا، "ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىلىش دەرىخى"دىكى مېۋىنى يېيىشكە مەجبۇر قىلىنمىغان بولسا، يەنى مۇشۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىدىكى قانۇنىيەتنى پەيدىن-پەي تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىنمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، يۇقۇرقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى، ئىنتايىن تەسىرلىنەرلىك ۋە ھەتتا ئىنتايىن ئىشەنچلىك بولغان بولىدۇ. كىشى زەرەرلىك "ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىلىش دەرىخى"دىكى مېۋىنى يېگەندىلا ئۇ يالغان گەپنىڭ تەسىرىگە ئۇنچىۋالا ئاسان ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئۇ كونا ئادەت بويىچە خۇدانىڭ ھەممىگە قادىرلىقىغا يەنىلا داۋاملىق ئىشەنگىنىدىمۇ. ئۇنىڭ ئېتىقادى باشقا بىر خاراكتېرغا ئىگە بولغان

بولىدۇ: خۇدا دۇنيا سەھنىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قالىدۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس، پولاتتەك قانۇنىيەتكە ئىگە تەبىئەت دۇنياسى بىرىنچى ئورۇنغا چىقىدۇ. لېكىن، موجىزىنى قانۇنىيەت بىلەن ياراشتۇرۇپ بولمايدۇ: قانۇنىيەت موجىزىگە ئۆزىنى قويغۇدەك جاي قالدۇرمايدۇ؛ موجىزە بولسا قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمدى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىك قانۇنىيىتىنى بىلگەن كىشىلەر تەۋراتتىكى موجىزىلىك ھېكايىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ دىگەن سوئال قويۇلىدۇ. ئۇلار بۇ ھېكايىلەرنى ئىنكار قىلماسلىقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن ئىنكار قىلىشتا قوللىنىدىغان ئۇسۇل ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ، بۇ ئۇسۇل مۇشۇ ئەقلىي ئىدىيىۋى ئېقىم پەيدا بولغان ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ خاراكتىرى ۋە بېرىشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

18-ئەسىردىكى فرانسىيە مەرىپەتچىلىرى تەۋراتتىكى ھېكايىلەرنى نادانلىق-بىلىمسىزلىكنىڭ ياكى ھەتتا ئالدامچىلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ ئاددىيلا مەسخىرە قىلغان ئىدى. فرانسۇزلارنىڭ تەۋراتقا تۇتقان بۇنداق كەسكىن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى شۇ چاغدا مەركۇر دولەتتىكى ئۇچىنچى تەبىقىنىڭ ئومۇمەن «ئىمتىيازلىق سىنىپ"قا، خۇسۇسەن راھىپلار سىنىپىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى بەلگىلىگەن. شۇ چاغلاردا پىروتېستانت دىنى ھوكۇم سۈرگەن گېرمانىيىدە بولسا ئەھۋال باشقىچە ئىدى. بىرىنچىدىن، دىن ئىسلاھاتىدىن كېيىن، راھىپلار سىنىپىنىڭ ئۆزى كاتولىك دىنى ھوكۇم سۈرگەن دولەتلەردە ئوينىغاندەك رولىنى گېرمانىيىدە ئىككىنچى ئويناپ باقمىغان ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، گېرمانىيىدىكى "ئۇچىنچى تەبىقە" شۇ چاغلاردا "كونا تۈزۈم"گە قارشى تۇرۇشنى

تېخى پەقەت ئويلاپ باقمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋاللار 18-ئەسىردىكى گېرمانىيىنىڭ پۈتۈن يازغۇچىلىق تارىخىنى تەسىرگە ئۇچراتتى. فرانسىيىدە ئۇچىنچى تەبىقىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ۋەكىللىرى پەندىكى ھەر بىر يېڭى خۇلاسىدىن «ھەر بىر يېڭى قىياستىن» چىرىك ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىدىيىگە ۋە ئۇقۇمغا قارشى قورال سۇپىتىدە پايدىلىنىۋاتقان چاغدا، گېرمانىيىدە، كونا بىر تەرەپلىمىلىكلەر **تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلدى** دىگەندىن كورە، بۇ بىر تەرەپلىمىلىكلەر يېڭى كەشپىياتلار بىلەن **ماسلاشتۇرۇلدى** دىگەن تۇزۇك. ئىنقىلاۋىي كەيپىياتقا ئىگە فرانسىيە مەرىپەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، دىن **نادانلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ** مەھسۇلى ئىدى. گېرمانىيىدىكى مەرىپەت ھەركىتىنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار كىشىلەر «مەسىلەن، لېسسىن»نىڭ نەزىرىدە، دىن **"ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان تەربىيە"** ھېساپلىناتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەۋرات ئىنكار قىلغىلى ۋە مەسخىرە قىلغىلى بولىدىغان كىتاپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇ كىتاپنى **"ئاقارتىش"** ئارقىلىق، بۇ كىتاپتىكى ھېكايىلەرنى يېڭى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، بۇ ھېكايىلەرنى "دەۋر روھى"غا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، تەۋراتنى راسا بېرىلىپ ئازاپلاشقا باشلىدى. كونا تەۋراتتا خۇدا ھەر بىر بەتتە دىگۇدەك "سوزلەيدۇ". بىراق بۇ خۇدانىڭ راستىن سوزلەۋاتقىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ پەقەت شەرقلىكلەر شۇنچە ئىشتىياق باغلىغان ئوخشىتىش خاراكتىرلىق ئىبارىدىنلا ئىبارەت، خالاس. بىز خۇدا مۇنداق سوزلەرنى ئېيتقان دىگەنلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، بۇنى خۇدانىڭ مەلۇم بىر ئىدىيىنى ئوزىنىڭ بۇ ياكى ئۇ سادىق بەندىسىگە كورسىتىپ

بەرگەنلىكى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئېزىتقۇ ئىلان ۋەقەسىدىمۇ شۇنداق، بالائام ئېشىكى ۋەقەسىدىمۇ شۇنداق. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھايۋاناتلار ھېچقاچان سوزلەپ باققان ئەمەس. بۇلار مەلۇم ئىدىيىنى گويا ئوزلىرىنىڭ سوھبەتداشلىرى بولغانلارغا كورسىتىپ بەرگەن، خالاس. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەرۋاھ چۈشۈش بايرىمى كۈنى مۇقەددەس ئەرۋاھ يالقۇنسىمان تىل بولۇپ ساھا-بىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشەرمىش. بۇمۇ بىر ئوخشىتىش خاراكتېرلىق ئىبارە. «ساھابىلەر سەپىرى ھەققىدە»نىڭ ئاپتورى ياكى ئاپتور-لىرى مۇشۇ ئارقىلىق ئۇ چاغدا ساھابىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنىڭ قاتتىق ئۇرغۇپ چىققانلىغىنى چۈشەندۈرمەكچىلا بولۇشىدۇ. لېكىن، باشقا بەزى ”مەرىپەتچى“ تەتقىقاتچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئەھۋال باشقىچىرەك بولۇپ چىقىدۇ. ساھابىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن يالقۇنسىمان تىل تامامەن بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسىدىن، يەنى چاقماق ئۇچقۇنىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا، پاۋېلنىڭ دەمەشققە كېتىپ بارغاندا كوزى كورمەس بولۇپ قېلىشىمۇ چاقماقنىڭ تەبىي تەسىرىدىن بولغان؛ شەيىخ ئانانىيانىڭ پاۋېلنىڭ كوزىنى بىر سىپاپلا ساقايتقانلىغى بولسا قېرىلارنىڭ قولىنىڭ ھەمىشە ناھايىتى سوغاق بولىدىغانلىغىدىن، سوغاقنىڭ ئىششىقنى ياندۇرىدىغانلىغىدىن بولغان. ئەيسانىڭ تۇرغۇن ئولۇكنى تىرىلدۇ-رىدىغانلىغىنى مۇنداق ئاددى ئەھۋال بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئۇچراتقىنى ئولۇك ئەمەس، بەلكى، بىھوش بولغان تىرىك ئادەم. ئۇنىڭ كىرىپتتا ئولۇشى يالغان ئولۇش. بۇرۇن خېلى داڭدار بولغان بوشى پاۋلۇسانىڭ[1] چۈشەندۈرۈشىچە، ئەيسا

---

① پاۋلۇسا 1800 — 1804 - يىللىرى ئوزىنىڭ «ئىنجىل ھەققىدە ئىزاھلار»

ئۆزىنىڭ كۆتۈلمىگەندە تىرىلىپ قېلىشىدىن ھاڭ-تاڭ بولغان (voll Verwunderung). ئاخىردا، ئەيسانىڭ ئاسمانغا چىقىپ كەتكىنىگە كەلسەك، ئىنجىل ئاپتورلىرىنىڭ بۇ ھەقتە توختالغاندا بۇنى ھېچبىر مۇئەييەنلەشتۈرمىگەنلىكىگە ئاساسلىنىپلا بۇ ھەقتە توختالمىساقمۇ بولىدۇ. ئۇلار: ئەيسا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن دەيدۇ (مارك)؛ بۇ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن دېگەنلىكمۇ؟ ئىنجىل ئاپتورلىرى تەبىي پەن ئالىملىرىمۇ ياكى "توپ ئوقىنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتا ئاسمان بوردىكىگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئېنىق ھېساپلاپ چىقالايدۇ"غان تيەنۋېنشۈېشۇناسلارمۇ ئىشەنمەيدىغان ئىشنى بايان قىلماقچى بولىدۇ، بۇنداق قىلىپ نىمە ئاۋارىچىلىق؟

شۇنى دەلىللەشنىڭ ھاجىتى يوقكى، ئىنجىلگە قارىتىلغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پىپەنلەر قىلچە ئاساسسىز، بۇنداق پىپەن مۇشۇنداق پىپەنگە ۋەكىللىك قىلغۇچىنىڭ مەسىلىگە ھەقىقىي پىپەن قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتمىغانلىقىنىلا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «بۇنداق پىپەن بىرىنچى قەدەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ياخشى ۋە كارغا يارايدىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سپىنوزا بۇرۇنلا بېسىپ بولغان بىرىنچى قەدەمدىن كېيىن ئىككىنچى قەدەم بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما بۇ ئىككىنچى قەدەمنى گېرمانىيىدىكى مەرپەتچىلەر باسقىنى يوق.» ستراۋس (1808 — 1874 - يىللار)نىڭ كورسەتكەن پۈتۈن خىزمىتى شۇ يەردىكى، ئۇ "مۇمكىن بولمايدىغاننى مۇمكىن-

---

دېگەن كىتاۋىنى نەشر قىلدى؛ 1828 - يىلى «ئەيسانىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىتاپىنى نەشىر قىلدى. تۈۋەندە ئېلىنغان پاۋلۇسانىڭ سۆزلىرى كېيىنكى كىتاپتىن ئېلىنغان.

چىلىككە ئايلاندۇرۇش، تارىختا بولمىغاننى تارىختا تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغان قىلىش" يولىدىكى نەتىجىسىز ئۇرۇنۇشلارنى يوق قىلدى. ستراۋس ئىنجىلدا ئېيتىلغان بەزى ھېكايىلەردە ھەقىقى ۋەقە سۆزلەنمىگەنلىكىنى (بەزى يەرلىرى توغرا، بەزى يەرلىرى بۇرمىلانغان)، بەلكى ئۇنىڭ **ئەپسانىلەر**دىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ئاڭسىزلا شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى، بەلكى بۇلارنىڭ مۇشۇ تەشكىلاتلار پەيدا بولغان دەۋردە قۇتقازغۇچ خۇداغا ئېتىقات قىلىش ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى جەزمەنلەشتۈرگەن.

خۇددى شۇنىڭدەك، ئەيسانىڭ سۆزلىرى — بولۇپمۇ بۇ سۆزلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇچىغا چىققان، ئاتالمىش جون ئىنجىلىدا نەقىل ئېلىنغان سۆزلەر، — ستراۋسنىڭ قارىشىچە، كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن ئەسەردۇر. ستراۋس ئۆزىنىڭ «ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى» دىگەن كىتاۋىنىڭ يېقىنقى تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا، ئۆزىنىڭ ئىنجىل ئەپسانىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى شۇ چاغلاردىكى كۆز-قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"مېنىڭچە، **ئەپسانە** دىگەن ئۇقۇم — ئىنجىلدا ئېيتىلغان موجىزىلەرنى چۈشىنىشتىكى ۋە تارىخ نۇقتىسىنەزىرى بىلەن توقۇنۇشىدىغان باشقا نۇرغۇن ئىنجىل ھېكايىلىرىنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ. مەن، مۇنداق بەزىبىر پاكىتلارغا، مەسىلەن، شەرقتىكى بوشىنىڭ ئالدىدا يۇلتۇزنىڭ پەيدا بولۇشى، خىرىستوسنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشى، نەچچە مىڭ ئادەمنى ھاڭ-تاڭ قالارلىق دەرىجىدە بىرنەچچە نان بىلەن تويغۇزۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەردە سۆزلەنگەن بەزى پاكىتلارغا تەبەتتىن

چۈشەندۈرۈش ئىزلەش قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك؛ يەنە بىر جەھەت-
تىن، تەبىەتتىن تاشقىرى بۇنداق ھادىسىلەرنى ھەقىقەتەن بار
دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مۇشۇ تىپتىكى ھېكايە-
لەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشلا كېرەك،
دىگەن ئىدىم. نىمە ئۈچۈن ئىنجىل پەيدا بولغان چاغدا ئەيسا
توغرىسىدا مۇشۇنداق ھېكايە ئويدۇرۇپ چىقىلىدۇ؟ مېنىڭ بۇ
سوئالغا بېرىدىغان جاۋاۋىم مۇنداق: بۇ ھەممىدىن ئاۋال شۇ
چاغلاردا كىشىلەرنىڭ قوتقازغۇچ خۇدانى ئارزۇ قىلغانلىقىدىن
بولغان. مەن مۇنۇلارنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىم: دەسلەپتە ئەيسانى
ئاز سانلىق كىشىلەر قۇتقازغۇچ خۇدا دەپ قارىغان بولسا، كېيىنچە
بۇنداق قارايدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ، شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ ئادەملەر مۇنداق بىر ئېتىقاتقا، يەنى ئىلگىرى قۇتقاز-
غۇچ خۇدادىن ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئەيسا
بارلىققا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ، دىگەن ئېتىقاتقا چۈمىدۇ، ئۇلار كونا
تەۋراتتىكى پەرەز، بىشارەت ۋە بۇلار ئۈستىدىكى ئادەتتىكى
چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاساس قىلىدۇ. گەرچە ھەممەيلەن ئەيسانىڭ
نازارېتتا تۇغۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلىسمۇ، لېكىن قۇتقازغۇچ خۇدا
ۋە داۋىدنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەيسا بېيتلېھمدا
تۇغۇلغان بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى مىگا مۇشۇنداق دەپ
ئالدىن ئېيتقان ئىدى. راۋايەتلەردە ئەيسانىڭ ئوز يۇرتداشلىرى-
نىڭ موجىزىلەرنى ياقتۇرۇشىغا بەرگەن ئىنتايىن ئوتكۇر تەنقىد-
لىرى ساقلانغان بولۇشى ئېھتىمال. لېكىن خەلقنىڭ تۇنجى ئازات
قىلغۇچىسى مۇسا موجىزە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئاخىرقى
ئازات قىلغۇچىسى، قۇتقازغۇچ خۇدا بولغان ئەيسامۇ موجىزە

يارىتىشى كېرەك ئىدى. ئىسايا: قۇتقازغۇچ خۇدا پەيدا بولغان
چاغدا ئەمالارنىڭ كوزى ئېچىلىدۇ، گاسلار ئاڭلىيالايدۇ، توكۇرلار
خۇددى بۇغا ــ مارالللاردەك سەكرىشەلەيدۇ، كېكەچلەر بىمالال
سوزلىيەلەيدىغان بولىدۇ، دەپ ئالدىن ئېيتقان. دىمەك، ئەيسا-
نىڭ، يەنى قۇتقازغۇچ خۇدانىڭ قانداق موجىزە يارىتىشى كېرەك-
لىگى توغرا مەلۇم بولدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خىرىستىيان
تەشكىلاتلىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەيسا توغرىسىدىكى ھېكايىنى
تۈزۈپ چىقالايدىغانلىغى ۋە بەلكى چوقۇم تۈزۈپ چىقىدىغانلىغى-
نىڭ سەۋەۋى ئەنە شۇ. لېكىن بۇ تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ
ھېكايىلەرنى تۈزۈپ چىققانلىغىنى بايقىمىغان......بۇنداق نۇقتى-
نەزەر خىرىستىيان ئەپسانىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى بىز
باشقا دىنلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىدا ئۇچراتقان نەرسىلەر
بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ. پەننىڭ ئەپسانە ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى
مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، پەن ئەپسانىنىڭ قانداق پەيدا
بولغانلىغىنى، ئەپسانىنىڭ ئايرىم كىشىلەر ئاڭلىق تۈردە ئەتەي
پەيدا قىلغان ساختا قۇرۇلما ئەمەسلىگىنى، بەلكى پۈتكۈل مىللەت-
نىڭ ياكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق ئېڭىنىڭ مەھسۇلى
ئىكەنلىگىنى بىلدى. ئەلۋەتتە، بىراۋنىڭ بۇنداق ئورتاق ئېتىقاتنى
بىرىنچى بولۇپ ئېيتىشى جەزمەن. ئەپسانە مەلۇم ئىدىيىنى
يوشۇرىدىغان تاشقى پوست ئەمەس، بۇنىڭدىكى ئىدىيىنى ئاقىللار
نادان ئاممىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش
ئۈچۈن كىرگۈزگەندەك تۇرىدۇ. ئەپسانىدىكى ئىدىيە ھېكايە
بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان، ئۇ پەقەت ھېكايە شەكلىدىلا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ، ساپ ئىدىيىنى ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزى چۈشەنمەيدۇ......

لېكىن، ئىنجىل ئەپسانىلىرى يېڭى، مۇستەقىل خاراكتېرغا (ھېچ بولمىغاندا قىسمەن ھالدا) ئىگە بولغانسېرى، مۇشۇ ئەپسانىلەرنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئويدۇرمىسىنى راست ۋەقە دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى بايقىمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولىدۇ. ئەيسا بېيتلېھەمدا تۇغۇلغان دەپ بىرىنچى قېتىم ئېيتقان ئادەم بۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدۇ، چۈنكى ئەۋلىيا مىكا قۇتقازغۇچ خۇدانىڭ بېيتلېھەمدا دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقان ئىدى. ئەيسا قۇتقازغۇچ خۇدا ئىكەن، دېمەك ئۇ جەزمەن بېيتلېھەمدا تۇغۇلغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەيسا ئۆلگەن چاغدا ئوردىدىكى پەردە ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن («ماتتەي ئىنجىلى»، 27-باپ، 51-بۆلۈم) دېگەن سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئېيتقان كىشى ئۆزى ئېيتقان سۆزنىڭ ئۆزى كۆرمىگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھېچكىمدىن ئاڭلىمىغانلىقىنى، ئۆزى ئويلاپ چىقارغانلىقىنى بايقىغان بولسا كېرەك. لېكىن، دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئوخشىتىش خاراكتېرلىق ئىبارە، مەسىلەن، «يەھۇدىلەرگە خەت» (10-باپ، 19-بۆلۈم)تە ئېيتىلغان ئەيسانىڭ ئۆلۈمى بىزگە ئوردا پەردىسىدىن ئۆتۈپ مۇقەددەس جايغا كىرىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئاڭلىغۇچىلار ئاسانلا خەت مەنىسى بويىچە چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا، ھېكايىنى ھېچقانداق مەنىلىك قۇرۇلمىسى يوق ئەھۋال ئاستىدا بارلىققا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئوخشاشلا، توت ساھابىنىڭ مۇخلىس توپلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنىمۇ مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ: ئەيسا ئۇلارنى ئەۋەتكەن بېلىق تۇتىدىغان جايدا بېلىق ئۇلار بۇرۇن ئەڭ ئاز تۇتقان جايدىكى-

دىن زور دەرىجىدە كۆپ بولغان، كېيىن بۇنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشى ئارقىسىدا، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئاسانلا موجىزىلەرچە بېلىق تۇتۇش ھېكايىسى كېلىپ چىققان («لۇكا ئىنجىلى»، 5 ـ باپ). خىرىستوسنىڭ تىرىلىشى ھەققىدىكى ھېكايىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ماتېرىياللار، ھە دىگەندە يا ھەققى ۋەقەدەك، يا ئېنىق، غەرەزلىك يالغان گەپتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بۇ يەردە تەپسىلى تەكشۈرۈپ بېقىلسىلا ئىش ئۇنداق بولماي چىقىدۇ. يەھۇدى خىرىستىيان بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە: گورنىڭ قۇرۇق قېلىشى ھاڭ ـ تاڭ قالارلىق ئىش ئەمەس، چۈنكى سىلەر جەسەتنى گوردىن ئوغرىلاپ كەتتىڭلار، دەيدۇ. خىرىستىيان رەددىيە بېرىپ: 'بىز ئوغرىلاپ كېتىپتىمىزمۇ؟ سىلەر گورنى ئىخلاس بىلەن ساقلاۋاتقان تۇرساڭلار، بىز قانداقمۇ بۇنداق ئىشنى قىلالايتتۇق؟'، دەيدۇ. خىرىستىيانىنىڭ مۇشۇنداق دىيىشى مۇشۇنداق پەرەز قىلغانلىقىدىن بولغان. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھېكايىچى بولسا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاساس قىلىپ: 'گورنى ئادەم ساقلايدۇ' دەپ راسا ئىشەنچ بىلەن سۆزلىگەن. كېيىنچە كىشىلەر، گور پېچەتلەنگەن، چۈنكى دانىيېل موھۇر بېسىپ پېچەتلەنگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، ۋاھالەنكى دانىيېلنىڭ شىر ئۇۋۇسى ئەيسانىڭ گورنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئىكەن، دىيىشكە باشلىغان......ياكى يەھۇدى: 'ئەيسا ئالدىڭلاردا پەيدا بولۇشى مۇمكىن، لېكىن پەيدا بولىدىغىنى ئۇ ئالەمدىكى تەنسىز ئەرۋاھ' دەيدۇ. خىرىستىيان رەددىيە بېرىپ: 'قانداقسىگە تەنسىز ئەرۋاھ بولسۇن؟ ئۇنىڭ تېنىدە تېخى مىخنىڭ ئىزى بارغۇ (بۇ خىرىستىيانلار ئۈچۈن ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىش)! ئۇ بۇ مىخ ئىزلىرىنى خەققە كۆر-

سەتكەن' دەيدۇ. ــ كېيىنكى رىۋايەتلەردە بۇ جاراھەتلەرنى خەقلەر سىلاپ باققان دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېكايىلەر پۈتۈنلەي ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھېكايىلەر تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ."①

ستراۋسنىڭ نۇقتىنەزىرىنىڭ ئۇنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئەجداتلىرىنىڭ نۇقتىنەزىرىدىن چوڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىكى شۈبھىسىز. لېكىن ئۇنىڭدا يەنە زور كەمچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. "تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئېغىزدىن- ئېغىزغا تارقىلىش داۋامىدا ئۆزگىرىشى، ستراۋس كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەپسانىلەرنىڭ راۋاج تېپىشى، قىسقىسى، خەلق ئارىسى- دىكى خىرىستىيان رىۋايەتلىرى بارلىق ئىنجىلغا ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى ياكى ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنىلا چۈشەن- دۈرىدۇ، بۇ ئىختىلاپلار تاسادىپىلىق، مەقسەتسىزلىك خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپ، تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يۈزلىنىشنى ئاشكارىلاپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇ قايسى بىر ئىنجىل ئاپتورىدا دائىم كۆرۈل- دىغان ئەھۋالمۇ ئەمەس. ئەكسىچە، بىز بەزى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مەلۇم بىر ئىنجىلدا بار بولۇپ، باشقا ئىنجىللاردا يوقلۇقىنى كۆرگىنىمىزدە بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى بارلىق خىرىستىيان رىۋايەت- لىرىدە ئەسلىدىن بار بولغان مۇددىئا ئارقىلىق چۈشەندۈرەلمەيمىز؛ بىز بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى مەزكۇر كىتابنىڭ

---

① داۋىد فرىدرىخ ستراۋس گېرمانىيە خەلقى ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ چىققان «ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى»، 1874-يىل لېيپسىگ نېمىسچە 3- نەشرى، 150 ــ 155-بەتلەر.

ئاپتورى ياكى بۇ ئاپتور ۋەكىللىك قىلغان خىرىستىيان تەشكىلاتى-
نىڭ جۇزئى پىكىرلىرىنىڭ ۋە پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغان دەپ ھېساپلىماي تۇرالمايمىز. ئەگەر بۇ خۇسۇسىيەت-
لەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ بەزىبىر ئايرىم يەرلىرىدىلا بارلىققا كەل-
مىگەن بولسا؛ ئەگەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى
ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۈچلۈك ئىپادىلەش ئۈچۈن يېزىلغانلىقى
ئېنىق بولسا؛ ئەگەر ماتېرىيالنىڭ تەقسىم قىلىنىشى، يىللار كور-
سەتكۈچى، ھېكايىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان قىسمى ۋە
ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەر
تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولسا؛ ئەگەر مەزكۇر ئەسەردە ئادەتتىكى
راۋايەتتە ساقلاپ قېلىنىش تەس بولغان ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا
سوزۇلغان سوھبەت ۋە دىئالوگلار يەنە بولسا (بۇ ئەھۋاللار 4-
ئىنجىلدا ۋە 3-ئىنجىلدا بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، گەرچە
بۇنداق ھەيرانلىق ئازراق ھەيرانلىق بولسىمۇ)، ئۇ ھالدا، بىز
ئۆزىمىز دۇچكەلگەن نەرسىنىڭ دىنىي راۋايەتلەر ئۈستىدىكى
ئاددى بايان بولماستىن، ئاپتورنىڭ مەقسەتلىك ئىجادىيىتى
ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك بولىدۇ."① دېمەك، سترائۇسنىڭ ئەپسانە
توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىنىڭ
ھەممىسىنى چۈشەندۈرۈپ كېتەلمىگەن. بۇنى كېيىنرەك سترائۇسنىڭ
ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەيسانىڭ تەرجىمە-
ھالى» دېگەن كىتاۋىنىڭ يېڭى تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا ناھايىتى

---

① ئې.زېلېر، «خىرىستىيان باۋېر ۋە تۈبىنگېن ئېقىمى»، ش.رىتتېر تەر-
جىمىسى، 1883-يىل پارىژ نەشرى، 98-بەت.

كۆپ بەت ئاجرىتىپ "ئاپتورنىڭ مەقسەتلىك ئىجادىيىتى"نى بايان قىلدى. ئېنگېلسنىڭ ئەسىرىدە ئېيتىلغان دەۋردە، يەنى 40 - يىللاردا ستراۋس ئۆز نۇقتىنەزىرىدىكى برۇنوباۋېرنىڭ ئىنتايىن كەسكىن دەككىسىگە ئۇچرىغان ئاجىزلىقلارنى تېخى بايقىمىغان ئىدى.

باۋېر (1809 — 1882 - يىللار) ستراۋسنى **سىرلىق ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى نەرسىنى** ياقتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەپسانە توغرىسىدىكى نەزىرىيىسىدە "ئومۇملۇق، تۈر، دىنىي تەشكىلاتلار، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىش بىۋاسىتە رول ئوينايدۇ"، **ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىشنىڭ ۋاستىلىك پائالىيىتىگە** ئىمكان قالدۇرۇلمىغان دەپ ئەيىپلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ستراۋسنىڭ خاتالىقى ئۇنىڭ مەلۇم ئومۇمى كۈچ (يەنى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىش كۈچى)نى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى بۇنداق كۈچنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئادەتتىكى شەكىلدىلا رول ئوينىغانلىقىدا، ئۆزىنىڭ ئومۇملىقى ئىچىدىنلا بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانلىقىدا. بۇ — دىنىي نۇقتىنەزەر، مۆجىزىگە بولغان ئېتىقات، دىنىي ئىدىيىنىڭ پەيپەن نۇقتىنەزىرىدە قايتا نامايەن بولۇشى، ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىشقا قىلىنغان دىنىي قوپاللىق ۋە ۋاپاسىزلىق......" ستراۋسنىڭ نۇقتىنەزىرى بىلەن باۋېرنىڭ نۇقتىنەزىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىق — "تۈر بىلەن ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش، شەيئى بىلەن جۈتى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىق"[1]. باشقىچە

---

① «ئەركىنلىك ھەققانى ئىشى»، 1842 - يىل سىيۇرىخ ۋە ۋىنتېرتۇر نەشرى، 117 — 118 - بەتلەر.

ئېيتقاندا، ستراۋس ئىنجىل ھېكايىلىرى مەقسەتسىز بارلىققا كەلگەن دەپ كۆرسەتتى، باۋېر بولسا ئىنجىل ھېكايىلىرى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى مۇساپىسىدە كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتتى، بۇ ھېكايىلەرنى بۇ ئادەملەر مەلۇم دىنىي مەقسەتنى كۆزلەپ **مەقسەتلىك تۈزۈپ چىققان** دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ نۇقتىنى ئاتالمىش جون ئىنجىلىدا① ئىنتايىن روشەن، جون باشقا ئىنجىللاردىكى ئەيساغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئەيسانى ياراتقان. بىراق، باشقا ئىنجىل ئاپتورلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلە بار. لۇكا دېگەن كىشى مارك دېگەن كىشى تۈزۈپ چىققان ئىنجىلغا ئۆزىنىڭ پىكرى بويىچە ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئۇلاردىن كېيىن قەلەم تەۋرەتكەن ماتتەي دېگەن كىشى لۇكا ۋە ماركلارغا قىلچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئۇلارنى بىر بىرى بىلەن بىردەك قىلىشقا ھەمدە ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى شۇ چاغدىكى دىنىي نۇقتىنەزەرگە ۋە دىنىي مەقسەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ھەرىكەت قىلدى. لېكىن ئۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدىغان بۇ ۋەزىپىنى ھەل قىلالمايتتى. ئۇ بەك گادىرماش بولغان بىر قاتار زىددىيەتلەر ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. نۇرغۇن مىساللار ئىچىدىن مۇنۇ بىر مىسالغا نەزەر سېلىپ چىقايلى. ماتتەي مۇنداق دەيدۇ: ئەيسا غۇسۇل قىلغىنىدىن كېيىن مۇقەددەس ئەرۋاھ ئۇنى ئالۋاستى ئالداپ باقسۇن دەپ دالىغا ئاپارغان. سوراپ باقايلۇق، نېمە ئۈچۈن

① ھازىر جامائەتچىلىك ساھابە جوننىڭ بۇ ئىنجىلنىڭ ئاپتورى ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

مۇقەددەس ئەرۋاھ، يەنى خۇداغا ئەيسانى ئالۋاستى ئارقىلىق سىناش لازىم بولۇپ قالدى؟ "شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇ ھېلى (غۇسۇل قىلغان چاغدا — گ.پ.) ئەركە بالا دەپ ئاتىغان ئەيسانىڭ ئالدانمايدىغانلىقىنى بىلەتتى."① لېكىن گەپ شۇ يەردىكى، ماتسەي سۆزلەۋېتىپ ئېلەشتۇرۇپ قويغان. "ئۇ ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاددى ھالدىلا كۆچۈرۈۋېلىش ئويىدا بولمىغان؛ ئۇ بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ، بۇلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان."② ئۇ لۇكا ۋە ماركىنىڭ ئىنجىللىرىدىن: مۇقەددەس ئەرۋاھ ئەيسانى ئالۋاستى ئالداپ باقسۇن دەپ دالىغا ئاپارغان دېگەن سۆزنى ئوقۇغان. شۇڭا، ئۇ، مۇقەددەس ئەرۋاھ دالىدا ئالۋاستىدىن پايدىلىنىپ سىناش ئۈچۈن ئەيسانى دالىغا ئېلىپ بارغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنجىلىدا مۇشۇنداق ئېيتقان، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنجىلىدا، بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى سىناپ كۆرۈش زۆرۈر دەپ ھېساپلاپ نەقەدەر بىمەنە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىمىغان. بۇ يەردە تېخىمۇ روشەن بىر مىسال بار. ئىسايا "دالىدا ئادەمنىڭ مۇراجەت قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ" ("خۇداغا يول ئېچىڭلار") دەپ "ئالدىن ئېيتقان". "ئەۋلىيانىڭ ئېيتقىنىنى" ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مارك بىلەن ماتسەي غۇسۇل قىلدۇرغۇچى جوننى "دالا"دا دىن تارقىتىشقا مەجبۇر قىلغان، ماتسەي ھەتتا

---

① «ئوخشاش تىپتىكى ئىنجىل ئاپتورىنىڭ ئىنجىل تارىخى ئۈستىدە پىپەن»، 1846-يىل لېيپسىگ نەمىسچە 2-نەشرى، 1-توم، 213-بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 214-بەت.

يەنە قانداق دالىدا دىن تارقىتىشنى، يەنى يەھۇدى دالىلىرىدا دىن تارقىتىشنى ئېنىق كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئوپ ـ ئوچۇقلا مارك بىلەن لۇكانىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلىغان، ئۇ: گۇنايىغا توۋا قىلغان نۇرغۇن ئادەملەر جونىڭ يېنىغا يىغىلدى ھەمدە ئىوردانىيە دەرياسىدا جون تەرىپىدىن غۇسۇل قىلدۇرۇلدى، دەيدۇ. پەلەستىننىڭ خەرىتىسىگە قاراپ بېقىلسىلا جوننىڭ ئىوردانىيە دەرياسىدا گۇنايىغا توۋا قىلغانلارنى غۇسۇل قىلدۇرۇشىغىمۇ، يەھۇدى دالىلىرىدا دىن تارقىتىشىغىمۇ قىلچە ئەمىلىي مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇغىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، چۈنكى بۇ دالا ئىوردانىيە دەرياسىدىن بەك يىراق.① «مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقنى ھېكايىچىنىڭ شەخسى مەغلۇبىيىتى دەپ قاراش كېرەك.»

بەزى دىندارلار، بەلكى ھېسسىياتلىق بەزى كىشىلەر ھەرقايسى ئىنجىل ئاپتورلىرىنىڭ ئىنجىللىرى ئىچىدىن بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئاپتورلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان ئەيسانىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ئايرىم خۇسۇسىيەتلەرنى تاللاپ چىققان ھەمدە ئۆزىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە "قۇتقازغۇچ خۇدا"نىڭ ئوبرازىنى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇنداق ئوبراز ئۇلارنىڭ ئويىغا، دىتىغا ۋە ھەۋىسىگە باپ كېلىدۇ. ستراتۇسنىڭ پىپەنى قۇراشتۇرۇلغان خىرىستوس ئۈستىدە جىياكۇڭ قىلىشنى

---

① «ئوخشاش تىپتىكى ئىنجىل ئاپتورىنىڭ ئىنجىل تارىخى ئۈستىدە پىپەن»، 1846 ـ يىل لېيپسىگ نېمىسچە 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 143 ـ بەت.

قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. باۋېرنىڭ ئىنجىل ئۈستىدىكى پىپەنى[1] بۇنداق جىياگوڭنى پۈتۈنلەي قىلغىلى بولمايدىغان قىلىپ قويدى، چۈنكى ئۇ تارىختىكى ئەيسانى تۈپتىن ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تەقۋادارلىق بىلەن دىنغا ئىشىنىدىغان "مۆھتەرەم" كىشىلەرنى نەقەدەر قورقۇنچاق سالغانلىقى ناھايىتى روشەن. ئۇ ئىلاھىيەت شىسىدا (ئۇ بوننىدا ئىلاھىيەت شىسىنىڭ جىياڭشىسى ئىدى) دەرس ئۆتۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدى ھەمدە نۇرغۇن كىتابچىلار، ماقالىلار ۋە شىنىڭ دوكلاتلىرىدا قاتتىق سوكۇلدى. لېكىن 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى گېرمانىيە 18 - ئەسىردىكى گېرمانىيىگە ئوخشىمايتتى. 1848 - يىلدىكى ئىنقىلاپ بورىنى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى؛ گېرمانىيە خەلقى ئارىسىدىكى ئىلغار قاتلامنىڭ غەزىۋى كۆنساناپ ئەمەس، بەلكى سائەتلەپ ئېشىۋاتاتتى؛ بۇ قاتلامنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ پىپەنىنىڭ يەكۈنىنىڭ تۈرلۈك مۇقىم قاراشلار بىلەن زىت كېلىشىدىنىمۇ قىلچە ئالاقزادە بولۇپ كەتمىگەن ئىدى؛ ئەكسىچە، ئۇلار بارغانسېرى ئىنكار قىلىش خاھىشىغا ئىگە بولۇۋاتاتتى. ب. باۋېر "مۆھتەرەم" رەقىپلىرىنىڭ زەربىسىگە كەسكىن رەددىيە بەردى، ئۇ ئادەتتىكى دىننىمۇ ئايىمىدى، "خرىستىيان دىنىدىكى دۆلەت"نىمۇ ئايىمىدى. تېخىمۇ كەسكىن بەس-مۇنازىرە قىلغان

---

① بىرىنچى نەشرى: «ئوخشاش تىپتىكى ئىنجىل ئاپتورىنىڭ ئىنجىل تارىخى ئۈستىدە پىپەن»، 1841 - يىل لېيپسىگ نېمىسچە نەشرى، 1 - توم ۋە 2 - توم. «ئوخشاش تىپتىكى ئىنجىل ئاپتورى ۋە جوننىڭ ئىنجىل تارىخى ئۈستىدە پىپەن»، 1842 - يىل برانشۋېك نەشرى، 3 - توم ۋە ئەڭ ئاخىرقى توم.

كىشى ئۇنىڭ ئۇكىسى ئېدگار ئىدى، ئۇ 1844 - يىلى بېرندا «پىپەنچىلەرنىڭ دىنىي جەمىيەت ۋە دولەت بىلەن قىلغان مۇنا- زىرىسى» دىگەن كىتاپىنى چىقارغانلىقى سەۋەۋىدىن تۈرمىگە سولاندى. ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، تۈزۈم ھىمايىچىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇشۇنداق مۇنازىرە ۋاستىسىنى ئالقىشلاشقا ئىنتايىن ئەرزىيدۇ دەپ ھېساپلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك: ئېدگار باۋېر بۇ ئەسىردە شۇنداق چوڭقۇر توختالغانكى، ھەتتا ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ روسسىيە مەدىنىيەت ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان "ئىلغار" ۋەكىللەرنى قورقىتىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ خۇدانى، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، دولەتنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر توختالغانكى، مۇشۇ سەۋەپتىن ئىنكار قىلىش جەھەتتە مېڭىشقا **يول قالمىغان.** ياق، بىز يەنىلا چاتاق قىلىپ قويۇپتۇق، بۇ جەھەتتە **ئەڭ قەتئىي** بىر قەددەمنى مېڭىشقا بولىدۇ، بەلكى چوقۇم مېڭىش كېرەك، يەنى، پىپەن قىلىش قورالى قانچىلىك دەرىجىدە مەھكەم بولدى؟ ئىنكار قىلىش ھەركىتىنى قوللانغان چاغدا پىپەننىڭ ئىشەنچىلىكلىكى قايسى دەرىجىگە يەتتى؟ دىگەن سوئالنى قويۇشقا بولىدۇ، بەلكى چوقۇم قويۇش كېرەك. ياكى، باشقىچە ئېيتقاندا، پىپەننىڭ ئۆزى ئۆزى دەككىسىنى بەرگەن بىر تەرەپلىمىلىكتىن قانچىلىك دەرىجىدە قۇتۇلدى؟ ئاكا - ئۇكا باۋېرلارنىڭ ئالدىدا ماڭغانلار — ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ «مۇقەددەس ئائىلە» دىگەن ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى ئىخلاس بىلەن تەتقىق قىلدى. ئەسلىدە «پىپەن ئۈستىدە پىپەن»نىڭ ئىككى پۈتى ئۆزى كەسكىن قارشى تۇرغان ۋېيشىنجۇيى زېمىنىدا تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كەم-

چىلىگى ئىدى. ب. باۋېر ئىنجىل ھېكايىلىرىنى "ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش" بويىچە تەھلىل قىلغىنىدا، ئۇ شۇ چاغدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن بىر تەرەپلىمىلىككە نۇرغۇن قاتتىق زەربىلەرنى بېرەلەيتتى؛ لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇكىسى بىلەن بىللە "دۆلەت"نى پىپەن قىلىشقا ۋە 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيىدە بولۇپ ئۆتكەن ئۇلۇق ۋەقەنى باھالاشقا ئۆتكەن چېغىدا، بىر قىسمى پۈتۈنلەي خاتا بولغان، بىر قىسمى، ئومۇمەن ئالغاندا، ئاساسسىز ۋە كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان يەكۈننى چىقاردى. بەلكى مۇشۇنداقلا بولاتتى. شۇ چاغدىكى جەمىيەت شىڭتەيى مېنىڭ "ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش"ىم بىلەن توقۇنۇشىدۇ دېيىش — مۇشۇ جەمىيەت شىڭتەيىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەھقىقلەشتۈرگەنلىك ئەمەس تېخى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى باھالىمىغاندا، ئۇنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلغاندىمۇ غەلىبىدىن ئانچە چوڭ ئۈمىت كۈتۈپ بولمايدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس دەل 19 - ئەسىردىكى پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات جەريانى كورسىتىپ بەرگەن بىر ئىشنى ئورۇنلىدى: ۋېيشىنجۇيى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇش ئۈچۈن "ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش"نىڭ مۇستەبىتلىكىنى چۆرۈپ تاشلاش، ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىشنىڭ **ئۆزىنى** بەلگىلەيدىغان سەۋەبىنى تېپىش ۋە كورسىتىش كېرەك. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىغان - ئورۇنلىمىغانلىقى ھەققىدە بۇ يەردە توختالمايلى، كىتاپخانلار ئۇ ئىككەيلەننىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشسۇن. شۇنىلا كورسىتىپ ئۆتىمىزكى، ئاكا- ئۇكا باۋېرلارنىڭ ئابستراكت رادىكاللىقى نۇرغۇن جەھەتلەردە

بىزنىڭ روسىيىدىكى "ئىجتىمائىيەتشۇناسلىقتىكى جۇگۇەن ئۇسۇل" غا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئوخشاشلا ئۈزلۈكسىز تۈردە "پىپەن"، "پىپەن روھى" (بىز بۇ يەردە "پىپەن ئىدىيىسى" دەپ ئاتايمىز) دىگەنلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ؛ ئوخشاشلا **ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا** پەيدا بولغان ھەممە كىشىلەرنىڭ "ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىش"ىنى بەلگىلەيدىغان پىپەننىڭ جەريانىنى چوڭقۇر ئويلاشنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئېدگار باۋېرنىڭ كىچىكلىگە قارشى ئاساسى («پىپەنچىلەرنىڭ دىنىي جەمىيەت ۋە دولەت بىلەن قىلغان مۇنازىرىسى»، 4 ـ باپ) بىلەن ن. مىخايلوۋسكىي ئوتتۇرىغا قويغان سپېنسېرگە قارشى رەددىيە[18] بىر ئايرىم ماقالا ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ بېقىلسا، بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ۋە تەربىيىۋىلىككە ئىگە بولغان بولاتتى. مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىر مەھەل كوز ـ كوز قىلىنغان جۇگۇەن ئۇسۇلدىكى يېڭى نەرسىنىڭ ئازلاپ قانچىلىك دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىغىنى كورستىشكە بولاتتى. ئۇ شۇنىمۇ كورستىپ بېرەتتىكى، روسىيىدىكى جۇگۇەن ئىجتىمائىيەتشۇناسلارنىڭ پۈتۈن ئۆزگىچىلىگى، ئاخىرقى ھېساپتا، ئاللىبۇرۇنلا باشقىلارنىڭ غەربىي ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن كورستىلگەن ۋە تۈزىتىلگەن خاتالىغىنى ئاڭسىز تۈردە تەكرارلاشتىنلا ئىبارەت. ـــ 21 ـ بەت.

● بۇ يەردە فېيېرباخنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ۋە ئىمكانىيىتىمۇ يوق، بىز پەقەت ئۇبېرۋېگ ـ ھېنزېنىڭ **«يېقىنقى زامان پەلسەپە تارىخى»**[19]دىن بىرنەچچە قۇر سوزنىلا كەلتۈرىمىز (رۇسچە تەرجىمىسى، 394 ـ بەت). "ئۇ جازا قانۇنى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مەشھۇر قانۇن-

شۇناس ئانسېلم فېيېرباخنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1804 ـ يىلى تۇغۇلغان، دەسلەپتە ئىلاھىيەتنى تەتقىق قىلغان...... كېيىن گېگېلنىڭ مۇرىدى بولۇپ قالغان. ئۇ 1824 ـ يىلى بېرلىنغا كوچۇپ بارغاندىن كېيىن، گېگېلدىن دەرس ئالغان ھەمدە ناھايىتى تېزلا پەلسەپىگە پۈتۈنلەي كىرىشىپ كەتكەن. 1828 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇ ئېرلانگېندا دەرس ئوتۇشكە باشلىغان، 1836 ـ يىلدىن باشلاپ ئانباخ بىلەن بايرېيت ئارلىقىدىكى برۇكبېرگ يېزىسىدا تۇرغان، 1869 ـ يىلدىن باشلاپ نيۇرنبېرگ يېنىدىكى رېيشېنبېرگ يېزىسىدا تۇرغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئوتكەن، 1872 ـ يىلى ۋاپات بولغان."

ئۇنىڭ **«خىرىستىيان دىنىنىڭ ماھىيىتى»**[20] دېگەن كىتاۋىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئازغىنا گەپ بىلەن بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ[21].

فېيېرباخ مۇنداق دەيدۇ: "دىن ئادەملەرنىڭ ئاڭسىز ھالدا ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىشىدۇر." دىندا ئادەم ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ "**ماھىيىتى**"نى ئىلاھىلاشتۇرىدۇ. ئىلاھنىڭ ماھىيىتى ــ ئادەمنىڭ ماھىيىتى، ياكى تۈزۈكرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ شەخسنىڭ چەكلىمىلىكلىگىدىن خالاس بولغان ۋە يىراقلاشقان ئادەمنىڭ ماھىيىتى. لېيبنىز ئۆزى يازغان «ئىلاھىي ئادالەت»تە مۇنداق دەيدۇ: "ئىلاھنىڭ تاكامۇللۇغى ــ بىزنىڭ جېنىمىزنىڭ تاكامۇللۇغى، لېكىن ئىلاھنىڭ تاكامۇللۇغى ــ ھەر تەرەپلىمە تاكامۇللۇق...... بىزدە **مەلۇم** كۈچ ـ قۇۋۋەت، **مەلۇم** بىلىم، **مەلۇم** ياخشى خىسلەتلەر بولىدۇ، ئىلاھ بولسا، بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە **تولۇق** ئىگە بولغان بولىدۇ." بۇ ئىنتايىن توغرا، شۇنىڭدەك بۇ پەقەت "**ئىلاھتىكى ھەممە خۇسۇسىيەتلەر ئادەمدىكى ھەممە خۇسۇسى-**

يەقىلەردىن ئىبارەت" ئىكەنلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ. لېكىن دىنغا ئىشەنگۈچى كىشى شۇنى بىلمەيدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ماھىيىتىنى كېتىلاشتۇرغان، يەنى بۇنداق ماھىيەتنى "ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خىل مۇستەقىل مەۋجۇدىيەت قىلىۋېلىش بىلەن، ئۇنى بىۋاستە كۆزىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان بولغان". دىن — ئادەمنىڭ ئىككىلەشتۈرۈلۈشى، ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن بولۇنۇشى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق ئىككى يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، گېگېل ھەقىقى ئەھۋالنى پۈتۈنلەي بۇرمىلىغان، چۈنكى ئۇ: "ئادەمنىڭ ئىلاھ توغرىسىدىكى بىلىمى ئىلاھنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى بىلىمدۇر" دەيدۇ، ياكى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، "ئىلاھ ئۆزىنى ئادەم ئارقىلىق بىلىدۇ" دەيدۇ. پاكىت دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە: ئادەم ئۆزىنى ئىلاھ ئارقىلىق بىلىدۇ، "ئادەمنىڭ ئىلاھ توغرىسىدىكى بىلىمى ئادەمنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى بىلىمدۇر". ئىلاھنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئادەمنىڭ قانداق پىكىر قىلىشى ۋە ھېس قىلىشىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. "ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى قانداق بولسا، ئۇنىڭ ئىلاھنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دىن — ئادەم مەخپىيەتلىكى غەزىنىسىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى..... ئادەم مۇھەببىتى مەخپىيەتلىكگە بولغان ئاشكارا ئېتىقات." دىن جەھەتتىكى ھەرقانداق تەرەققىيات ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى جەھەتتىكى تەرەققىياتتۇر. خىرىستوس، ئىلاھنىڭ گەۋدىلىنىشى — "كىشىلەرنىڭ ئۆزى كورگەن ئىلاھ..... بەخت توغرىسىدىكى ئىشەنچ: ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش ھەمدە ئۇنىڭ مەۋجۇت

بولۇشى ھېسسىيات ئۈچۈن قانداق زورۇر بولسا، ھېسسىيات ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى قانداق ئۈمىت قىلسا، ئۇ شۇنداق مەۋجۇتتۇر دەپ ئىشىنىش. شۇڭا، پەقەت خىرىستوستىلا دىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى، دىنىي ھېسسىياتنىڭ مەخپىيىتى ئېچىپ بېرىلدى (ئەلۋەتتە، دىنغا خاس ئوبرازلىق تىل بىلەن ئېچىپ بېرىلدى)؛ مەلۇم نەرسە ئىلاھتا **ماھىيەت** بولسا، خىرىستوستا **ھادىسە** بولۇپ قالدى......مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خىرىستىيان دىنىنى مۇتلەق دىن دەپ ئاتاشقا بولىدۇ“. شەرق دىنلىرىدا، مەسىلەن، ھىندىستان دىنىدىمۇ ئىلاھنىڭ گەۋدىلىنىشى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ. لېكىن شەرق دىنلىرىدا بۇ گەۋدىلىنىشلەر تولىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ”شۇڭا ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ“. گەۋدىلىنىپ چىققان ئىلاھ بۇ دىنلاردا **ئادەملەشمىگەن**، يەنى **ئادەمگە** ئايلانمىغان، چۈنكى ئادەملەشمىگەن ئىكەن، ئادەممۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچى، دىن جەھەتتە ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۇنىڭ سىرتتا تۇرغان، يەككە تۇرغان، ئۆزىگە قارىمۇ-قارشى بولغان مەۋجۇدىيەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلغىنىغا ئوخشاش بولغانلىقى، دىن ئادەملەرنىڭ **ئاڭسىز ھالدا** ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىشىدىنلا ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىنىڭ بىر قاتار زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر. دىنغا ئىشىنىدىغان ئادەم: ئىلاھ مۇھەببەتتۇر دەيدۇ، ماھىيەتتە بۇ ئۇنىڭ پەقەت: مۇھەببەت دۇنيادا ھەممىدىن ئەلا دېگەنلىكى. لېكىن ئۇنىڭ دىنىي ئېڭىدا مۇھەببەت كەمسىتىلىپ يەككە تۇرغان مەۋجۇدىيەت، يەنى **ئىلاھنىڭ خۇسۇسىيىتى** قىلىپ قويۇلغان، ئىلاھ مۇھەببەت-

تىن ئايرىلغان تەقدىردىمۇ رول ئوينىۋېرىدۇ. دىنغا ئىشىنىدىغان ئادەمنىڭ قارىشىچە، ئىلاھقا ئىبتىقات قىلىش يېقىنلىرىغا چىن نىيەتتە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆزى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە چوقۇنىدىغان مۇھەببەتنى دەپ، خۇداسىزلارغا نەپرەت ئوقۇيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆز ماھىيىتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇرمىلىغان بۇنداق ئىلاھقا بولغان ئىبتىقات مانا شۇ تەرىقىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بۇرمىلايدۇ. ئىلاھقا ئىبتىقات قىلىش دىنىي تەلۋىلىك كېسەلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممە بالايى-ئاپەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىبتىقات جاننى قۇتقۇزۇشنى دەپ قاغىش ياغدۇرىدۇ، خاتىرجەملىكنى دەپ خالىغانچە زورلۇق قىلىدۇ. ئىلاھ — خىيالىي تۇيغۇ. لېكىن بۇ تولىمۇ زىيانلىق خىيالىي تۇيغۇ: ئۇ ئەقىلنى بوغۇپ قويىدۇ، ئادەمنىڭ ھەقىقەتكە ۋە ياخشىلىققا بولغان تەبىي ھەۋەسىنى باسىدۇ...... شۇڭا **ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغان ئەقىل بۇنداق خىيالىي تۇيغۇنى يوقىتىشى** لازىم. ئەقىلنىڭ بۇنى قىلىشى قىيىن ئەمەس. ئەقىل دىن بەرپا قىلغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى تەتۈرسىگە ئۆرىسىلا بولغىنى. دىندا **ۋاستە** قىلىنغان نەرسىلەر (مەسىلەن، مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىكنىڭ ۋاستىسى بولغان گۈزەل ئەخلاق) **مەقسەت** بولۇشى كېرەك؛ دىندا بويسۇنغۇچى، ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلغان ئىشلار، **شەرت** قىلىنغان نەرسىلەر (مەسىلەن، دۇنيادىكى ئادەملەرنى ياخشى كۆرۈش ئىلاھنىڭ بىزنى ياخشى كۆرۈشى **ئۈچۈن شەرت**) ئاساسلىق ئىشلار بولۇشى، **سەۋەپ** بولۇشى كېرەك. **"ئادالەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئۇنىڭ**

**ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئاساسى بولىدۇ. ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەۋجۇدىيەت يوق.**"

‹1902 ـ يىلى «سوتسىيالىزىم ھەركىتى» ژورنىلى تەھرىرى بولۇمى ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى سوتسىيالىستىك پارتىيىلەرنىڭ **دىنىي ھوقۇق مەسىلىگە** بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان ئىدى[22]. ھازىر بۇ مەسىلە روشەن **ئەمەلىي** ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاساسەن **نەزىرىيىۋى** مەسىلە بولغان باشقا بىر مەسىلىنى ئالدىنالا چۈشەندۈرۈپ بېرىش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ **ئادىمىي سوتسىيالىزىمنىڭ دىنغا بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى**. كېيىنكى مەسىلە ھازىرقى زاماندىكى خەلقارا سوتسىيالىستىك ئەسەرلەردە زادىلا تەھلىل قىلىنمىغان دىيىشمۇ بولىدۇ. بۇ ـ مۇشۇ ئەسەرلەردىكى زور كەمتۈكلۈك، بۇ كەمتۈكلۈك دەل زور كۆپچىلىك ھازىرقى زامان سوتسىيالىزىمچىلىرىنىڭ "**ھەقىقەتنى ئىزلەش روھى**"دىن كېلىپ چىققان. بەزىلەر، دىن شەخسنىڭ ئىشى، دەيدۇ. بۇنىسى توغرا، لېكىن بۇ پەقەت مۇئەييەن چەكلىك مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىلا توغرا. ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، ھەرقايسى ئەللەردىكى سوتسىيالىستىك پارتىيىلەر پارتىيە گاڭلىگىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەممە پارتىيە گاڭلىگىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەلۇم دىنىي بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ساقلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆز قوشۇنىغا قاتنىشىشىنى رەت قىلىشى ئىنتايىن **پايدىسىز** ئىش؛ ئەگەر بارلىق پارتىيىلەر پارتىيە گاڭلىگىنىڭ ئاساسى بولغان نەزىرىيىنى چۆرۈپ تاشلايدىغان بولسا،

ئۇ تېخىمۇ پايدىسىز ئىش بولغان بولاتتى. نەزىرىيە — ھازىرقى زامان **ئىلمىي سوتسىيالىزمى** — دىننى خاتا تەبىئەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي قاراشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە چەتكە قېقىپ چىقىرىدۇ، ئۇنى پرولېتارلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنىڭ توسالغۇسى سۈپىتىدە سوكىدۇ. دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئادەملەرنى تەشكىلىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا بىزنىڭ **ھەققىمىز يوق**، لېكىن بىزنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بۇ ئادەملەردىكى دىنىي ئېتىقاتنى تۈگىتىش ياكى ھېچ بولمىغاندا دىنغا ئىشىنىدىغان يولداشلىرىمىزنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى تارقىتىشىنى توسۇش — ئەلۋەتتە، مەنىۋى قورال بىلەن توسۇش — **مەجبۇرىيىتىمىز بار**. تەلتۆكۈس سوتسىيالىستىك دۇنياقاراش دىن بىلەن پۈتۈنلەي كېلىشەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئاساسچىلىرىنىڭ دىننى قەتئىي ئىنكار قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "بىز ئۆزىنى تەبىئەتتىن خالىي ۋە ئادەمدىن خالىي دەپ ئاتىۋالغان بارلىق شەيئىنى تۈگىتىمىز...... دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز دىنغا ۋە دىنىي قاراشلارغا مەڭگۈ ئۇرۇش ئېلان قىلىمىز."[23] ماركسمۇ دىننى ھوكۇمران سىنىپلار خەلقنىڭ ئېڭىنى بىخۇتلاشتۇرۇشتا پايدىلىنىدىغان ئەپيۇن دەپ ئاتىغان ئىدى؛ يەنە، خەلقنىڭ خىيالىدا بەخت ھېساپلانغان دىننى يوقىتىش خەلقنىڭ رېيال بەختكە بولغان تەلىپى، دېگەن ئىدى. ماركس يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "دىننى پىپەن قىلىش ئادەمنى خىيالدىن خالاس قىلىدى، ئادەمنى خىيالدىن خالاس بولغان، ئەقلى بار ئادەم سۈپىتىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ھەركەت قىلىشقا،

ئۆزىنىڭ رېئاللىقىنى بەرپا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى؛ ئادەمنى ئۆزىنى ۋە ئۆز رېئاللىقىنىڭ قۇياشىنى دەۋرىي قىلىپ ئايلىنىشقا مۇۋەپپەق قىلدى."[24]

بۇ نۇقتىدا توغرىلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردىكى بۇرۇنقى بەزى "ماركسىزمچىلار" ئۆزلىرىدىكى بۇرژۇئا خاھىشى تۇپەيلىدىن پرولېتارىياتنىڭ تولۇق ئويغىنىشىنى خالىمايدىغان بولدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇنى خالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلار ھازىر دىنىي ئېتىقاتنىڭ قوينىغا يېنىپ كەلدى.[25]، — 22 ـ بەت.

❶ئېنگېلس ئىشلەتكەن "نەسرى ئەدەبىيات"، "نەسرى ئەدەبىياتلىق" دېگەن سوزلەرنىڭ مەنىسى ھازىر روسىيىدە چۈشىنىلىۋاتقىنىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، كىتاپخانلاردا: "'ھەقىقى' سوتسىيالىزىم قانداقسىگە چۈشكۈنلىشىپ كىشىنى جەلپ قىلالمايدىغان نەسرىي ئەدەبىيات بولۇپ قالىدۇ؟ 'ھەقىقى' سوتسىيالىزىمنىڭ ۋارىسلىرى ئەتىمالىم يامان، خاھىش خاراكتېرلىق رومان ۋە ھېكايە يازغان ئوخشايدۇ ـ دە؟" دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن ئەھۋال مۇنداق: نېمىسلار شېئىرىيەت (Dichtkunst) نىلا ئەمەس، بەلكى مۇنازىرىخورلۇق (Redekunst) نىمۇ نەسرى ئەدەبىيات (ئاتالمىش (schöne Wissenschaften) قاتارىغا قوشىدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر روسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ سوزى بىلەن ئىپادىلىگەندە، ھەقىقى سوتسىيالىزىمنىڭ چۈشكۈنلىشىپ نەسرىي ئەدەبىيات بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كىشىنى جەلپ قىلالمايدىغان نۇتۇقۋازلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيلى، بېلىنسكىيـ

نىڭ ئەسەرلىرىدە "نەسرى ئەدەبىيات" دىگەن سوزنىڭ مەنىسى بىز هازىر بۇ سوزگە بەرگەن مەنىدە ئەمەس.

«گېرمانىيە سوتسىيالىزمى ياكى "ھەقىقى" سوتسىيالىزىم توغرىسىدا ف. مېرىن: «گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە-سىنىڭ تارىخى»، 1 - توم، 199 — 203 - بەتلەرگە قارالسۇن[26]. مېرىن ئۆزى نەشر قىلغان ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەسىرىگە بەرگەن ئىزاھىدا («ئەدەبىي مىراسلار»، 2 - توم، 349 — 374 - بەتلەر) بۇ مەزھەپنى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلغان. ئادلېر جياۋشۇنىڭ «گېرمانىيىدىكى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائى سىياسى ھەركەتلەر تارىخى» دىگەن ئەسىرىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشىدىكى ئاساسى سەۋەپ شۇكى، ئۇنىڭدا "ھەقىقى" سوتسىيالىزىمچىلار، بولۇپمۇ م. ھېس ۋە ك. گرۈننىڭ ئەسەرلىرىدىن پارچىلار ئېلىنغان. ماركس «كارل گرۈن ‹فرانسىيە ۋە بېلگىيىدىكى ئىجتىمائى ھەر-كەت›، ياكى "ھەقىقى سوتسىيالىزىم" ھەققىدە تارىخ تۈزۈش ئىلمى» دىگەن ماقالىدا[27] ك. گرۈن توغرىسىدا تازا ئوبدان مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، بۇ ماقالا دەسلەپتە «ۋېستفالىيە پار كېمىسى»[28]نىڭ 1847 - يىلدىكى 8 — 10 - ئايلىق سانلىرىدا بېسىلغان، كېيىن «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ 1899 — 1900 - يىللاردىكى 1 — 6 - سانلىرىدا كوچۈرۈپ بېسىلغان. ئاخىردا — last not least① — «گۆڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»دىكى ھەقىقى سوتسىيالىزىم توغرىسى-دىكى سوزلەرنى ئەستە تۇتۇش لازىم، بۇ سوزلەر كوپ بولمى-

① موھىملىقى جەھەتتىن ئەمەس، تەرتىۋى جەھەتتىن ئاخىردا.

سىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ مەزمۇنى ئالاھىدە مول، ھەقىقى، بەلكى ئىنتايىن ئوتكۈر (مەن تەرجىمە قىلغان 1900 ـ يىلدىكى نەشرىنىڭ 3 ـ باپ، 29 ــ 33 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن). «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلى (1895 ــ 1896 ـ يىللاردىكى 37 ـ ۋە 38 ـ سانلار، 1896 ــ 1897 ـ يىللاردىكى 34 ــ 35 ـ سانلار)دا بېسىلغان ستروۋې ئەپەندىنىڭ بەزى ماقالىلىرى ھازىر ھەننىۋا ئەھمىيىتىنى دىگۈدەك يوقاتتى. بۇلاردىن بىرىنچىسىدە ماركسنىڭ ئىككى ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنغان (بىرى ھېرمان كرىگ توغرىسىدىكى ماقالا بولۇپ، ھېرىن تەرىپىدىن تولۇق بېسىلغان، «ئەدىبىي مىراسلار»، 2 ـ توم، 415 ــ 445 ـ بەتلەرگە قارالسۇن؛ يەنە بىرى كارل گرۈن توغرىسىدىكى ماقالا بولۇپ، «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سانلىرىدا كوچۈرۈپ بېسىلغان)؛ ستروۋې ئەپەندىنىڭ «ئىلمىي سوتسىيالىزىمنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە قىسقا پىكلۇن» ناملىق ئىككىنچى ماقالىسىدا **"سىنىپىي كۈرەش ئىدىيىسىنىڭ تارىخى"** مەسىلىسى سۆزلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇ، بۇ ئىدىيىنى لورېنتس ستېيىن. بىرىنچى بولۇپ جاكالىغان، ھېچ بولمىغاندا گېرمانىيە ھوجەتلىرىدە شۇنداق، دەپ ھېساپلايدۇ. ستروۋې ئەپەندى ماركس بۇ ئىدىيىنى ستېيىندىن ئوغرىلىۋالغان دەپ قارايدۇ. بۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق ۋە تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان پەرەز. بۇ پەرەزنى دەلىللەش ئۈچۈن ستروۋې ل. ستېيىننىڭ فرانسىيە سوتسىيالىزىمى توغرىسىدىكى ئەسىرى دۇنياغا كەلگەن چاغدا ماركسنىڭ فرانسىيىدىكى تىرىلىش دەۋرىدىكى سىنىپىي كۈرەش نۇقتىسىنەزىرىدە ئاللىبۇرۇنلا چىڭ تۇرغان تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى

كېرەك. سترۇۋې ئەپەندى بۇنى ئىسپاتلىيالمايدۇ، بەلكى مەڭگۈ ئىسپاتلىيالمايدۇ (بۇ مەسىلىگە قىزىقىدىغان كىتاپخانلارغا «گۆڭ-چەنداڭ خىتاپنامىسى»نىڭ 1900-يىل نەشرىگە ئۆزەم يازغان سۆز بېشىنى تونۇشتۇرىمەن). ئەمدى سترۇۋې ئەپەندىنىڭ ماقالىسى مۇنۇ جەھەتلەردىنلا قارىغاندا بىر ئاز مەزىسى بار بولۇپ چىقىدۇ: ئۇنىڭ ماقالىسى بىزگە، 1896 — 1897 - يىللاردىكى سترۇۋې ئەپەندىنىڭ سەۋىيىسى، گەرچە ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە نۇرغۇن كەم-چىلىكلەر بولسىمۇ، تەربىيىلىنىشى بەك يېتەرسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىن «ئازاتلىق»[29] ژورنىلىنى تەھرىرلەش ۋاقتىدا چۈشۈپ قالغان سەۋىيىسىدىكىدىن خېلى كوپ يۇقۇرى، دىگەننى ئۇقتۇرىدۇ. "مايمۇندىن تەرەققى قىلىپ" ئادەمگە ئايلىنىش ئىنتايىن خوشاللىق ئىش، لېكىن ئادەمدىن "مايمۇن"غا ئايلىنىشتەك مۇشۇنداق ئەكسىگە يېنىشتىنمۇ ئېچىنارلىق ئىش يوق......

"ھەقىقى" گېرمانىيە سوتسىيالىزىمچىلىرىنىڭ **نەزەرىيە جەھەتتىكى توپ** ئەيىۋى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىقتىساتشۇناسلىق، بولۇپمۇ سىنىپىي كۈرەش ھەققىدە ھېچنىمىنى بىلمەيدىغانلىقىدا ئىدى؛ "**سىياسى**"نى ئىنكار قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ **ئەمەلىيەت داۋامىدىكى** ئەڭ جىددى خاتالىقى ئىدى. ھازىر بىزدىكى ھەرقانداق بىر مۇتەئەسسىپ ئېھتىمال كارل گرۈننىڭ شۇ چاغلاردىكى گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەركىنچىلىك ھەركىتىگە قىلغان ھۇجۇمىنى ئالقىشلاشنى خالار! ماركس بۇ جىددى خاتالىقنى ئىنتايىن قاتتىق ئەيىپلىگەن؛ بۇ — ماركسنىڭ نۇرغۇن توھپىلىرىنىڭ بىرى. لېكىن، ھەقىقى سوتسىيالىزىمچىلارنى سوككەندە، **ھەرقايسى ئەل** خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلىرىنىڭ سوتسىيالىزىمنىڭ سىياسىغا بولغان مۇناسى-

ۋەتتى مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلمىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك. روسىيىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس: بىزدىكى نارودنىكلار ۋە خەلق ئىرادىچىلىرىمۇ بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئۇسال بىر تەرەپ قىلدى. مۇشۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا **ھازىر روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى** ئارىسىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسى ۋەزىپىسىگە ئائىت بەزى خېلى ئاجايىپ نۇقتىنەزەرلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ نوۋەتتە بىز دۇچكېلىۋاتقان **بۇرژۇئا** ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە **ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش** توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسىنى تىلغا ئېلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر كەلگۈسىدە **سوتسىيالىستىك** ئۆزگىرىش ئۈستىدە توختالغان چاغدىلا ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقى ۋە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان. بۇ كىشىلەر («پۇرولېتارلار گېزىتى»[30]نىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەر) ئۆمرى ئۆتكەپ كەتكەن "**خەلق ئىرادىچىلىكى**"نىڭ سىياسى نۇقتىنەزىرىگە قايتىپ كەتتى. ئىلمىي سوتسىيالىزىم ئاساسچىلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش مەسىلىسىدىكى قارىشى بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئېنگېلس «گېرمانىيىدىكى دېھقانلار ئورۇشى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "چېكىدىن ئاشقان بىر رەھبەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرىكەت تېخى ئۇ ۋەكىللىك قىلغان سىنىپنى ھوكۇمرانلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇش ۋە بۇنداق ھوكۇمرانلىقتا كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش دەرىجىسىگىچە پىشىپ يېتىلمىگەن چاغدا ھاكىمىيەتنى مەجبۇرەن قولىغا ئېلىشتىنمۇ ئۇسال ئىش يوق. ئۇنىڭ **چامىسى يېتىدىغان ئىش** ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەس، بەلكى ئوخشاش

بولمىغان سىنىپلارنىڭ مەنپەئەت قارىمۇ ـ قارشىلىغىنىڭ دەرىجە-
سىگە، تارىختىن بۇيان بۇنداق قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ دەرىجىسىنى
بەلگىلەپ كەلگەن ماددى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش
ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە
باغلىق. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ رەھبەر قىلىشقا تېگىشلىك
ئىشمۇ، ئۇز پارتىيىسى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىشمۇ ئۇنىڭغا باغلىق
ئەمەس، بىراق سىنىپىي كۈرەشنىڭ راۋاجلىنىش دەرىجىسىگە ۋە
شارائىتىگىمۇ باغلىق ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۇزى ئەزەلدىن تەرغىپ
قىلىپ كەلگەن نەزىرىيە ۋە تەلەپلەر تەرىپىدىن چەكلىنىپ
قالغان، بۇ نەزىرىيە ۋە تەلەپلەر بولسا شۇ چاغدىكى جەمىيەتتىكى
ھەرقايىسى سىنىپلار ئارىسىدىكى ئورۇنىدىنمۇ ھاسىل بولمىغان،
ۋاقىتلىق، بىر ئاز تاسادىپى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش
مۇناسىۋەتلىرىدىن پەيدا بولمىغان، بەلكى شۇ رەھبەرنىڭ ئىجتى-
مائى سىياسى ھەركەتنىڭ ئومۇمى نەتىجىسىگە بولغان چۈشىنىش
ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ يا ئىلگىرىلى-
يەلمەي، يا ئارقىغا يانالماي قىيىن ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇقەر-
رەر: ئۇنىڭ چامىسى يېتىدىغان ئىش ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق
ھەركەتلىرى، ئۇنىڭ پىرىنسىپى ۋە ئۇز پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە
مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشىدۇ؛ ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولسا
مۇۋەپپەقىيەتمۇ قازىنالمايدۇ. دېمەك، ئۇ ئۇز پارتىيىسىنى، ئۇز
سىنىپىنى قوغدىماي، شۇ چاغدىكى ھەركەت ھوكۇمران بولۇش
شارائىتىنى يېتىلدۇرگەن سىنىپىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ
ھەركەتنىڭ ئۇز مەنپەئەتى يولىدا يات سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى
قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇ بەزىبىر قۇرۇق گەپ، ۋەدە، كاپا-

لەتلەر ئارقىلىق ئۆز سىنىپىغا تاقابىل تۇرۇپ، باشقا سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىم دەپ تۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كىمكى مۇشۇنداق خاتا ئەھۋالغا پېتىپ قالغان بولسا، شۇ قۇتقۇزۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە چۈشكۈنلەشكەن بولىدۇ.» [31] (بۇ بىر ئابزاس مېنىڭ «بىزدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى» دىگەن ماقالەمدا نەقىل ئېلىنغان ئىدى، شۇ كىتاپنىڭ 288 — 289 - بەتلىرىگە قاراڭ.)

بۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لېنىنغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نىسبىزىمچىلار بىلەن ماخىزىمچىلارغا پايدىلىق. بىراق مۇشۇ «ئالاھىدە ئادەملەر» تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يوقاتقانمىكىن دەپ ئەنسىرەشكە ئاساس بار.» [32] 24 - بەت.

● «دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىش» ياكى «دۇنيانى ئۈزۈل - كېسىل بىلىش مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىش» دىگەننىڭ مەنىسى نىمە؟ بۇنى تۆۋەندە ئايدىڭلاشتۇرىمىز.

مەن ئۆزەمنىڭ مەۋجۇتلۇغىدىن بىر سىكۇنتمۇ شۈبھىلەنمەيمەن؛ مېنىڭ رەددىيە بېرىپ بولمايدىغان ئېچكى ئىشەنچىم ئۆزەمنىڭ مەۋجۇتلۇغىدىن ماڭا كېپىللىك بېرىدۇ. كىتاپخان ئېھتىمال مۇنۇلارنى تولۇقلاپ قويۇشى مۇمكىن: «ئەقىلگە مۇۋاپىق تۇردە ئويلىنىلسىلا، مۇشۇ قۇرلارنى يازغان قەغەزنىڭ مەۋجۇتلۇغىدىن شۈبھىلىنىشكە سەندىمۇ ھېچقانداق ئاساس يوق، دەپ ھېساپلاشقا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.» باشقا ۋاقىتتا مەنمۇ بۇنىڭدىن شۈبھىلەنمەيمەن، لېكىن ھازىر مەن پەلسەپىۋى قائىدە ئۈستىدە توختالماقچىمەن، بىر پەيلاسوپنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى «ئەقىلگە مۇۋاپىق ئويلىنىش» ھەممىشە قايىل قىلارلىق بولىۋەرمەيدۇ. كىتاپخان

جاۋاپ بېرىڭچۇ: سىز قەغەزنىڭ قانداق **مەۋجۇتلۇغىنى** دەۋاتى-
سىز؟ ئەگەر سىز قەغەز مەندىن **سىرت** مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ،
ئۇ ئاتالمىش تاشقى دۇنيانى تەشكىل قىلغان دۇيشياڭلار قاتارىغا
كىرىدۇ دەپ قارىسىڭىز، ئۇ ھالدا، سىزگە بىر يېڭى سوئال
قويىمەن: سىز بۇ دۇيشياڭلارنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى قانداق بىلىسىز؟
«تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇغىدىن قانداق نەرسە سىزگە كېپىللىك
بېرەلەيدۇ؟»، سىزنىڭ تاشقى سەزگۇ ئەزالىرىڭىز بۇنى سىزگە
ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ، سىزنىڭ **تۇيغۇڭىز** بۇنى سىزگە ئىسپاتلاپ
بېرىدۇ، دېمەك، سىز بۇ قەغەزنى **كورىسىز** ھەمدە بۇ جوزىغا
**تېگىپ تۇرىسىز**. بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما بۇ سىزنىڭ
ئەمەلىيەتتە **دۇيشياڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى** تۇيغۇ ۋە تۇيغۇ
ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن تەسەۋۋۇر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەنلى-
گىڭىزنى چۈشەندۇرىدۇ. سىز تۇيغۇغا ئاساسلىنىپلا دۇيشياڭنىڭ
مەۋجۇتلۇغىنى پەملىيەلەيسىز. لېكىن سىز بۇنداق پەملەشنىڭ
**توغرىلىغىنى** نىمە بىلەن ئىسپاتلايسىز؟ سىز دۇيشياڭنى تۇيغۇنىڭ
**سەۋەبى دەپ** قارايسىز. مەن سىزنىڭ **سەۋەپ** تەسەۋۋۇرىڭىزنىڭ
زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئىشەنچىلىك ئىكەنلىگى توغرىسىدا
توختالماي تۇراي، بىراق سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ تۇيغۇڭىزنىڭ
سەۋەۋىنىڭ **ئۆزىڭىزدە** ئەمەس، بەلكى **ئۆزىڭىزنىڭ سىرتىدا**
ئىكەنلىگىنى نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشىنىدىغانلىغىڭىزنى چۈشەن-
دۇرۇپ بەرمەمسىز؟ دۇرۇس، سىز ئۆز تۇيغۇڭىزنى ئىككىگە
بولۇشكە ئادەتلىنىپ قالغان: (1) سەۋەبى ئۆز تېنىڭىزدىكى تۇيغۇ؛
(2) سەۋەبى تاشقى دۇيشياڭدىكى تۇيغۇ. بىراق، بۇ **يالغۇز**
ئادەتتىنلا ئىبارەت، خالاس. سىز تۇيغۇنى ئىككىگە بولىدىغان

مۇشۇنــداق ئادەت بولۇپ كەتكەن بولۇش ئۇسۇلــنىڭ ئۆزىڭىز-
دىكى "مەن"نىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسلىكىنى قانداق
بىلىسىز؟ سىزدىكى بۇ "مەن" پەقەت ئۇ ئۆزىدە ئاڭسىز ئىجادىيەت
پائالــيىتى ئارقىلىق تاشقى دۇنــيانى، يەنى "غەيــرى مەن"نى
ئىجات قىلغان ھەمدە ئۇنى ئۆزى بىلەن قارىــمۇ-قارشى قىلىپ
قويغان چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنى ئاڭقىرىۋالــدۇ. مېنىڭــچە، ئىش
دەل مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىنكى، ھەرقانداق تاشقى دۇنيا، يەنى
مەندىكى "مەن"دىن باشقا دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس.

سىلەر مېنىڭ "كاززاپلىق" قىلــغىنىم ئۈچۈن غەزەپلەنسەڭلار،
غەزەپلىنىۋېرىڭلار، مەن پەلسەپىۋى قائىدە ئۈستىدە توختىلىۋېرى-
مەن. لېكىن ھازىر مەن جۇڭگوۋەن ۋېيشىنجۇيىلىق نۇقتىنەزەرنى
(بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى فىشت) چورۇپ تاشلاپ، شۇبھىچى-
لەرنىڭ نۇقتىنەزىرىــگە ئۆتىمەن.

يۇمــنىڭ «ئىنسانلار ئەقلى توغرىســدا تەتقىــقات» دېــگەن
كىتاۋىنى ئېــچىپ، 12-باپتىكى بىر ئابــزاسنى سىــلەرگە ئوقۇپ
بېرەي. "ئەلۋەتــتە، ئاددى، تەبىى ئىقتىدار كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ
تاشقى سەزگۇ ئەزالىرىــنىڭ بايانىغا ئىشەنگۈزىدۇ.......مۇشۇنداق
قارغۇلارچە، كۈچلۈك تەبىى ئىقــتىــدارغا بىــنائەن ئۇلار دائىم
ئۆزلــرى تاشــقى سەزگۇ ئەزالــرى ئارقىلــق ھاســل قىلــغان
ئوبرازنى تاشقى دۇيشياڭغا كىرگۈزىــدۇ، ئۇلار بۇ ئوبرازلارنىڭ
مۇشۇ دۇيشياڭلارنىڭ تەسۋىرى ئىكەنــلىــكىدىن مەڭگۇ شۇبھىلەن-
مەيدۇ". لېــكىــن، ئەگەر پەلــسەپە تەبىى ئىقــتىــدارنىڭ ئادەم
ئالدىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، ئۇ ھالــدا، ئىنــتايىن
چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچكېلىدۇ. ھەل قىلغۇچ ئاساس تەجرىبىدىنلا

ئېلىنىشى مۇمكىن، بىراق "تەجرىبە بۇ يەردە جىم بولۇۋالىدۇ، بەلكى جىم بولۇۋېلىشى كېرەك": بىز تەسەۋۋۇر بىلەنلا ئالاقىلىشىمىز، بەلكى بىز ئۇلارنىڭ دۇنياسى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى مەڭگۈ تەكشۈرۈپ چىقالمايمىز. شۇڭا، ئەقلىيلىق بۇنداق باغلىنىشنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئاساس بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئالاقىزادە بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك، ئەلۋەتتە. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئويلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق مەمەدانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر بىرەيلەن شۇبھىچىدىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ پاراسەتلىك دەلىلىڭىزگە تايىنىپ زادى نېمىنى تەلەپ قىلىسىز، نېمىگە ئېرىشمەكچىسىز، دەپ سورىسا، ئۇ ھالدا شۇبھىچىنىڭ ئۆزى ئالاقىزادە بولۇپ كېتىدۇ. "ئادەم ھەركەت قىلىشى، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشى ۋە ئېتىقات قىلىشى لازىم"، ئادەمنىڭ قانداق تىرىشىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ ئۆز ھەركىتى ۋە ئەقلىي يەكۈنىنىڭ ئاخىرقى ئاساسىغا پۈتۈنلەي ئىشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. پەلسەپىدە بولسا بۇنداق مۇمكىنسىزلىككە ھامان سەل قارىماسلىق كېرەك. بىزنىڭ دۇنيانى بىلىشتە يەتمەكچى بولغان ساھەمىزنىڭ ئىنتايىن تار دائىرە بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك. بىزنىڭ بىر ھادىسە بىلەن باشقا بىر ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەپ-نەتىجە باغلىنىشىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلىش كېرەك. بىز تاشنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى مىڭ قېتىملاپ كوردۇق، شۇڭا تاشنىڭ يەرگە چۈشۈشىنى توسىدىغان بىرەر تىرەك بولمىسىلا تاشنىڭ ھامان يەرگە چۈشىدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. لېكىن بىزنىڭ ئېتىقادىمىز پەقەتلا ئادەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەقىل بۇنداق

ئېتىقاتنى مۇقەررەرلىككە ئايلاندۇرغىنى يوق، ئايلاندۇرالمايدۇ ھەم. ئەقىل بىزگە بىزدىكى تەبىئەت قانۇنىيىتى دەپ ئاتالغان نەرسىلەر ئۆزگەرمەستۇر، دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ.

گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى! يۇمنىڭ شۈبھىچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كانت پەلسەپىسىنىڭ بىر ئاساسىي قائىدىسى ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. بىزدىن تاشقىرىدا بەزى دۇيشياڭلار مەۋجۇت، لېكىن بىز بۇلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمىز. بىز ئەمەلىيەتتە پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ تۇيغۇسى بىلەن ھەمدە بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى، تۇيغۇ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دۇيشياڭنىڭ ئوبرازى بىلەن ئالاقىلىشىمىز. بىراق، تۇيغۇ ۋە دۇيشياڭنىڭ ئوبرازى ئىككى خىل كۈچنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، بىر خىل كۈچ — ۋۇجۇدىمىزدا مەلۇم تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىغان دۇيشياڭلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، يەنە بىر خىل كۈچ — بۇ تەسىرلەرگە ئېرىشكەن ھېلىقى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ خۇسۇسىيىتى، يەنى بىزدىكى "مەن"نىڭ خۇسۇسىيىتى. بىزدىكى "مەن" بۇ تەسىرلەرنى مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق تۈرگە ئايرىيدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەسىرلەرنى **ئۆز تەبىئىتى بويىچە** ئاجرىتىدۇ ۋە بىرلەشتۈرىدۇ. يالغۇز مۇشۇنىڭدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ دۇيشياڭ توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرنى پەيدا قىلغان دۇيشياڭ بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىز بىر ئىش، **ئۆزى يەككە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسە** بولسا باشقا بىر ئىش. ئەمما، تېخى مۇشۇلا ئەمەس. بىز، بىزدىكى "**مەن**" تاشقى دۇيشياڭ (بىز بىلەلمەيدىغان ئۆزىدىكى نەرسە) بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا پەيدا قىلغان تەسىرلەرنى **ئۆزىنىڭ**

**تەبىتى بويىچە** تۈرگە ئايرىيدۇ، دەپ ئېيتقان ئىدۇق. لېكىن، "مەن" ئۇلارنى قانداقسىگە تۈرگە ئايرىيدۇ، ئۇلارنى قانداقسىگە ئاجرىتىدۇ ۋە بىرلەشتۈرىدۇ؟ بىز جىسمىنىڭ **ماكاندا** ئىكەنلىكىنى كورىمىز. قېنى، ماكاننىڭ ئوزى مەۋجۇتمۇ؟ **تەجرىبە** بۇ سوئالغا بىۋاسىتە جاۋاپ بېرەلمەيدۇ. ئىدرەككە كەلسەك، ئەگەر ئۇ ماكان **بىزدىن تاشقىرىدا** ھەممە بىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلسا، ئۇ زىددىيەتلىك بىر خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ شۇڭلاشقا ماكان (**زامانمۇ** شۇنداق) **بىزنىڭ بىۋاسىتە كۆزىتىشىمىز** (ياكى بەزىبىر روسىيە يازغۇچىلىرى-نىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە نۇقتىسىنەزەر) **نىڭ شەكلى** دەپلا پەرەز قىلىنىدۇ ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئوزىدىكى نەرسە (**بېنتى**) بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى بىز تەسەۋ-ۋۇردىن **ئۇقۇمغا** ئوتىمىز، بىز **سەۋەپ** ئۇقۇمىنى ئېلىپ ئېيتايلى! بىز A ھادىسە B ھادىسىنىڭ سەۋىۋى دېگەن چىغىمىزدا خاتا قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن. لېكىن، بىز ئومۇمەن ھادىسىلەر ئارىسىدا سەۋەپ-نەتىجە باغلىنىشى بار دېگەن ۋاقتىمىزدا خاتا قىلغان بولمايمىز. ئەگەر سىلەر سەۋەپ ئۇقۇمىنى بىكار قىلساڭلار، ئۇ ھالدا سىلەردە بىر دوۋە گادىرماش ھادىسىلا قالىدۇ، بۇلاردىن سىلەر ھېچنەرسىنى بىلمەيسىلەر. گەپ شۇ يەردىكى، بۇ ئۇقۇمنى بىكار قىلىش **مۇمكىن ئەمەس**. ئۇ بىز ئۈچۈن زورۇر، ئۇ **بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى**. بىز تەپەككۇرنىڭ باشقا شەكىللىرىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز. بىز مۇنۇنىلا ئېيتىپ ئوتىمىز: بىز ئوزىمىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا **باغلىق بولمىغان** ھالدا ئوزى يەككە مەۋجۇت تۇرغان نەرسە ھەققىدە توختىلىشىمىز

بىلەنلا **تەپەككۇرىمىزنىڭ** بۇ شەكىللىرى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزدىكى تەبىئەت قانۇنىيىتى دەپ ئاتالغان نەرسىلەر ئېڭىمىزدىكى ھادىسىلەر دۇنياسىغىلا باپ كېلىدۇ، بىنتى (ئۆزىدىكى نەرسە) بولسا بۇ قانۇنىيەتلەرگە پۈتۈنلەي ئەمەل قىلمايدۇ.

كورۇنوپ تۇرۇپتۇكى، كانتنىڭ ھادىسىلەر دۇنياسى توغرىسىدىكى تەلىماتىدا ئىككى ئامىل بار: (1) **جۇگۇەن ۋېيشىنجۇيىلىق** ئامىل — بىزنىڭ بىۋاسىتە كۆزىتىش ياكى تەپەككۇر قىلىش شەكلىمىز، ئادەتتە بىلىش شەكلى دەپ ئېيتىلىدىغان شەكىل؛ (2) **چىنلىق نەزەرىيىسى** ئامىلى — بىنتى بىزگە بەرگەن ھەمدە بىزنىڭ ئېڭىمىز جىياگۇڭ قىلىدىغان تېخى مۇقىملاشمىغان ماتېرىيال. كانت ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى **شيەنيەنلىك ۋېيشىنجۇيى** دەپ ئاتايدۇ. بىزدىكى تەبىئى مۇقەررەرلىك ئۇقۇمى بىنتىلىق دۇنياغا ئۆيغۇن كەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا، ھەممە ئادەم بۇ دۇنيانى پۈتۈنلەي ئەركىنلىك ئالەمى دەپ ھېساپلىشى **مۇمكىن**. بۇ دۇنيادا، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش دىگەن ئۇقۇم بىلەن چىقىشالمايدىغان غەلىتە نىمىلەر، مەسىلەن، خۇدا، جاننىڭ ئۆلمەسلىكى، ئىرادە ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئۈچۈن پانا جاي تېپىشى **مۇمكىن**. كانت «ساپ ئەقىل پىپەنى»دە مۇشۇنداق غەلىتە نىمىلەر بىلەن كۆرەش قىلغان، لېكىن «ئەمەلىيەت ئەقىل پىپەنى» دە، يەنى ئابىستىراكت سىبىيەن ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ھەركەت ھەققىدە توختالغان يەرلىرىدە بۇ غەلىتە نىمىلەر ئالدىدا قورال تاپشۇرغان.

بۇنداق ئىككىلەشتۈرۈش (بۇنداق **ئېرىيۇەنلۇن**) — كانت

ۋىيشىنجۇيىسىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىغى. لېكىن، ھەتتا كانتنىڭ ئالدىنقى شەرتتىن قارىغاندىمۇ، بۇنداق ۋىيشىنجۇيىسىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىگى ئېنىق.

مەسىلەن، كانت پەلسەپىسىدىكى ئاتالمىش **ھادىسە** نېمە ئۇزى؟ ئۇ ئىككى خىل ئامىلنىڭ بىرىكمىسى:

(1) دۇيشىياڭ (بېنتى)نىڭ بىزدىكى **مەنگە** بولغان رولى؛ بۇ دۇيشىياڭلار **بىزدىن تاشقىرىدا**① مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ ئۇزىنى بىز بىلمەيمىز، بىز ئۇلارنى بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا قوزغىغان تەسىرى ئارقىلىقلا بىلىمىز.

(2) بىزدىكى **مەنىنىڭ** خۇسۇسىيىتى؛ بىزدىكى **مەن** ئۇزىدىكى نەرسىدىن ئالغان تەسىرنى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەر بويىچە ئۇزگەرتىدۇ.

لېكىن، ھادىسە ئۇزىدىكى نەرسىنىڭ بىزگە تەسىر كورسىتىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ئىكەن، ئۇنداقتا، بۇ، بۇنداق نەرسىنىڭ تەسىرى **ھادىسىنىڭ سەۋەبى**، دېگەنلىك بولىدۇ. لېكىن، يەنىلا شۇ كانتنىڭ تەلىماتى بويىچە، **سەۋەبىيەت فەنچۇسى**

① كانتنىڭ «ساپ ئەقىل پىپەنى»دىن كېيىن نەشر قىلىنغان داڭلىق ئەسىرى — «پەن سۈپىتىدە پەيدا بولالايدىغان ھەرقانداق شىڭئېرشاڭشۇېگە مۇقەددىمە»دە بىز مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز: "ئەمىلىيەتتە، ئەگەر قىلىشقا تېگىشلىگى بويىچە، تاشقى تۇيغۇمىزنىڭ دۇيشىياڭىنى نوقۇل ھادىسە دەپ ھېساپلىساق، ئۇ ھالدا بىز ئۇزىدىكى نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئاساسى دەپ ئېتىراپ قىلغان بولىمىز، گەرچە بىز ئۇزىدىكى نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئۇنىڭ بىزنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلىش ئۇسۇلىنىلا بىلىدىغان بولساقمۇ."

**ھادىسىلەر دۇنياسىنىڭ دائىرىسى ئىچىدىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۆزىدىكى نەرسىگە بولسا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.** بۇ روشەن زىددىيەت، بۇ زىددىيەت 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى گېرمانىيە پەلسەپە ھۆججەتلىرىدە ئاللىبۇرۇن كۆرسىتىلگەن، بۇ زىددىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىككىلا يولى بار: **يا** بىز سەۋەبىيەت فەنچۇسى ئۆزىدىكى نەرسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ داۋاملىق ھۆكۈم قىلىپ، ھادىسىنىڭ ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ **بىزگە تەسىر كۆرسىتىشى** ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىدىن ۋاز كېچىمىز؛ **يا** بىز داۋاملىق تۈردە بۇ ئىدىيىنى توغرا دەپ ھېساپلاپ، سەۋەبىيەت فەنچۇسىنىڭ ئۆزىدىكى نەرسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىغىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بىرىنچى خىل ئەھۋالدا، بىز بىۋاستىلا **جۇگۇەن ۋېيشىنجۇيىغا** كېتىپ قالىمىز، چۈنكى، ئۆزىدىكى نەرسە بىزگە تەسىر **قىلمىغان** ئىكەن، ئۇ ھالدا، بىز ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى ھەرگىز بىلمەيمىز، بەلكى ئۇ توغرىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ ئۆزى بىزنىڭ پەلسەپىمىزدە يارىمىسىز، يەنى ئارتۇقچە دەپ جاكالىنىشى كېرەك. ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا، بىز **ۋېيۋۇجۇيى يولىغا** ماڭىمىز، چۈنكى ۋېيۋۇجۇيىچىلار ئەزەلدىن، بىز ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ قانداقلىغىنى ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن چەتلىگەن ھالدا بىلەلەيمىز، دەپ ھۆكۈم قىلغىنى يوق، بىز مۇنداقلا ھۆكۈم قىلىپ كەلدۇق: دەل مۇشۇ نەرسىلەر بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، بىز بۇ نەرسىلەرنى بىلدۇق، بىلىشنىڭ دەرىجىسى بۇ نەرسىلەرنىڭ بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ دەرىجىسىگە باغلىق. ھولباخ مۇنداق دەيدۇ: "بىز ماددىنىڭ ماھىيىتىنىمۇ بىلمەيمىز،

ماددىنىڭ ھەقىقى تەبىئىتىنىمۇ بىلمەيمىز، ئەمما بىز ماددىنىڭ بىزگە بولغان تەسىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭ بەزىبىر خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ھوكۇم چىقىرالايمىز......بىزنىڭچە، ماددا بۇنداق ياكى ئۇنداق يول بىلەن بىزنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلىدىغان نەرسە."[①]33 لانىگې ئوزىنىڭ «ۋېيۇۇجۇيى تارىخى» (رۇسچە تەرجىمىسى، 1-توم، 349-بەت، بۇ يەردە دەل ھولباخ ھەققىدە سوزلەنگەن)دا "ۋېيۇۇجۇيى تەرسالىق بىلەن ھېسسى ساختا كورۇ- نۇشلەر دۇنياسىنى رىيال دۇيشياڭلار دۇنياسى قىلىۋالىدۇ" دەيدۇ، بۇ لانگېنىڭ "تەرسالىق بىلەن" ۋېيۇۇجۇيىنى چۇشەنمىگەنلىگىدىنلا بولغان. لېكىن نىمە بولسا بولسۇن، تاشقى دۇنيانى بىلگىلى بولماسلىق توغرىسىدىكى مەسىلە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل ئەھۋالدا ئىجابى ھەل قىلىنغان. ئەمىلىيەتتە، ئەگەر بىز جوڭگوەن ۋېيشىنجۇيى مەيدانىغا ئوتسەك، بىزدىكى ھەننىڭ ئوزى ئىجات قىلغان غەيرى ھەنىي بىلەلەيدىغانلىغىنى چۇشىنىۋالىمىز. ئەگەر بىز ۋېيۇۇجۇيىچى بولۇۋېرىشكە رازى بولساق، ئۇ ھالدا، ئازراق مېڭە ئىشلەتسەكلا مۇنداق ئىشەنچكە كېلىمىز: ئەگەر بىز ئوزىدىكى نەرسىنىڭ بىزگە تەسىر كورستىشى ئارقىسىدا بۇ نەرسىلەرنىڭ

① ئەنگلىيە ۋېيۇۇجۇيىچىسى يوسېف پرىستلېي بۇنىڭغا ئوخشاش بىر پىكىرنى تېخىمۇ قەتئى تۇردە چورتتىدا ئېيتتى (مەسىلەن، «ماددا ۋە روھ توغرىسىدا تەتقىقات»، 1782-يىلى بىرمىڭھام 2-نەشرى، 1-توم، 134-بەتكە قارالسۇن). دەرۋەقە، ئوستۇالدىنىڭ "ۋېينېڭلۇن"گە ناھايىتى يېقىن كېلىدىغان ۋېيۇۇجۇيى روھمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پرىستلېي بەك يىراقلاپ كەتكەن. ئەمما بۇ يەردە بۇنىڭ بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا كارى چاغلىق.

بەزىبىر خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىۋالساق، ئۇ ھالدا، ھولباخنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى مەلۇم دەرىجىدە بىلىۋالىمىز، چۈنكى نەرسىنىڭ تەبىئىتى دەل نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە نەرسىنىڭ تەبىئىتى بىلەن خۇسۇسىيىتىنى قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويۇشنىڭ ئاساسى يوق، ۋاھالەنكى دەل مۇشۇ قارىمۇ ـ قارشىلىق بىلىش نەزەرىيىسىنى مەدرىس پەلسەپىسى ئېزىتقۇ سارىيىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ، بۇ سارايدا كانت يونۇلۇشىدىن ئازغان ئىدى، ھازىرقى كۈندە بولسا ۋېيۋۇجۇيىنىڭ بارلىق قارشى تۇرغۇچىلىرى يەنىلا قەيەرگە مېڭىشنى ئۇقماي ئامالسىز تۇرماقتا. گېتې ئۇزىنىڭ تالانتلىق شائىرلىق ۋە مۇتەپەككۇرلۇق سەزگۈرلۈگىگە تايىنىپ، ھەقىقەتنىڭ زادى نەدىلىگىنى "شىيەنىيەنلىك ۋېيشىنجۇيىچى" كانتتىن، ھەتتا ۋېيۋۇجۇيىچى ھولباختىنمۇ ئېنىقراق بىلگەن. ئۇ مۇنداق دىگەن:

ئىچى، تېشى دەپ ئايرىش ھاجەت ئەمەس،
چۈنكى، ئىچى دىمەك تېشى دىمەكتۇر، تېشى دىمەك ئىچى دىمەكتۇر.
تەئەججۇپلىنىپ توختاپ قالما،
چىڭ تۇت بۇ مۇقەددەس ئاشكارا سىرنى......34

قىسقىغىنا بۇ سوزلەر ۋېيۋۇجۇيىنىڭ پۈتكۈل "بىلىش نەزەرىيىسى"نى ئۇز ئىچىگە ئالغان دىيىشكە بولىدۇ. لېكىن، تاشقى دۇنيانى بىلگىلى بولمايدۇ دىيىشىۋاتقان بارلىق مەدرىس پەيلاسوپلىرى تا ھازىرغىچە بۇ سوزلەرنىمۇ چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ، ۋېيۋۇجۇيىلىق بىلىش نەزەرىيىسىنىمۇ بىلەلمەيۋاتىدۇ.

گېگېل بىز ئۇزىدىكى نەرسىنى بىلەلمەيمىز دەيدىغان مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاساسى بولغان لوگىكا جەھەتتىكى (ئەگەر خالساق،

**بىلىش نەزىرىيىسى جەھەتتىكى** دىسەكمۇ بولىدۇ) خاتالىقنى ئىنتايىن ئېنىق پاش قىلىدى. دەرھەقىقەت، ئۆزىدىكى نەرسە دېگەن نېمە، دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشتە بىزدە ھېچقانداق مۇمكىنچىلىك يوق. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئىنتايىن ئاددى، چۈنكى "**نېمە؟**" دېگەن سوئالنىڭ ئالدىنقى شەرتى — شۇ نەرسىدە بار بولغان، كۆرسىتىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان خۇسۇسىيەتلەر؛ بۇ سوئال **مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدىلا** مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىدىكى نەرسىنى بىلگىلى بولمايدۇ دېيىشۋاتقان "پەلسەپىۋى قائىدىلەر توغرىسىدا ھە دەپ گەپ سېتىۋاتقان كىشىلەر" بولسا **نەرسىنىڭ ھەممە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالدىنالا چىقىرىپ تاشلايدۇ**، بۇنىڭ بىلەن **بۇ مەسىلىنى بىمەنە مەسىلە قىلىپ قويىدۇ**، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ **جاۋاپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ**. گېگېل مۇنداق دەيدۇ: كانتنىڭ شىيەنىيەنلىك ۋېيشىنجۇيىسى "نەرسىنىڭ ھەممە خۇسۇسىيەتلىرىنى، مەيلى شەكىل جەھەتتىكى ياكى مەزمۇن جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى بولسۇن، ھەممىسىنى ئاڭغا يۆتكەيدۇ. روشەنكى، ئەگەر مۇشۇ نۇقتىنەزەردىن قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مۇنداق ئەھۋاللار، مەسىلەن، مېنىڭ نەزىرىمدە دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ قارا ئەمەس يېشىل بولۇشى، شېكەرنىڭ ئاچچىق ئەمەس تاتلىق بولۇشى، قوڭغۇراقنى ئىككى قېتىم ئۇرغاندا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ماڭا بىرلا ۋاقىتتا ئاڭلانماي، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاڭلىنىشى، مېنىڭ بىرىنچى ئاۋازنى ئىككىنچىسىنىڭ سەۋەبى ياكى نەتىجىسى دەپ ھېسابلىماسلىقىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا، جۈتىغا باغلىق بولىدۇ." («لوگىكا ئىلمى»، 1-توم، 1-پارچە،

55 ـ بەت؛ 2 ـ پارچە، 150 ـ بەت، گېگېلـدىن خېلى بۇرۇنـلا،
پرىستلېي ئۆزىـنىڭ «ماددا ۋە روھ توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن
ئەسىرىدە ۋە پرايس بىلەن قىلغان مۇنازىرىسىدە[35] بىلىش دېگەن
سۆزنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن
سەممىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.)

لېكىن كىتاپخان: كەچۈرسىز، رەڭ بىلەن ئاۋاز مەلۇم ساپ
جۇگۇەن نەرسە ئەمەسمۇ؟ رەڭ بىلەن ئاۋاز تۇيغۇسى بۇنداق
تۇيغۇنى پەيدا قىلىدىغان ئەشۇ تىپتىكى ھەركەت (ھازىرقى
زامان تەبىي پەن تەلىماتى بويىچە، بۇنداق تۇيغۇنى ئەشۇنداق
ھەركەت پەيدا قىلغان) بىلەن ئوخشىشىپ كېتەمدۇ؟ دەپ رەد-
دىيە بېرىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن،
ئەگەر تومۇر ئوخشاش بولمىغان تېمپېراتۇرىدا ئوخشاش بول-
مىغان رەڭدە بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدا مېنىڭ "روھىي" قۇرۇل-
مامنىڭ خۇسۇسىيىتىگە باغلىق بولمىغان كېڭۇەن سەۋەپ بولغان
بولىدۇ. بىزدىكى داڭلىق شېڭلىشۇېشۇناس سېچېنوپ مۇنداق دەپ
تامامەن توغرا ئېيتقان: "بىز ھېس قىلىدىغان ئاۋازنىڭ ھەر-
قانداق تەۋرىنىشى ۋە تارقىلىشىغا كۈچلۈكلۈك، يۇقۇرى ـ تۆۋەن-
لىك، داۋاملىقلىق جەھەتلىرىدە رىيال دۇنيادىكى ئاۋاز ھەركىتى-
نىڭ ئىنتايىن مۇئەييەن بولغان ئۆزگىرىشى ئۇيغۇن كېلىدۇ.
تۇيغۇدىن ئىبارەت بولغان ئاۋاز ۋە يورۇقلۇق ـــ ئىنسان ئورگا-
نىزمىنىڭ مەھسۇلى، لېكىن بىزگە كورۇنىدىغان شەكىل ۋە
ھەركەتنىڭ مەنبەسى، پۈتۈنلەي، بىزگە ئاڭلىنىدىغان ئاۋازدىكى
تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەنبەسىگە ئوخشاشلا، بىزدىن تاشقىرى-
دىكى رىياللىقتا." («كونكرېت ئىدىيە ۋە رىياللىق»، بۇ

**«ئاچارچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش»** دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، «رۇس خەۋەرلىرى» نەشرىياتى نەشرى، 188 ـ بەت) سېچېنوپ يەنە مۇنداق قوشۇمچە قىلىدۇ: "**بىزنىڭ ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان تاشقى دۇيشياڭنىڭ ئۆزى قانداق بولسا بولسۇن، بىزنىڭ تاشقى دۇيشياڭدىن ھاسىل قىلغان تەسراتىمىز پەقەتلا بىر خىل بەلگە بولغانمۇ بولسۇن، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، بىز ھېس قىلغان بەلگىدىكى ئوخشاشماسلىقتا رىيال ئوخشاشماسلىق ئۇيغۇن كېلىدۇ.** باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: **ئادەم ئۆزى ھېس قىلغان دۇيشياڭلار ئارىسىدا بايقىغان ئوخشاشماسلىق رىيال ئوخشاشماسلىقتۇر.**" (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 207 ـ بەت)[36] بۇمۇ توغرا. كورستىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىرلا نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ سېچېنوپ ئەپەندىنىڭ ئىپادىلىشى تولۇق جايىدا بولۇپ كېتەلمىگەن. ئۇ، بىزنىڭ تەسراتىمىز پەقەت ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ بەلگىسى، دەپ پەرەز قىلغاندا، ئۆزىدىكى نەرسىدە بىزگە نامەلۇم بولغان، ئېڭىمىز يېتىپ بارالمايدىغان مەلۇم "شىڭتەي" بار دەپ ئېتىراپ قىلغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن، **"شىڭتەي"** ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدىنلا ئىبارەت؛ **مۇشۇ تەسىردىن باشقا ئۇلاردا ھېچقانداق "شىڭتەي" يوق.** شۇڭا، ئېڭىمىزدا مەۋجۇت نەرسىنىڭ "شىڭتەيى"نى نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بار بولغان "شىڭتەيى"دىيىلگەن شىڭتەي بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇش شىڭتەي دىگەن سۆزنىڭ قانداق مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىك بولىدۇ. كانتىزىمنىڭ پۈتكۈل "بىلىش نەزىرىيىسىدىكى" مەدرىس پەلسەپىسى، خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، جايىدا بولمىغان ئاتالغۇلار ئۈستىگە

قۇرۇلغان. سىچىنوپ ئەپەندىنىڭ بۇنداق مەدرىس پەلسەپىسىگە مايىل ئەمەسلىكىگە ماڭا مەلۇم. مەن، ئۇنىڭ بىلىش نەزىرىيىسى تامامەن توغرا، لېكىن بىز پەلسەپە جەھەتتىكى دۈشمەنلىرىمىزگە ئاتالغۇدا يول قويماسلىقىمىز لازىم، بۇنداق يول قويۇش بىزنىڭ ئۆز ئىدىيىمىزنى تازا جايىدا ئىپادىلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دەپ ئېيتقان ئىدىم. مېنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىزاھات بەرگەچ كېتىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ئېنگېلسنىڭ ئۆزەم تەرجىمە قىلغان بۇ كىتاپچىسىنىڭ 1 ـ نەشرىگە بەرگەن ئىزاھلىرىمدىمۇ تازا جايىدا بولۇپ كېتەلمىگەن ئىپادىلەشلەرمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ جايىدا بولمىغان ئىپادىلەش كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك بىمەپلىكلەرنى كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا ھېس قىلىۋالالىدىم.

دېمەك، ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ ھېچقانداق "شئتەيى" يوق، ئۇلارنىڭ "شئتەيى" ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان جۇتىلارنىڭ ئېڭىدىلا مەۋجۇت. ئەمدى مۇنداق سوئال قويۇلىدۇ: بۇ جۇتىلار كىم؟ ئادەملەرمۇ؟ ياق، ئادەملەرلا جۇتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆز قۇرۇلمىسىدىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلىدىن تاشقى دۇنيانى مۇنداق ياكى ئۇنداق **"كورۇشى"** مۇمكىن بولغان ئورگانىك جىسىملارنىڭ ھەممىسى جۇتى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئورگانىك جىسىملارنىڭ تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، تاشقى دۇنيانىڭمۇ ئوخشاش بولمىغان "شئتەيى" بار. شىللىق قۇرۇتنىڭ نەرسىنى قانداق "كورىدىغانلىقى" ماڭا نامەلۇم، لېكىن مەن ئۇنىڭ "كورۇشى" ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما بۇنىڭدىن، تاشقى دۇنيانىڭ خۇسۇسىيىتى يالغۇز جۇگۇمەن ئەھمىيەتكىلا ئىگە، دىگەن خۇلاسىنى

چىقىرىشقا بولمايدۇ. پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس! ئەگەر ئادەم بىلەن شىللىق قۇرۇت A نۇقتىدىن F نۇقتىغا يۆتكەلسە، ئۇ هالدا، مەيلى ئادەم ئۈچۈن بولسۇن ياكى شىللىق قۇرۇت ئۈچۈن بولسۇن، بۇ ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئەڭ قىسقا ئارىلىق ئوخشاشلا تۈز سىزىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى خىل ئورگانىك جىسىم ئەگرى سىزىق بويلاپ ماڭسا، ئۇ هالدا، **ئۇلار يۆتكىلىش داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىدۇ.** بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، **ماكاننىڭ خۇسۇسىيىتى** گەرچە ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان ئورگانىك جىسىملارنىڭ قارىشىچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ **كېڭۈەن ئەھمىيىتى بولىدۇ.**

تېخى مۇشۇلا ئەمەس. شىللىق قۇرۇت **مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا** نىمە؟ ئۇ — مېنىڭ ئورگانىزمىمنىڭ چەكلىشىگە ئۇچراشتەك مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق ماڭا تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى دۇنيانىڭ بىر قىسمى. شۇڭا، ئەگەر مەن، شىللىق قۇرۇت تاشقى دۇنيانى مۇنداق ياكى ئۇنداق "كۆرىدۇ" دەپ پەرەز قىلسام، ئۇ هالدا، مەن شىللىق قۇرۇت كۆرگەن تاشقى دۇنيانىڭ هېلىقى "شەكلى"نىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇشۇ دۇنيانىڭ خۇسۇسىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمەن. دېمەك، جۇتى بىلەن كېتىننىڭ مۇناسىۋىتى، مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى، يەنى ئېنگېلس هازىرقى زامان پەلسەپىسىدىكى ئاساسىي مەسىلە دەپ ئېيتقان بۇ مەسىلە، بىزنىڭچە، پۈتۈنلەي يېڭى بىر شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. جۇتى بىلەن كېتىننىڭ قارىمۇ-قارشىلىغى يوقىلىدۇ؛ **جۇتى ئوخشاشلا**

كېتى بولىدۇ، ماددا (ھولباخنىڭ مۇنۇ تەبىرى ئەستە بولسۇن: "بىزنىڭچە، ماددا — بىزنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمىزغا مۇنداق ياكى ئۇنداق تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە.") بەزى شارائىتتا ئاڭغا ئىگە بولىدۇ. بۇ — ئەڭ ساپ ۋېيۋۇجۇيى، بەلكى جۇتى بىلەن كېتىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە ئادەمنى ئازدۇر-كوپتۇر قانائەتلەندۇرەلەيدىغان ھالدا بېرىلگەن، پەن بىلەن توقۇنۇشمايدىغان بىردىن-بىر جاۋاپ.

ئۇنىڭدىن قالسا، كانت ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى ھازىرقى زامان پەندە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تەرەققىيات تەلىماتى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتلەشتۇرمەيدۇ (بۇنداق تەلىمات توغرىسىدا كانت «تەبىئەتنىڭ ئومۇمى تارىخى ۋە ئاسمان جىسىملىرى نەزەرىيىسى»دىمۇ نۇرغۇن ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان). بۇ چوڭ بىر كەمچىلىك، بۇنىڭدىكى سەۋەپنى كانت دەۋرىدىكى شېڭۋۇشۇېنىڭ ئەھۋالىغا ئارتىش كېرەك. لېكىن كانت پەلسەپىسىگە بەكمۇ چوقۇنىدىغان بەزى شېڭۋۇشۇېشۇناسلار بۇ كەمچىلىكنى ھازىر ئېنىق بايقىدى. بۇنىڭغا بۇلتۇر (1904-يىل) 7-ئايدا رېينكې جياۋشۇنىڭ «گېرمانىيە پېشلۇنى»دا ئېلان قىلىنغان «كانتنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى زامان شېڭۋۇشۇېسى» دېگەن قىزىق بىر ماقالىسىنى مىسال ئېلىشىم مۇمكىن.

رېينكې، ھازىرقى زامان تەبىي پەننىڭ، بولۇپمۇ شېڭۋۇشۇېنىڭ كانتنىڭ "ئىنسانلار ئىدرىكىنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى" توغرىسىدىكى تەلىماتى بىلەن ماسلاشمىغانلىقىنى بايقىغان.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كانت، سەۋەبىيەت قانۇنى پەقەت ھادىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۆزىدىكى نەرسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ،

بۇنىڭ سەۋەبى، سەۋەبىيەتنى بىزنىڭ ئىدرىكىمىز ھادىسىگە
تاڭغان، سەۋەبىيەت — **تۇغما** تەبىئەت قانۇنىيىتى، دەپ ھېساپ-
لايدۇ. دېمەك، كانتچە بولغاندا، ئىدرەك — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ
ھەرقانداق تەرتىۋىنىڭ مەنبەسى، چۇنكى ئىدرەك ئۆز قانۇنىيىتىنى
تەبىئەت دۇنياسىغا تاڭغان. دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى رېيىنكېنى خاتىر-
جەمسىزلەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق سوئال قويىدۇ: "بۇنداق تۇغمىلىق
(a priori) مەۋجۇتمۇ؟" ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ: "ئادەم
تۇغۇلۇشى بىلەنلا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق تەجرىبە-
دىن ئىلگىرى ئۆز ئىدرىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى تۈپەيلىدىن سەۋە-
بىيەت فەنچۇسى بويىچە پىكىر قىلىشقا ھەمدە ماكان ۋە زاماندا
ھادىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا مەجبۇر (رېيىنكېمۇ زامان ۋە ماكاننى
فەنچۇ دەپ ئاتايدۇ، بۇ قەلەم خاتالىغى ئەمەس، بەلكى فەنچۇ
تەلىماتىغا بولغان ئالاھىدە چۈشەنچە، بۇ ھەقتە بۇ يەردە توختال-
مايمەن)؛ لېكىن ئادەممۇ ئوخشاشلا ئۆز ئورگانىزمىنىڭ خۇسۇ-
سىيىتى تۈپەيلىدىن نەپەس ئېلىشقا، يول مېڭىشقا، يېيىش —
ئىچىشكە مەجبۇر ۋە باشقىلار. ئادەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر
قىسمى بولغاچقا، ئۇ بىر ئۇلۇق تەبىئەت قانۇنىيىتىگە، يەنى ئۆزى-
نىڭ ھايات تۇرۇش شارائىتىگە **ئۇيغۇنلىشىش** قانۇنىيىتىگە بويسۇ-
نىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتىنى بىزنىڭ ئىدرىكىمىز
تەبىئەت دۇنياسىغا تاڭغان دەپ قارالسا، بۇ پۈتۈنلەي بىمەنىلىك
بولىدۇ. ۋاھالەنكى ئورگانىك جىسىمنىڭ روھىي خۇسۇسىيەتلىرىمۇ
مۇشۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ، چۇنكى ئۇلارمۇ تەبىئەت دۇنياسىغا
مەنسۇپ، ئۇلارمۇ ئورگانىك جىسىمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ. ئورگانىك جىسىمنىڭ ئەتراپ-

تىكى موھىتقا بولغان بارلىق ئۇيغۇنلىشىش شەكىللىرىمۇ، مەسىلەن، ئۆپكە، ئىڭەك قاتارلىقلار، تەپەككۇر شەكلىگە ئوخشاش، ئورگانىك جىسمىدا تۇغما بار بولغان بولىدۇ. ئورگانىك جىسمىنىڭ بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتى نەسىلگە تارتىشتىن ھاسىل بولغان، بەلكى ئورگانىك جىسمىنىڭ ھۇجەيرىسىدىن ئۆزگىرىپ چىقىشى جەريانىدا راۋاج تاپقان، بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ھۇجەيرىدە پۈتۈنلەي كورگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز، مەلۇم تىپتىكى ھايۋاناتلار بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە قانداق ئېرىشكەن؟ دېگەن سوئالنى قويساق، ئۇ ھالدا، يەر شارىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەكشۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىر يەككىلىكنى، يەنى بىر ئادەمنى ياكى باشقا بىر ھايۋاناتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە، مەيلى شېڭىللىق خۇسۇسىيەت بولسۇن ياكى روھىي خۇسۇسىيەت بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تۇغما ئىگە بولىدۇ.“

رېيىنكېنىڭ ھوكمى ئەنە شۇ. ئۇنىڭ بۇ ھوكۇملىرى قىزىقارلىق ۋە ئادىل، لېكىن كانتنىڭ تۇغما دېگەن نەرسىسى بولسا ئۇنىڭدا تامامەن يېڭى شەكىل ئالغان. رېمىنكېنىڭ كانتنىڭ ماقۇللۇغىغا ئېرىشەلىشى ناتايىن. مۇنۇ بىر نۇقتىنى ئېيتىپ ئوتۇشلا مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە كۇپايە قىلىدۇ: رېيىنكې زامان، ماكان ۋە سەۋەبىيەتنىڭ مۇتلەق جۇگۇەنلىك خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”جىسمانى شەكىلنىڭ ئۇيغۇنلىشىشىغا ئاساسەن خۇلاسە چىقارغاندا، مەن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىمەن: ئەگەر تۇغما تەپەككۇر قانۇنىيىتى..... بىزدىن تاشقىرىدىكى چىنلىقتا ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇ ھالدا، ئۇلار تۇپتىن مەۋجۇت بولمايدۇ.“ گەرچە ھازىرقى زامان يېڭى ھاياتىي

كۈچ نەزىرىيىسىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولغان رېيىنكې ئەلۋەتتە ۋېيۋۇجۇيىچى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ سوزلىرى ۋېيۋۇجۇيىچىنىڭ سوزلىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ. ئەلۋەتتە، كوھېن، لاسۋېتس ھەتتا رېل قاتارلىق ھازىرقى زامان يېڭى كانتىزىمچە-لىرى رېيىنكېنىڭ تۇغمىلىق توغرىسىدا ئېيتقان سوزلىرىگە زادىلا قوشۇلمايدۇ. لېكىن ھازىرقى زامان شېڭۋۇشۇېسى ئۇلارنى جىم تۇرغۇزمايدۇ.

يەنە بىر گېرمانىيە يازغۇچىسى مۇنداق دەپ يازىدۇ: "كانتنىڭ بىلىش نەزىرىيىسىگە ئېيتقات قىلىدىغان پەيلاسوپلارنىڭ تەرەق-قىيات تەلىماتىغا قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. كانت ئادەمنىڭ روھى ـــ بەلگىلىك، تەركىۋى ئوزگەرمەيدىغان مىقتار دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇنىڭچە، مەسىلە روھنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان بايلىقىنىڭ مەنبەسىنى كورسىتىپ بېرىشتە ئەمەس، بەلكى پەقەت بۇنداق بايلىقنى بەلگىلەش ھەمدە بۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسىنى چىقىرىشتا. لېكىن، ئەگەر بىز ئادەمنىڭ كىچىك بىر توپ پۇروتوپلازمىدىن ئوزگىرىپ چىققانلىقىغا دەك گۇڭلىنى ئاساس قىلساق، ئۇ ھالدا، مۇجەيرىنىڭ باشلانغۇچ ھايات ھادىسىسىدىن كانت تەرىپىدىن پۇتكۈل ھادىسىلەر دۇنياسىنىڭ ئاساسى دەپ ھېساپلانغان......نەرسىلەرنى ھاسىل قىلىش لازىم." (بېك. «تەقلىت ۋە ئۇنىڭ شىنلىشۇي بىلەن رېنجۇڭشۇېگە بولغان ئەھمىيىتى»، 1904 ـ يىلى لېيپسىگ نەشرى، 33 ـ بەت) لېكىن، مەسىلە بۇ يەردە: كانتىزىمچىلار تا ھازىرغىچە ئوزلىرىنىڭ بىلىش نەزىرىيىسىنىڭ تەرەققىيات تەلىماتىغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدى-غانلىقىنى تېخى ھەرگىز ئويلاپ باققىنى يوق، ھەتتا باشقىلار ئۇلارغا

بۇنى ئۇيلاپ بېقىشنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلار ئەكسىچە ناھايىتى ھەيران قالىدۇ. ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، مەن ك. شىمىت بىلەن مۇنازىرە قىلغىنىمدا كانتىقا قارشى يۇقۇرىدىكى نەقىلدە بېك ئوتتۇرىغا قويىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىمدا مېنىڭ دوستلىرىم — كانتىزىمچىلار مەنىستىمىگەن قىياپەتتە مۇرىسىنى قىسىپ قويىدى. لېكىن ھەقىقەت ھامان غەلىبە قىلىدۇ، ھازىر ھەتتا ۋىندېلباندقا ئوخشاش تەربىيە ئۆتمەيدۇ دەپ ئېيتىسىمۇ بولىدىغان كانتىزىمچىلارمۇ ئۇزىگە: تەرەققىيات نەزىرىيە-سىگە ئېتىقات قىلىدىغانلار زامانىنىڭ "ھادىسىلىك" لىگىنى ئېتىراپ قىلالامدۇ، يوق دىگەن سوئالىنى قويماي تۇرالمىدى (die Phaenomenalität der Zeit). (ئۇنىڭ «100 يىللىق خاتىرە-سىگە» دىگەن ماقالىسىغا قارالسۇن، «كانتنى خاتىرىلەيمىز» دىگەن ماقالىلار توپلىمىنىڭ 1904 - يىلى بېرلىن نەشرى، 17 — 18 - بەت-لىرىگە بېسىلغان)

ۋىندېلباند شۇنى بايقىغانكى، پەن بۇ يەردە كانتىزىمغا "تەس مەسىلە"نى قويىدى. ئەمما "مەسىلە" بۇ ئەھۋالدا "تەس" ئەمەس، بەلكى پەقەتلا **ھەل قىلىنمىغان**، خالاس.

تەرەققىيات **زاماندا** بولىدۇ، لېكىن كانتنىڭ قارىشىچە، زامان جۇگۇەن بىۋاستە كۇزىتىش شەكلىدىنلا ئىبارەت. ئەگەر مەن كانت پەلسەپىسىگە ئېتىقات قىلسام، ئۇ ھالدا، مەن **ئۇزەمدىن ئىلگىرىكى** نەرسە ئۇستىدە، يەنى مەن بولمىغانلىغىم ئۇچۇن مېنىڭ بىۋاستە كۇزىتىش شەكلىم بولغان ماكان ۋە زامانمۇ بولمىغان چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسىلەر ئۇستىدە توختىلىدىغان بولسام، ئۇز ئۇزەمگە زىت بولۇپ قالىمەن. دەرۋەقە، كانتنىڭ شاگىرتلىرى:

كانت ئايرىم ئادەمنىڭ بىۋاستە كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر شەكلىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىۋاستە كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر شەكلىنى كوزدە تۇتقان دىگەن سوزلەر بىلەن بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. لېكىن بۇ مۇقام ھېچنىمىگە دال بولالمايدۇ، بەلكى ئۇ پەقەت يېڭى قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىرىنچى، ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، **يا باشقىلار يالغۇز مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدىلا** مەۋجۇت بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، باشقىلار مەندىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولمايدۇ، مەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ؛ **يا ئۇلار مەندىن تاشقىرىدا** ۋە مېنىڭ ئېڭىمغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ مېنىڭدىن ئىلگىرى ۋە مېنىڭدىن كېيىن مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى ئىدىيىدە ئەلۋەتتە ھېچقانداق زىددىيەت بولمايدۇ، لېكىن بۇ يەردە، كانت پەلسەپىسى **ئۈچۈن** ئېيتقاندا، يەنە يېڭى، يېڭىپ بولمايدىغان زىددىيەت دەرھال پەيدا بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر **مەندىن تاشقىرىدا** مەۋجۇت بولسا، ئۇ ھالدا، مۇشۇ "**مەندىن تاشقىرىدا**" دىگەن سوزدە ئۆز كاللامنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن مېنىڭچە **ماكان** ھېساپلانغان نەرسىنىڭ كوزدە تۇتۇلغانلىغى ئېنىق. شۇڭا، ماكان يالغۇز جۇگۇەن بىۋاستە كۆزىتىش شەكلىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يەنە مەلۇم "ئۆزىدىكى" («an sich») كېتىمۇ بار. ئەگەر كىشىلەر **مېنىڭدىن ئىلگىرى ۋە مېنىڭدىن كېيىن** ياشىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مۇشۇ "**مېنىڭدىن ئىلگىرى**" ۋە "**مېنىڭدىن كېيىن**"گە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەلۇم "ئۆزىدىكى" نەرسىنىڭ بارلىغىمۇ روشەن، بۇنداق نەرسە

مېنىڭ ئېڭىمغا باغلىق ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئېڭىمدا زامان شەكلىدىلا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا **زامانمۇ يالغۇز جۇگگۇەن ئەمەس.** ئاخىردا، ئەگەر كىشىلەر مەندىن تاشقىرىدا مەۋجۇت بولسا، ئۇ هالدا، ئۇلار ھېلىقى ئۆزىدىكى نەرسىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، مۇشۇ ئۆزىدىكى نەرسىلەرنى بىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكى توغرىسىدا بىز ۋېيۇۇجۇيىچىلار بىلەن كانتىزىمچىلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش بار. ئەگەر **ئۇلارنىڭ** قىلىقلىرى **مېنىڭ** ھەركىتىمگە بۇنداق ياكى ئۇنداق دەرىجىدە تەسىر قىلالىسا، مېنىڭ ھەركىتىممۇ ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا تەسىر قىلالىسا (بۇنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى يالغۇز ئۆز ئېڭىمدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالمايدۇ دەپ ھېساپلايدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەزمەن ئېتىراپ قىلىدۇ)، ئۇ ھالدا، سەۋەبىيەت فەنچۇسىنىڭمۇ ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تاشقى دۇنياغا، يەنى بېنىتلىق دۇنياغا، ئۆزىدىكى نەرسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى روشەن. قىسقىسى، چىقىش يولى بىرلا: **يا جۇگگۇەن ۋېيشىنجۇيى**، بۇ ئۈزۈل-كېسەل تۇردە **مەنچىللىك** (يەنى باشقىلار مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدىلا مەۋجۇت دەپ ئېتىراپ قىلىش)كە ئېلىپ بارىدۇ، **يا** كانتنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى چۆرۈپ تاشلاش، بۇنداق قىلىشنىڭ لوگىكىلىق نەتىجىسى، خۇددى مەن كونراد شمىت بىلەن مۇنازىرە قىلغىنىمدا ئاللىبۇرۇن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، چوقۇم **ۋېيۇۇجۇيىلىق** نۇقتىنەزەر تەرەپكە ئېلىپ كېلىدۇ.

گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى! بىز تەسەۋۋۇردا ئۆزىمىزنى يەر شارىدا ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىلا ياشىغان زامانغا، مەسىلەن، ئىككىنچى دەۋرگە قويايلى. خوش، **ئۇ ۋاقىت-**

**لاردىكى** ماكان، زامان ۋە سەۋەبىيەت قانداق ئىدى؟ ئۇ چاغلاردا ئۇلار **كىمنىڭ** جۇگۇەن شەكىللىرى ئىدى؟ يۈيلۇڭنىڭ جۇگۇەن شەكلىمۇ؟ ئۇ چاغلاردا **كىمنىڭ ئىدرىگى** ئوزىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەبىەت دۇنياسىغا تاڭغان ئىدى؟ شىزۇنىياۋ قۇشنىڭ ئىدرىگىمۇ؟ كانتنىڭ پەلسەپىسى بۇ مەسىلەرگە **جاۋاپ بېرەلمەيدۇ.** بۇ پەلسەپە هازىرقى زامان پەنى بىلەن پۇتۇنلەي چىقىشالمايدۇ، ئۇ چورۇپ تاشلىنىشى كېرەك.

ۋېيشىنجۇيى: **جۇتى بولمىسا كېتمۇ بولمايدۇ،** دەيدۇ. يەر شارىنىڭ تارىخى: **كېتىنىڭ جۇتى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت** ئىكەنلىگىنى، يەنى روشەن ئاڭغا ئىگە ئورگانىك جىسىم پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ. ۋېيشىنجۇيىچىلار: **ئىدرەك قانۇنىيەتنى تەبىەت دۇنياسىغا تاڭىدۇ،** دەيدۇ. ئورگانىك دۇنيانىڭ تارىخى كورسەتتىكى، "ئىدرەك" يۇقۇرى تەرەققىيات باسقۇچىدىلا پەيدا بولىدۇ. بۇنداق تەرەققىياتنى تەبىەت قانۇنىيىتى ئارقىلىقلا چۇشەندۇرگىلى بولىدىغانلىغى ئۇچۇن، تەبىەت دۇنياسى قانۇنىيەتنى ئىدرەككە تاڭىدۇ دىگەن خۇلاسىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىشقا بولىدۇ. تەرەققىيات نەزىرىيىسى **ۋېيۋۇجۇيىنىڭ هەقىقەتلىگىنى ئېچىپ بېرىدۇ.**

**ئىنسانىيەت تارىخى—ئومۇمى تەرەققىيات جەريانىدىكى** قىسمەن ئەھۋال. شۇڭا، يۇقۇرىدىكى كوزقاراش كانت تەلىماتىنى تارىخنى ۋېيۋۇجۇيلىق ئاساستا چۇشەندۇرۇش بىلەن بىرلەشتۇرۇشكە بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسىگىمۇ جاۋاپ بەردى. ئەلۋەتتە، كېلىشتۇرمىچىلەر هەممە نەرسىنى ئوز كالللىسىدا بىرلەشتۇرۇشى مۇمكىن. كېلىشتۇرمىچىلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ماركسنى كانت

بىلەن بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى "چىنلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرى" بىلەنمۇ بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن. ئۆزۈل-كېسىل تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەملەرگە كەلسەك، ماركىس بىلەن كانت پەلسەپىسىنىڭ قانۇنسىز بىللە تۇرۇشى ئۇلارچە ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتەرلىك ئەھۋال بولىدۇ.

كانت ئۆزىنىڭ «**ئەمەلىيەت ئەقىل پىپەنى**» دە مۇنداق دەيدۇ: پەيلاسوپنىڭ ئەڭ چوڭ بۇرچى — **ئۆزۈل-كېسىل ئادەم بولۇش**، لېكىن دەل مۇشۇ نۇقتا ئادەتتە ئەڭ ئاز كۆرۈلىدۇ. كانتنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ كانتنى ماركىس بىلەن بىرلەشتۈرمەكچى بولغان پەلسەپە جەھەتتىكى شاگىرتلىرى ۋە ياردەمچىلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ئۇنىڭ بۇ پىكرى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە چۈشتى.

"ماركسنى پىپەن قىلغۇچىلار" (يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان بىچارە كونرادمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئېنگېلسنىڭ تەجرىبە ۋە سانائەت تاشقى دۇنيانى بىلگىلى بولمايدۇ دەيدىغان تەلىماتنى ئەڭ كۈچلۈك رەت قىلىدۇ دېگەن سۆزى ئېنگېلسنىڭ كانتنى زادىلا چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، دەپ كۆپ قېتىم چۇقان كۆتۈرۈشكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئېنگېلس پۈتۈنلەي ھەقلىق ئىدى. ئادەمنىڭ ھەرقانداق تەجرىبىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئۇنىڭ مەقسەتلىك تۈردە بەزى ھادىسىلەرنى قوزغاش ئۈچۈن تاشقى دۇنياغا قوللانغان بىر خىل **پائالىيەتچانلىق** پوزىتسىيىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ھادىسە ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ ماڭا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ (كانتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ ماڭا بولغان **تەسىرىنىڭ**) نەتىجىسى بولىدۇ،

شۇڭا، مەن تەجرىبە قىلغان ۋە مەلۇم مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىققان ۋاقتىمدا، مەن ئۆزەم ئالدىن بەلگىلىگەن مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىدىكى نەرسىنى مەندىكى "مەن"گە "تەسىر" قىلدۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن، مەن ھېچ بولمىغاندا ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى، يەنى مەن ئۆزىدىكى نەرسىنى تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلىشتا پايدىلانغان خۇسۇسىيەتلەرنى بىلىۋالىمەن. لېكىن شۇلا ئەمەس. مەن مەلۇم ئۇسۇلنى قوللىنىپ بۇ نەرسىنى ماڭا تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلغىنىمدا، بۇ نەرسە بىلەن **سەۋەپ-نەتىجە** مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولىمەن. كانت بولسا، سەۋەپ فەنچۇسىنىڭ "ئۆزىدىكى نەرسە" بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، دەيدۇ، شۇڭا، بۇ يەردە تەجرىبىنىڭ كانتقا بەرگەن رەددىيىسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن رەددىيىسىدىنمۇ كۈچلۈك. كانت ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق رەددىيە بېرىدۇكى، ئۇ بىر تەرەپتىن سەۋەپ فەنچۇسىنىڭ پەقەت **ھادىسە** بىلەن (ئۆزىدىكى نەرسە بىلەن ئەمەس) مۇناسىۋىتى بار دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا "ئۆزىدىكى" نەرسە بىزدىكى "**مەن**"گە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەيدۇ، يەنى "ئۆزىدىكى" نەرسە ھادىسىنىڭ **سەۋەبى** دەيدۇ. بۇنىڭدىن يەنە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، كانت "تەپەككۇرىمىزنىڭ شەكلى" (فەنچۇ ياكى "ئىدرەكنىڭ ئاساسىي ئۇقۇمى"، مەسىلەن، سەۋەبىيەت، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، مەۋجۇدىيەت، مۇقەررەرلىك) "**توغما شەكىل**"دىنلا ئىبارەت، يەنى ئۆزىدىكى نەرسە سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ھېساپلايدۇ، بۇ ئىنتايىن چوڭ خاتالىق. ئەمەلىيەتتە، تەپەككۇرىمىزنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى ئۆزىدىكى

نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مۇناسىۋەتلەرگە **ئۇيغۇن كەلمەي مۇمكىن ئەمەس**، چۈنكى، ئەگەر بۇنداق بولمىسا، بىزنىڭ هايات كەچۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ”تەپەككۇر شەكلى“مىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە، بىز بۇ ئاساسىي شەكىللەرنى ئىزلىگەندە ناهايىتى ئاسان خاتالىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، پۈتۈنلەي فەنچۇ بولمىغان نەرسىنى فەنچۇ قىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، بۇ باشقا بىر مەسىلە. بۇنىڭ بۇ يەردىكى گەپ بىلەن هېچبىر بىۋاستە ئالاقىسى يوق. بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىز بىر پىكىرنىلا ئېيتىپ ئۆتىمىز: بىز تاشقى دۇنيانى بىلگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، هەرگىز بۇ ئارقىلىق، هەرقانداق پەيلاسوپنىڭ تاشقى دۇنيا توغرىسىدىكى قارىشىنىڭ توغرا بولۇۋېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى ئەمەسمىز.

خوپ، كانت خاتا قىلغانمۇ بولسۇن، ئۇنىڭ ئېرىيۇەنلۇنى پىپەنگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانمۇ بولسۇن، لېكىن، تاشقى دۇيشياڭنىڭ مەۋجۇتلۇغىنىڭ ئۆزىنى، بەرىبىر، دەلىللىگىلى بولمايدۇ. سىز يۇمىنىڭ خاتا قىلغىنىنى قانداق كۆرسىتىپ بېرىسىز؟ بېركلىگە ئوخشاش جۇگۇەن ۋېيشىنجۇيىچىلارنىڭ خاتا قىلغىنىنى قانداق كۆرسىتىپ بېرىسىز (بېركلىنىڭ نۇقتىنەزىرىنى سىز مۇشۇ ئىزاهنىڭ بېشىدىلا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىڭىز)؟

جۇگۇەن ۋېيشىنجۇيى مەسىلىسىگە جاۋاپ بېرىشىنىڭ هاجىتى يوق دەپ هېساپلايمەن. مەن يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن لوگىكا جەھەتتە جەزمەن مەنچىلىككە ئېلىپ بارىدىغان پەلسەپىدىن كىمنىڭ كاللىسى قانائەت هاسىل قىلىدىكەن، بۇنداق

ئادەم بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق. لېكىن، ئۇنىڭدىن ئۈزۈل ـ كېسىللىكىنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ، بەلكى تەلەپ قىلىش لازىم. بۇنداقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۈزۈل ـ كېسىللىك ھەتتا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. "مەن"دىن باشقا ھېچنەرسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان مەنچىللىك تەرەپدارلىرى، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆز ئىدىيىسىدىلا مەۋجۇتلۇقىنى ياكى مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇ ھالدا، ئۇ ئەلۋەتتە زور بىر لوگىكا خاتالىقى پەيدا قىلىدۇ، يەنى ئەقلىي قۇۋۋەت جەھەتتە بىر قېتىم ھەقىقى تۈردە salto mortale (ئۆلۈمگە قاراپ سەكرەيدۇ). ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇش جەريانىدا ئۆزىنى "ھېس قىلغان" ئەمەس، شۇڭا مەنچىللىك تەرەپدارلىرىنىڭ بىزنى "ئايال كىشى تۇققان" دەۋېلىشىغا ھېچقانداق ئاساسى يوق. بىراق، بۇنداق ۋەيشىنجۇيىدىن بەختسىز پوپرىشنىنىڭ37 كالىلىسىلا قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق ۋەيشىنجۇيى تاشقى دۇنيانى بىلىشكە بولىدۇ دېگەن قانۇنىيەتتىن شۈبھىلىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان بىمەنە پىيەنجۇيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يۇم: ئادەم ھەركەتلىنىشى، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشى ۋە تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىتىقات قىلىشى لازىم، دېگەن ئىدى. بىز ۋېيۇۋجۇيىچىلار مۇنداق بىر جۈملىنى قوشۇپ قويساقلا بولىدۇ، يەنى: بۇنداق "ئېتىقات" ـــ ئەڭ ياخشى مەنادىكى پىيەفامك تەپەككۇردا كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت، پەلسەپىنىڭ مۇقەررەر ھالدا salto vitale (جان بېقىش ئۈچۈن سەكرىگەنلىكى)38. پەلسەپىدىكى توپ مەسىلىنى "مەن" بىلەن "غەيرى مەن"نىڭ، يەنى تاشقى دۇنيانىڭ

قارىمۇ ـ قارشىلىغىغا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق قارىمۇ ـ قارشىلىق بىزنى بىمەنە خالتا كوچىغىلا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. يۇقۇرقى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ”**مەن**“نىڭ دائىرىسىدىن چىقىش ھەمدە ”**ئۇ**“ (ئاڭغا ئىگە ئورگانىك جىسىم)نىڭ ئەتراپتىكى **تاشقى دۇنيا** بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بارلىغىغا قاراپ بېقىش كېرەك. لېكىن، بۇ مەسىلە بىردىن ـ بىر مۇۋاپىق بولغان مۇشۇ شەكىلدە بولىدىغانلا بولسا، بىز دەرھال مۇنۇلارنى ئېنىق كورۇۋالىمىز: ئومۇمى ”جۇتى“ جۇملىدىن مەندىكى ”مەن“ قانۇنىيەتنى كېگۇەن دۇنياغا تاڭمايدۇلا ئەمەس، بەلكى ئوزى پەقەت مۇشۇ دۇنيانىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى، سپىنوزا ئېيتقاندەك سوزۇلۇش جەھەتتىن قارالغان تەركىۋىي قىسمى بولماستىن، بەلكى پەقەت **باشقا بىر جەھەتتىن**، يەنى ئىدىيە جەھەتتىن قارالغان تەركىۋىي قىسمى① (سپىنوزا شەك ـ شۈبھىسىز ۋېيۇۋجۇ-يىچى، لېكىن پەلسەپە تارىخى ئالىملىرى ئۇنىڭ ۋېيۇۋجۇيىچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ).

ئىدىيىنىڭ مۇشۇ ھەل قىلغۇچ قەدىمىمۇ يۇمنىڭ شۈبھىچىلىكە-دىكى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. ئوز ئوزىدىن مەلۇمكى، مەن تاشقى دۇيشياڭنىڭ مەۋجۇتلۇغىدىن شۈبھىلەنگەن چېغىمدا، **تاشقى دۇيشياڭلار ئارىسىدىكى** سەۋەپ ـ نەتىجە مۇناسىۋەتتى

---

① فېيېرباخنىڭ مۇنۇ سوزىدىن پايدىلىنىلسۇن: ”مەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياكى جۇگۇەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساپ مەنىۋى بولغان، ماددى بولمىغان، ھېسسى بولمىغان پائالىيەت، ئۇنىڭ ئوزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنى كېگۇەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسا ماددى، ھېسسى پائالىيەت.“ («فېيېرباخ ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 350 ـ بەت)

مەسىلىسى مېنىڭ ئالدىمدا مۇقەررەر رەۋىشتە يۇمدا بار بولغاندىكىدەك شەكىلگە ئىگە بولىدۇ: مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان تەسىراتىمنىڭ تەرتىۋىنى سوزلەشكىلا ھەققىم بار بولىدۇ. بىراق، مېنىڭ ئىدىيىۋى ھەركەتلىرىم ماڭا تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شۇبھىلىنىشىنىڭ كاللامنى يېڭىلىشىشكە پاتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ئىشەندۈرگەن چاغدا، تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شۇبھىلىنىپ بولمايدىغانلىقىنى **مەن "ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن" ئەمەس، بەلكى "پىپەنلىك رەۋىشتە"** جاكالىغان چاغدا، مەن ئۆز تەسىراتىمنىڭ تاشقى دۇيشياڭنىڭ ماڭا تەسىر كورسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، يەنى سەۋەبىيەتكە كېڭۇەن مەنە بېرىمەن.

ئەلۋەتتە، پىكىر قىلغۇچىنىڭ مەلۇم كەيپىياتىدا، مەن كورسىتىپ ئۆتكەن تەپەككۇرنىڭ ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك بىر سەكرىشى ئۇنىڭ نەزىرىدە قانۇنسىز بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئۆزىدە يۇمغا قايتىش خاھىشىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. لېكىن يۇم نۇقتىسىنەزىرى ئىدىيە پۈتۈنلەي ھەركەت قىلمايدۇ دەپ ھوكۇم قىلىدۇ، يۇم تەپەككۇر قىلماقچى بولغان چاغدا بولسا، ئۆزى بۇنداق ھەركەتسىزلىكنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا "ئېتىقات قىلىش"قا باشلايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، يۇمغا قايتىش، ئېنگېلىسنىڭ ئادىل باھاسىغا ئاساسلانغاندا، ۋېيۇۇجۇيىغا سىلىشتۇرغاندا، ئارقىغا يانغانلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بولسا **تەجرىبە يىۋەنلۇنچىلار** دەل مۇشۇنداق ئارقىغا يانماقتا، رىل ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىنى يۇم پەلسەپىسىنىڭ قايتا تىرىلىشى دەپ ئاتاپ توغرا قىلغان («ھازىرقى زامان پەلسەپىسىگە كىرىش»، 1903 ـ

يىل لېيپسىگ نەشرى، 101 ـ بەت)،) ـــ 30 ـ بەت.

● بۇ ھەقتە، ئېھتىمال، مەيلى خـۇاشۇپ ياكـى شېڭـۋۇشۇپ بولسۇن، ھەممىسى ئاخىر بېرىپ مالىكۇللار لىشۇپىسىگە يېغىنچاقلىنار، دىگەن سوزنى كورسىتىپ بېرىشكە بولار[39]. لېكىن، كىتاپخانلارغا مەلۇمكى، ئېنگېلس بۇنداق لىشۇپ ھەققىدە سوزلىمىگەن، بۇنداق لىشۇپ فرانسىيە ۋېيۇۋجۇيىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستازى دېكارت "ھايۋانات ماشىنا"نى بايان قىلـغىنىدا كوزدە تۇتقان لـىشـۇپ ئەمەس ۋە ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېكارتنىڭ ھايۋانات ئورگانىزىمىدا پـەيـدا بولىدىغان تۈرلۈك ھادىسـىلەرنى قانـداق جىسىملىك سەۋەپلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنى ئۇنىڭ «شەھۋانىلىق ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ قىسمىدىمۇ كورگىلى بولىدۇ. فـرانسىيە ۋېيۇۋجۇيـچىلىرىنىڭ جىسىملۇنـلۇق دۇنياقارىـشى بىلەن تەبىەت دۇنياسىغا بولغان تارىخىي كوزقارىشى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش بەك ئاز، بۇنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈر-گىنى «تەبىەت تىشىسى»[40] دىگەن مەشھۇر ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ 1 ـ قىسىم، 6 ـ بابىدا ئاپتورلار **ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى** توغرى-سىدىكى مەسىلىگە دۇچـكېلىدۇ. ئادەم (**دۇڭۇۋشۇپىدىكى ئادەم**) نىڭ تەدرىجى تەرەققى قىلغانلىقى توغـرىسىدىكى ئىدىيە، گەرچە ئۇلارنىڭ نەزىرىـدە "زىددىيەتلىك" بولـمىسىمۇ، لېـكىن ئۇنىڭ تامامەن ئانچە مۇمكىنچىلىكى بولمىغان"قىياس" ئىكەنلىكى روشەن. ئەگەر بىرەيلەن بۇنداق قىياسـقا قارشى تۇرسا، ئەگەر بىرەيـلەن ئۇلارغا: "تەبىـەت دۇنـياسى بەلـگىلىك سانـدىكى ئومۇمـى ۋە ئوزگەرمەس قانۇنىـيەتـلەرنىڭ ۋاسـىتىسى بىلەن رول ئويـنايدۇ" دىسە (گويا ئومۇمى ۋە ئوزگەرمەس قانۇنىيەت تەرەققىيات بىلەن

توقۇنۇشىدىغاندەك!!)، ئەگەر بىرەيلەن يەنە بىر جۈملە سوز قوشۇپ: "ئادەم، توت پۇتلۇق هايۋانات، بېلىق، هاشارات، ئۇسۇملۇك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن مەۋجۇت ھەمدە مەڭگۇ ئوزگەرمەيدۇ" دىسە، ئۇ هالدا ئاپتورلار "بۇنىڭغا قارشى تۇرماس ئىدى". ئۇلار بۇنداق نۇقتىنەزەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئوزلىرى شەرھىلىگەن ھەقىقەتلەر (جىشىېلىك ۋېيۋۇجۇيىلىق) بىلەن توقۇنۇشمايدىغانلىقىنىلا كورسىتىپ بېرىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئۇسۇلى مۇنداق ئويىنى ئاساس قىلغان: "ئادەم ھەممىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ؛ ئۇ ئوزىنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىلەلمەيدۇ، ئۇ شەيئىنىڭ ماهىيىتىنى كوزىتەلمەيدۇ، بىرىنچى سەۋەپنى ئۇقالمايدۇ؛ لېكىن ئۇنىڭدا ئەقلىيلىق بولالايدۇ، ئاقكوڭۇللۇك بولالايدۇ، ئۇ ئوزى بىلەلمەيدىغان نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى راستچىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلالايدۇ، ئۇ ئوزىنىڭ بىلمىسىزلىكى ئورنىغا چۈشىنىكسىز سوزلەر ۋە ئەھمىيەتسىز پەرەزلەرنى قويمايدۇ." («تەبىئەت تىشىسى»، 1781 ـ يىلى لوندون نەشرى، 1 ـ قىسىم، 75 ـ بەت) مانا بۇ "تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىشنىڭ چېكى" ھەقىقىدە قۇرۇق گەپ سېتىشقا خۇشتار كىشىلەرگە بېرىلگەن بىر ئاگاهلاندۇرۇش.

«تەبىئەت تىشىسى»نىڭ ئاپتورلىرى ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تارىخىدىكى ئازاپ ـ ئوقۇبەتنى "ئەقىل"نىڭ كەمچىلىكى ئارقىلىق چۈشەندۇرىدۇ. "خەلق هاكىمىيەتنىڭ ھەقىقى ئاساسىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار خەلقنىڭ بەختكە ئېرىشىشىگە يول قويۇشى كېرەك بولغان هوكۇمراندىن بەخت تەلەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ......" بۇنداق پىكىرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى شۇنداق بولىدۇكى، سىياسى

كۈندىن ـ كۈنگە بىر شەخسنىڭ ياكى مەلۇم ئىمتىيازلىق كىشىلەر ـ نىڭ خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلىشى يولىدا كوپچىلىكنىڭ بەختىنى قۇربان قىلىدىغان تەقدىرچىلىك سەنئىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ" ۋاھاكازالار (يۇقۇرىدىكى كىتاب، 291 ـ بەت). بۇنداق نۇقتىنەزەر ئارقىلىق مەۋجۇت "ئىمتىياز"غا ئۆگۈشلۈق قارشى تۇرغىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنى ھەرگىز ئىلمىي تارىخ قارىشى دەپ ھېساپلاشقا بولمايدۇ (بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ تەپسىلى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا بېلتوپىنىڭ «يېيۇەنلىك تارىخ قارىشىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدىن ۋە مېنىڭ «ۋېيىۋۇجۇيى تارىخى مەجمۇئەسى» دېگەن ئەسىرىمدىن پايدىلىنىلسا بولىدۇ). — 34 ـ بەت.

● مۇتلەق بۇيرۇق دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە ئېنگېلس نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مەنسىتمىگەن ھالدا توختىلىدۇ؟ مۇتلەق بۇيرۇقنىڭ تولىمۇ يۈكسەك بولغان بەزىبىر غايىلەرنى ئىما ـ ئىشارە قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ (ياق، بۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس.)

غايە دېگەن نېمە؟ "چاكىنىلارنىڭ جاۋاۋى مۇنداق: غايە بىر خىل مەقسەت دېمەكتۇر، بىز ئەخلاق جەھەتتە ئۇنى قوغلىشىشىمىز كېرەك، لېكىن ئۇ يەنە شۇنچىلىك يۈكسەك نەرسىكى، بىز ئۇنىڭغا ئەزەلدىن يېتەلمەي كېلىۋاتىمىز." چاكىنىلار بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئىنتايىن خۇشاللاندۇرىدىغان مۇنۇ خۇلاسىنى چىقىرىدۇ: "غايىگە بولغان ئېتىقات" ھېچ بولمىغاندا "غايە" بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوق قىلىقلار بىلەن بىردەك بولىدۇ. 70 ـ يىللاردا روسىيىدە مۇشۇنداق "غايىلىك" شيەنبىڭ جۇڭگۇەنلەر بولغان ئىدى، ئۇلار "ئىنكارچى"نى قولغا ئالغان چېغىدا ئۇنىڭغا: سوتسىيالىزىم ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى نەرسە، سوتسىيالىزىمدىنمۇ ياخشى

نەرسىنى ئويلاپ چىقىرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بىراق غايىگە يەتكىلى بولمايدۇ، بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقاندىكەن، بۇ دۇنيا- دىكى ئىشلارنى ئويلاش كېرەك، دەيتتى، لېكىن "بۇ دۇنيادىكى ئىشلار" غايىلىك بۇ شيەنسىڭ جۇنگۇەندىن ئوزىگە ئوخشاشلا غايىلىك ئىنكارچىنى "ئاختۇرۇپ تېپىش ۋە يۇقۇرىغا يوللاش" نى تەلەپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ "ئاختۇرۇپ تاپاتتى ۋە يۇقۇرىغا يوللايتتى". شيەنسىڭلار ئوزلىرىنى "غايە"گە تەشنامىز دەۋالاتتى، تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتساق، ئۇلار يالغان ئېيتاتتى. يەنە بىر مىسال كەلتۇرەيلى. بىزدىكى "قانۇنىي" نارودنىكلار ئوزلىرىنىڭ "غايە"سىنى سەممىيەتلىك بىلەن قوغلاش- قان ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ غايىگە بولغان سەممى پوزىتسىيىسى- نىڭ قانداق نەتىجىلەنگەنلىكىگە قاراپ باققىلار. ئۇلارنىڭ ئىجتى- مائى غايىسى — ھوكۇمەتنىڭ ۋە يۇقۇرى تەبىقىنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسىغا ئۇچرىماي مۇستەقىل تەرەققى قىلىدىغان ئەركىن "خەلق". ئەگەر، ھوكۇمەت ۋە يۇقۇرى تەبىقە نارودنىكلارنىڭ غايىسىدە پۇتۇنلەي يوقىتىلمىغان، دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ غايىسىدىن پاك-پاكىز ئوچۇرۇپ تاشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، نارودنىكلار ئوزلىرىنىڭ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن زادى نىملەرنى قىلدى؟ ئۇلار بەزىدە "ھۇل"نىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىگىلا يىغا-زارە قىلىشىدۇ (گ.ئى. ئۇسپېنسكىينىڭ سوزى بويىچە ئېيتقاندا: "سان-سېپىرلار ئۇچۇن يىغلايدۇ")41، بەزىدە دىخانلارغا بولۇنگەن يەرنى كوپەيتىش ھەمدە باج-سېلىقنى ئازايتىشنى ھوكۇمەتكە تەكلىپ قىلىدۇ، بەزىدە — بۇنى ئەڭ ئوزۇل-كېسىل، ئەڭ كەسكىن ئۇسۇل

دېيىشكىمۇ بولار — "يېزىغا بارىدۇ". لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى روسىيە رېئاللىقىنىڭ نارودنىكلارنىڭ غايىسىگە يېقىنلىشىشىنى پۈتۈنلەي ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. نارودنىكلارنىڭ سان-سېپىرلار ئۈچۈن پوتلىسىنى ئېقىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشىدىكى سەۋەپ مانا شۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنىڭ تامامەن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بىراق نېمىشقا ئاجىز بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۇلارنىڭ **غايىسى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئورگانىك باغلىنىشنىڭ** يوقلۇقىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق. رېئاللىق بىر ئىش، غايە بولسا باشقا بىر ئىش، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، غايە يەنىلا غايە بولۇپ، قانۇنىي نارودنىك ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق تۈردە "**يېزىدا قالىدۇ**". شۇڭا، غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بارغانسېرى كېڭەيگەن، دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، غايە كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ قالغان. ئەلۋەتتە، بۇنداق غايىنى ئېنگېلس خۇددى گېگېلدەكلا مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردىكى مەسخىرە بۇنداق غايىنىڭ يۈكسەكلىكىنى زاڭلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ **ئاجىزلىقىنى**، ئۇنىڭ روسىيىدىكى ھەركەتلەرنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى زاڭلىق قىلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئېنگېلس ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى پرولېتارىياتنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن يۈكسەك مەقسەتكە بېغىشلىغان. ئۇنىڭدىمۇ "غايە" بولغان، لېكىن ئۇنىڭ غايىسى رېئاللىقتىن ئەسلا ئايرىلمىغان. ئۇنىڭ غايىسى دەل شۇ رېئاللىق ئىدى، لېكىن بۇ رېئاللىق **ئەتىكى رېئاللىق** ئىدى، بارلىققا كېلىدىغان رېئاللىق ئىدى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ئېنگېلسنىڭ غايىلىك ئەرباپ بولغانلىقىدىن

ئەمەس، بەلكى ھازىرقى رېئاللىقنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ شۇنداق بولغانلىقىدىن ئىدى، چۈنكى ئېنگېلسنىڭ غايىسى دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ئەتىكى رېئاللىق ھازىرقى رېئاللىقتىن، ھازىرقى رېئاللىقنىڭ ئۆزىدىكى ئىچكى قانۇنىيەت بويىچە بولغان تەرەققىياتتىن كەلگەن بولۇشى كېرەك. بىلمىسىز كىشىلەر بىزگە: ھەممە نەرسە رېئاللىقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە يىغىنچاقلانغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئېنگېلس بۇ يەردە نىمە قىلىدۇ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن خالى بولغىلى بولمايدىغان تارىخىي جەريانغا ئۆزىنىڭ غايىسى ئارقىلىق ئارىلىشىدۇ؟ ئېنگېلس بولمىسا ئىش پۈتمەي قالامتى؟ دېگەن سوئاللارنى قويىدۇ. **كېگۇەن جەھەتتىن قارىغاندا**، ئېنگېلسنىڭ ئورنى مۇنداق: رېئاللىق بىر شەكىلدىن باشقا بىر شەكىلگە ئۆتۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا يولۇقتى ۋە ئۇنى يېتىپ كېلىدىغان ئۆزگىرىش ئۈچۈن زورۇر قوراللاردىن بىرى قىلدى. **جۇگۇەن جەھەتتىن قارىغاندا**، ئېنگېلس تارىخىي ھەركەتلەرگە قاتنىشىشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى، ئۇ بۇنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچۇم ۋە ئومۇرلۇك ئۇلۇق ۋەزىپەم دەپ ھېساپلايتتى. خۇددى تەبىئەت قانۇنىيىتى ماددىنىڭ ۋاستىلىك رولى بولمىسا ناھايىتى ئاز ئىشقا ئاشالىغىنىدەك، جەمىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىمۇ ئادەمنىڭ ۋاستىلىك رولى بولمىسا ناھايىتى ئاز ئىشقا ئاشالايدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىز، "شەخس" جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە سەل قارىسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر سەل قارىسا، ئۇ ھېچ بولمىغاندا مۇنداق جازاغا ئۇچرايدۇ، يەنى كۆلكىلىك دون-كىخوتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

رىشتاملېر **«ئىقتىسات ۋە قانۇن»** دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە

مۇنداق مەسىلىدە، يەنى سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار، بىر تەرەپ-تىن، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى **مۇقەررەر** دەپ ھېساپلايدىغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا بۇ ئىنقىلاپنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ زورۇر دەپ ھېساپلايدىغانلىقى مەسىلىسىدە ئىنتايىن مۇجمەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شتاملېرنىڭ نەزىرىدە، بۇ تېيەنۋېنشۈيدە خالى بولغىلى بولمايدىغان ئاينىڭ تۇتۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن سىياسى پارتىيە قۇرغانغا ئوخشاش غەلىتە ئىش ئىدى. ئەمما، بۇنداق پىكىر، خۇددى ئۇنىڭ پۈتۈن كىتاۋىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان سوتسىيالىزىمىنىڭ ئاساسى بولغان **ۋېيۋۇجۇيىلىق** پەلسەپىنى پۈتۈنلەي بىلمەيدىغان-لىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ي. پرىستلېي ئىنتايىن دۇرۇس ئېيتقان:
«Though the chain of events is necessary, our *own determinations* and *actions* are necessary links of that chain»,
يەنى "گەرچە ۋەقەلەر زەنجىرى مۇقەررەر بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ **ئۆزىمىزنىڭ نىيىتىمىز ۋە ھەركىتىمىز** بۇ زەنجىرنىڭ زورۇر ھالقىسى بولىدۇ." («تەتقىقات»، 1 ـ توپلام، 110 ـ بەت) كانت پرىستلېينى تەقدىرچىلىك تەرەپدارى دەپ ھېساپلايدۇ. لېكىن بۇ يەردە قانداق تەقدىرچىلىك بولسۇن؟ ئەقەللىسى تەقدىرچىلىكنىڭ سايىسىمۇ يوق، بۇ ھەقتە، پرىستلېي ئۆزى پرايس بىلەن مۇنازىرىلەشكەن چېغىدا ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

ئەمدى مۇتلەق بۇيرۇق ئۈستىدە توختىلايلى. بۇ زادى نېمە ئۆزى؟ كانت "مۇقەررەرلىك خۇسۇسىيىتى"گە ئىگە بولغانلىكى قائىدىلەرنى بۇيرۇق دەپ ئاتايدۇ. بۇيرۇق **شەرتلىك** بۇيرۇق

ۋە **مۇتلەق** بۇيرۇققا بولۇنىدۇ. شەرتلىك بۇيرۇقتا بەلگىلەنگىنى پەقەت ئارزۇغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەلۇم ھەركەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىرادە. **مۇتلەق** بۇيرۇقتا بەلگىلەنگىنى ئىزلىگىلى بولىدىغان بۇنداق ياكى ئۇنداق مەقسەت بىلەن **مۇناسىۋەتسىز** ئىرادە. مۇتلەق بۇيرۇق "ھەتتا مەن تېخى ئۆزەمگە، مەندە ئىزلىگىلى بولىدىغان ھەركەتنى پەيدا قىلغۇدەك يېتەرلىك قابىلىيەت بارمۇ، ياكى بۇنداق ھەركەتنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن مەن نىمىلەرنى قىلىشىم كېرەك دىگەن سوئالنى قويماي تۇرۇپلا" ئىرادىنىڭ ئۆزىنى بەلگىلىگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇتلەق بۇيرۇق، مۇقەررەرلىك خۇسۇسىيىتىدىن باشقا، يەنە مۇتلەق **زورۇرلۇك** خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بىراۋ مەلۇم بىرەيلەنگە: بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قىينىلىپ قالماسلىغىڭ ئۈچۈن سەن ئىشلىشىڭ ۋە ئاز-تولا پۇل يىغىشىڭ كېرەك، دىسە، بۇنىڭ ئۆزى **شەرتلىك بۇيرۇق** بولىدۇ. چۈنكى بىر ئادەم ئەگەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نامراتچىلىقتا كۈن كەچۈرۈشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ نامراتلىقتا قالماسلىغىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان باشقا ئامالى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ پۇل يىغىشى كېرەك. لېكىن، **"كەلسە-كەلمەس ۋەدە بەرمەسلىك"** دىگەن بۇ قائىدىدە سۆزلەنگىنى پەقەتلا ئادەمنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۆزى، بەلكى بۇ مەزكۇر كىشى قوغلاشقان مەقسەتلەر بىلەن قىلچە ئالاقىسىز. بۇ قائىدىدە ئىستەك تۇغما ھالدا (**a priori**) بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئۆزى **مۇتلەق** بۇيرۇق. كانت مۇنداق دەيدۇ: "شۇڭا، ئەمىلىيەت قانۇنىيىتى ئىرادە بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك، ئىرادىنىڭ سەۋەبىيەتلىكى ئارقىلىق نىمىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بولسا قىلچە مۇناسىۋەتسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قانۇنىيەتلەرنى

ساپ قانۇنىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق سەۋەبىيەتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇشنىڭمۇ ھېچۋەقەسى يوق“ («ئەمەلىيەت ئەقىل پىپەنى“، سوكوروپ تەرجىمىسى، 1897 ـ يىل سېن ـ پېتېربۇرگ رۇسچە نەشرى، 21 ـ بەت).

ئىش يۈزىدە، پەقەت بىر تۈرلۈكلا مۇتلەق بۇيرۇق بار، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: **سېنىڭ ھەركىتىڭ سەن ئومۇمى قانۇنىيەتكە كۆتەرمەكچى بولغان قائىدىنى ئاساس قىلىشى كېرەك** («ئەخلاقنىڭ شىكىئىرشاكشۇپىلىك ئاساسى»، 1897 ـ يىل لېيپسىگ نېمىسچە نەشرى، 44 ـ بەت).

كانت ئۆز ئىدىيىسىنى بىرنەچچە مىسال بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بىرەيلەن شۇنچىلىك بەختسىزلىككە مۇپتىلا بوپتۇكى، تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئېغىر يۈك بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: مېنىڭ ئۆلۈۋېلىشىمغا رۇخسەتمۇ، دەپ سوراپتۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدۇ؟ مۇتلەق بۇيرۇقتىن تاپقىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۆلۈۋېلىش ئومۇمى قانۇنىيەت بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا، نەتىجە قانداق بولىدۇ؟ نەتىجە ھاياتنىڭ ئاخىرلىشىشى بولىدۇ. دېمەك، ئۆلۈۋېلىش ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يەنە بىر مىسال. مەلۇم بىر كىشى باشقا بىر كىشىگە مۈلكىنى ساقلاپ بېرىشكە بەرسە، بۇ ئادەمنىڭ شۇ مۈلۈكنى تىقىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنامدۇ؟ بۇ مەسىلىمۇ، كانتنىڭ نەزىرىدە، مۇتلەق بۇيرۇق ئارقىلىق ناھايىتى ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ: ئەگەر ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ ساقلاپ تۇرۇشقا بەرگەن مۈلكىنى تىقىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھېچكىممۇ مۈلكىنى باشقىلارغا ساقلاپ بېرىشكە بەرمەيدۇ. 3 ـ مىسال مۇنداق: ھال ئۇقتى ياخشى بىر كىشىنىڭ كەمبەغەل كىشىگە

يارده‌م بېرىشى ئەسلىدە قىيىن ئىش ئەمەس، بىراق ئۇ بۇنداق قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. بۇ ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتكە زىت كېلەمدۇ؟ زىت كېلىدۇ. ھەرقانداق ئادەم بۇنداق قىلمىقىنىڭ ئومۇمىي قائىدە بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلمايدۇ، چۈنكى تۇيۇقسىزلا قىيىن ھالدا قالىدىغان ئەھۋال ھەر بىر كىشىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالىدۇ.

بۇ مىساللار كانتنىڭ ئىدىيىسىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ بەربات بولغانلىقىنىمۇ ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. مۈلۈكنى ساقلاپ بەرگىلى بېرىش دېگەن مىسالنىڭ كىشىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى گېگېل ئادىللىق بىلەن كورسىتىپ ئۆتكەن[42]، چۈنكى ئەسلىدە كىشىلەر ئۆزىگە: مۈلۈكنى باشقىلارغا ساقلاپ بېرىشكە بەرمىسە نىمە بوپتۇ؟ دېگەن سوئالنى قويۇشى مۇمكىن، ئەگەر بۇنىڭغا بىرەيلەن: بۇنداقتا مۈلۈك يىغماق بەك تەس بولۇپ قالىدۇ، مۈلۈكنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىردا مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ، دەپ جاۋاپ بەرسە، ئۇ ھالدا، كىشىلەر، نىمە ئۈچۈن مۈلۈككە ئېھتىياج چۈشىدۇ، دېگەن سوئالنى قويىماي تۇرارمۇ؟ گېگېلنىڭ سوزى بويىچە ئېيتقاندا، كانت تەلىماتىدا ئۆزى ئېنىق بولغان، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلمىسىمۇ بولىدىغان، زىددىيەتسىز بولغان، باشقا بەلگىلىمىلەرگە باغلىق بولمىغان بىرمۇ ئەخلاق قانۇنىيىتى يوق. بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرىپى بولۇپمۇ ئۆلۈۋېلىش ھەققىدىكى مىسالدا ئالاھىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمىلىيەتتە، ئەسلىدە بۇ مىسالدا ھەرگىز ھەممە ئادەمنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ئەمەس، بەلكى پەقەت جېنىدىن تويغانلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشى سوزلىنىدۇ، بۇنداقلارنىڭ

ئۆلۈۋېلىشى ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرمايدۇ.

بۇنداق بولۇش بىلەنلا قالماستىن، — دەيدۇ گېگېل، — كانتنىڭ ھەر بىر ئەخلاق قانۇنىيىتى قۇرۇق گەپتىن ئىبارەت، A = A دىگەن پورمۇلىغا ئوخشاش، مەسىلىنى قىلچە چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدىغان مەنىداش قايتۇرما سوز: ساقلاشقا بېرىلگەن مۈلۈك دىگەن ساقلاشقا بېرىلگەن مۈلۈك، مۈلۈك دىگەن مۈلۈك. بۇ تەرىپىمۇ ناھايىتى ئادىل ئېيتىلغان، بەلكى تامامەن چۈشىنىشلىك. كانت ئۇچۇن ئېيتقاندا، گېگېل ئۇنىڭ "قۇرۇق گەپ"لىرىگە قارىتىپ ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللار، مەسىلەن، مۈلۈكنى باشقىلارغا ساقلاپ بېرىشكە بەرمىسە نىمە بوپتۇ؟ نىمە ئۇچۇن مۈلۈككە ئېھتىياج چۈشىدۇ؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. **كانتنىڭ غايىسى، ئۇنىڭ "مەقسەت ئالىمى" (Reich der Zwecke)، «ئاساس»، 58-بەتكە قاراڭ) بۇرژۇئا جەمىيىتىنىڭ ئابستراكت غايىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى، كانتنىڭ نەزىرىدە، رەددىيە بېرىشكە بولمايدىغان "ئەمەلىي ئەقىل"نىڭ بۇيرۇغى.** كانتنىڭ ئەخلاقى — بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەخلاقى، ئۇزىنىڭ پەلسەپە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەخلاق. بىزگە مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئاساسىي كەمچىلىگى **تەرەققىيات** توغرىسىدىكى مەسىلىنى پۈتۈنلەي ھەل قىلالماسلىقتىن ئىبارەت. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن، يۇقۇرىدا كانتتىن نەقىل ئېلىنغان 3 - مىسال ئۈستىدە يەنە توختىلىمەن. بىراق، كىتابخانلار ئالدى بىلەن شۇنىڭغا دىققەت قىلسۇنكى، كانت مەنپەئەتپەرەسلىك ئەخلاقىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭچە، بەخت پىرىنسىپىدا، ئارزۇنىڭ ئىقتىدارىدا بار بولغان نەرسىلەردىن باشقا، ئىرادىنى بەلگىلەيدىغان ھېچبىر ئاساس يوق. لېكىن،

ئىرادىنى بەلگىلەيدىغان ئەقلىيلىق بۇنداق تۆۋەن قابىلىيەتكە پەرۋا قىلمايدۇ. ئەقلىيلىق بۇنداق قابىلىيەتتىن خېلى پەرقلىنىدۇ، ھەتتا مۇشۇنداق قابىلىيەتتىن پەيدا بولغان مۇددىئالار ئازدۇر-كۆپتۇر ئارىلىشىپ قالسىمۇ، "ئەقلىيلىق كۈچىدىن ۋە ئەۋزەللىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ، ئوخشاشلا، شۇشۇبىلىك دەلىللەشتىكى شەرتكە ئوخشاش، ئازدۇر-كۆپتۇر تەجرىبە ئارىلىشىپ قالسىمۇ دەلىلنىڭ پۈتۈن ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ۋە يوقىتىۋېتىدۇ" («ئەمەلىيەت ئەقىل پىرىنسىپى»، 27-بەت). ئەخلاق پىرىنسىپى ئارزۇ قىلىنغان دۇنياغا قارىتا مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت.

ئارزۇ قىلىنغان دۇنياغا قارىتا مۇنداق مۇستەقىللىق بۇرۇنلا چاقچاقنىڭ ۋە ھەجۋى شېئىرنىڭ تېمىسى بولۇپ قالغان (مەسىلەن، شىللېر، گېتېلارنىڭ "قىسقا ھەجۋى شېئىرلار"ىدىن پايدىلىنىلسۇن 43). بۇ يەردە بۇ ھەجۋى شېئىرلارنى قايتا بايان قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس①. يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن كانتنىڭ 3-مىسالى توغرىسىدا شۇنىلا ئېيتماقچىمەنكى، **پەقەت مۇنداق**

---

① تۆۋەندىكىسى "قىسقا ھەجۋى شېئىرلار"دىن بىر پارچە:

**Gewissenskrupel.**

**Gerne dien'ich den Freunden, doch thu' ich es leider mit Neigung**
**Und so wurmt es mir oft, dass ich nicht tugendhaft bin.**

**Decisum.**

**Da ist kein andrer Rat, du musst suchen sie zu verachten,**
**Und mit Abscheu alsdann thun, wie die Pflicht dir gebietet.**

(ۋىجدان ئەيىبى: تەسەددۇقتۇر بۇ جېنىم دوستۇم ئۈچۈن، ئەپسۇسكى قىزىپ ئۆتتەك يانسامۇ مەن، ئاقكۆڭۈللۈك يوقمىكىن دەپ قورقىمەن، لېكىن. ھەل قىلىش ئۇسۇلى: نەپرەتلىنىشتىن ئۆزگە چارە يوق ئۇلارغا، قىلىسەن بۇرچ ساڭا بۇيرىغاننىڭ بارىنى يىرگىنىچ بىلەن.)

**ئەھۋالدىلا، يەنى ئەگەر مەنپەئەتپەرەسلىك ئەخلاق قارىشىنى قوللانغان ھەمدە بىزنىڭ "ئەمەلىيەت ئەقلى" مىزنى بىزنىڭ "ئارزۇيىمىزنىڭ قابىلىيىتى"نى ئويلاشقا مەجبۇرلىغان چېغىدىلا،** ئاندىن بۇ مەسىلە كىشىنى قايىل قىلىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، كانتنىڭ نەزىرىدە، مەن باشقىلارغا ياردەم بېرىشىم كېرەك، بۇنىڭ سەۋەبى مەن ئۆزەممۇ بەزىدە باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىمەن. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەنپەئەتپەرەسلىك بارمۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا، مەن كىتابخانلارنى مۇنۇ ئەھۋالغا دىققەت قىلىشقا دەۋەت قىلماقچىمەن: كانت مەنپەئەتپەرەسلەرگە رەددىيە بەرگىنىدە ھامان **"شەخس بەختى"** پىرىنسىپىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۇ ئىنتايىن توغرا يوسۇندا بۇنى **خۇسۇسىلىق پىرىنسىپى** دەپ ئاتايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەخلاقتىكى تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەخلاقنىڭ ئاساسى **شەخس بەختىنى** قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى **پۈتۈنلۈكنىڭ بەختىنى**، يەنى قەبىلە، مىللەت، سىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى قوغلىشىش. **بۇنداق** قوغلىشىشنىڭ **شەخسى مەنپەئەتپەرەسلىك** بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوق. ئەكسىچە، ئۇ ھامان ئازدۇر-كۆپتۇر **پىداكارلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.** ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي ھېسسىياتنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشقا ھەمدە تەبىي تاللىنىش سەۋەبىدىن كۈنسايىن كۈچەيتىشكە بولىدۇ (بۇ جەھەتتىكى ئىنتايىن سەممىمى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا داروين يازغان ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى كىتابتىن پايدىلىنىلسۇن[44])، شۇڭا، پىداكارلىق بەزىدە مۇنداق شەكىلدە بولىدۇ: گويا پىداكارلىق ھەرقانداق "ئارزۇ قىلىش قابىلىيىتى"نى

مۇتلەق ئۆزىگە يولاتمايدىغان ”ئۆزىنى باشقۇرىدىغان ئىرادە“ مەسىلىسىدەك بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بۇنداق ئەھۋال بۇنداق يۇكسەك قابىلىيەتنىڭ **مەنپەئەتپەرەسلىك ئاساسىنى** قىلچىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. ئەگەر پىداكارلىق روھى مەلۇم بىر جەمىيەت، مەلۇم بىر سىنىپ ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيەتسىز بولسا، ياكى مەلۇم بىر خىل ھايۋاناتنىڭ ياشاش ئۈچۈن كۈرەشىگە قىلچە ئەھمىيەتسىز بولسا (بىزگە مەلۇمكى، ئىجتىمائى ھېسسىيات **يالغۇز** ئادەمدىلا بار نەرسە ئەمەس)، ئۇ ھالدا، ئۇ شۇ جەمىيەتتىكى ۋە سىنىپتىكى ئايرىم ئادەمگە ياكى شۇ ھايۋانات تۈرى ئىچىدىكى ئايرىم ھايۋاناتقا زادى ماس كەلمەيدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇلار. بۇنداق ئايرىم ئادەملەر تۇغۇلۇش بىلەنلا تۇغما «پىداكارلىق قابىلىيىتى»گە ئىگە بولىدۇ، خۇددى ئۇنىڭ — بىز يۇقۇرىدا ئىزاھ ● دە نەقىل ئالغان رېپىنكېنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا — تۇغۇلۇش بىلەنلا ”تۇغما“ نەپەس ئېلىش قابىلىيىتى ۋە ھەزىم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، بىراق، بۇنداق «تۇغمىلىق»تا ھېچقانداق سىرلىق نەرسە يوق، چۈنكى ئۇ ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا پەيدىن - پەي ۋۇجۇتقا كەلگەن.

تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائى ئۇنۇم نۇقتىسىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا، گېگېل كانتنىڭ ئەخلاق قانۇنىيىتىنى رەت قىلىشتا قويغان سوئاللارغا ئوخشاش سوئاللارنى، مەسىلەن، نېمە ئۈچۈن مۈلۈك باشقىلارغا ساقلاپ بېرىشكە بېرىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن مۈلۈككە ئېھتىياج چۈشىدۇ دىگەندەكلەرنى ھەل قىلىش ناھايىتى ئاسان. ئەمما — يەنە بىر رەت تەكرارلاپ ئېيتاي — كانت ۋە ئۇنىڭ

مۇرىتلىرى تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىنى تەتبىق قىلىشنى ئۇقمايدۇ، بۇ جەھەت، ئەخلاق تەلىماتىدا بىلىش نەزەرىيىسىدىكىدىنمۇ ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ يەردىمۇ كانتنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدىكىدەك، كانتنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ھەمىشە ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم: "بىر پەيلاسوپنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى **ئۇزۇل-كېسىل** ئادەم بولۇش، لېكىن دەل مۇشۇ ھال ئادەتتە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ."

كانتنىڭ زاماندىشى ياكوبى كانتنىڭ ئەخلاق تەلىماتىنى رەت قىلغان، ئۇ فىشتقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: "ھەئە، مەن خۇداسىزلىق تەرەپدارى، مەن خۇداغا ئىشەنمەيمەن، ھېچقانداق نەرسىگە ئۈمىت باغلىمايدىغان ئىرادىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دېزدېمونا ئۆلۈم ئالدىدا يالغان ئېيتقاندەك يالغان ئېيتىشنى، ئۆزىنى ئورېست قىلىپ كۆرسەتكەن پىلادتەك يالغان ئېيتىشنى ۋە ئالدامچىلىق قىلىشنى، تىمولېئوندەك ئادەم ئۆلتۈرۈشنى، ئېپامىنوند ۋە ئى. د. ۋىتتەك قانۇننى بۇزۇشنى ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنى، ئوتتودەك ئۆلۈۋېلىشنى، داۋۇتتەك ئىبادەتخانا ۋە چىركاۋلارنى تۇپ-تۈز قىلىۋېتىشنى، ھەتتا ئاچلىق-تىن ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا دەم ئېلىش كۈنى باشاق تېرىشنى ئۈمىت قىلىمەن. ئادەم قانۇن ئۈچۈن يارىتىلمىغان، بەلكى قانۇن ئادەم ئۈچۈن يارىتىلغان." بۇ سۆز ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان. گېگېلمۇ پۈتۈنلەي ھەقلىق، ئۇ ياكوبىنىڭ بۇ ئىدىيىلىرى "ئىنتايىن ساپ، چۈنكى بۇ سۆزلەر گەرچە بىرىنچى شەخس تەرىقىسىدە ئىپادىلەنگەن، مەسىلەن، 'مەن'، 'ئۈمىت قىلىمەن' دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ سۆزلەرنىڭ كېگۈەنلىكىگە تەسىر

يەتكۈزمەيدۇ"45 دەپ ھېسابلىغان. ئەمما ئادەم قانۇن ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قانۇن ئادەم ئۈچۈن، — مۇشۇنداق تامامەن توغرا بولغان ئىدىيە **مەنپەئەتپەرەسلىك ئەخلاقى (ھەقىقى يەنى كېڭگۈەن مەنىسى بويىچە چۈشىنىلگەن)نى تەۋرەنمەس ئاساس بىلەن** تەمىنلىدى.» — 41 ـ بەت.

● تارىخىي ۋەقەلەرگە ئەخلاق نۇقتىسىنەزىرىدىن قاراش بىمەنىلىك، — دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى گېگېل (ئۇ يازغان «تارىخ پەلسەپىسى توغرىسىدا لېكسىيەلەر»دىن پايدىلىنىلسۇن، «گېگېل ئەسەرلىرى»، 1 ـ نەشرى، 9 ـ توم، 67 ـ بەت). لېكىن بىزدىكى «ئىلغار يازغۇچى»لار بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى تېخى بۈگۈنگىچە بىلمىدى (دەرۋەقە، بۇ سۆزنى ئۇلار ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولسا كېرەك). ئۇلار خەلق تۇرمۇشىنىڭ كونا "ئاساسى"نىڭ، يەنى مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ئاساسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان ئادەتنىڭ بۇلغانغانلىقىنى كۆرۈپ، چىن دىلىدىن قايغۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، زاۋۇت پرولېتارىياتى — پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى. ئەمما ئىلمىي سوتسىيالىزم مەسىلىگە بۇنداق قارىمايدۇ. چۈنكى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى مۇقەررەر رەۋىشتە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى دېگەن نەرسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنى ھەممىدىن ئاۋال ئۆتمۈشتە ئورنىتىلغان مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ئەخلاقتىن قەتئىي قول ئۈزۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ۋەكىللىرى بۇنى "ئىلغار" روسىيە يازغۇچىلىرى بايقاشتىن بۇرۇنلا بىلەتتى (مەسىلەن، ئېنگېلسنىڭ "ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى" دېگەن

ئەسىرىدىن پايدىلىنىلسۇن، 1845 ـ يىلى لېيپسىگ نەشرى، 120 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر[1]). لېكىن ئېنگېلس ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى خىيال قىلمايتتى، بەلكى ئەڭ موھىمى، ئۇ، زاۋۇت پرولېتارىياتىنىڭ "ئەخلاقسىزلىق ھەركەت"لىرىدىن يېڭى "ئەخلاق" مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى، **مەۋجۇت تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان** ئەخلاق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەخلاق ئاخىردا جەزمەن يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىدىغانلىقىنى، بۇ تۈزۈمدە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمدى "چۇشكۇنلىشىپ ـ چىرىكلىشىپ" كېتىۋەرمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنى "چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان ـ چىرىكلەشتۈرىدىغان" **مەنبەلەرنىڭ** ھەممىسىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى (256 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر). روسىيىدىكى "ئىلغار" ئىدىيىنىڭ ھازىرقى ھالىتى توغرىسىدا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: غەرپنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە يېرىم ئەسىر بۇرۇنلا ھەقىقى مەلۇم بولغان نەرسىلەر بىزگە ھەتتا زادىلا نامەلۇم بولۇپ تۇرماقتا. راستىنى ئېيتقاندا، كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇمىتسىزلىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋىۋى ئەنە شۇ!

دبۇ سوزلەر 1892 ـ يىلى يېزىلغان، ئۇ چاغدا بىزنىڭ **قانۇنسىز** نارودنىكچىلىق ("خەلق ئىرادىسى تەرەپدارلىرى"نىڭ قالدۇغى شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان نارودنىكچىلىق) بىلەن بولغان مۇنازى-

---

[1] «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 399 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەرگە، 500 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەرگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

رىمىز داۋاملىشىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزنىڭ **قانۇنىي** نارودنىكلار بىلەن بولغان مۇنازىرىمىزگىمۇ ئەمدىلا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتاتتى، بۇ مۇنازىرە 90 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى 5 يىلى ئىچىدە ئالاھىدە كەسكىنلەشتى. بۈگۈنكى كۈندە بىزدىكى "ئىلغار" يازغۇچىلارنىڭ "كونا ئاساس" نىڭ يىمىرىلىشىگە قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشقا چولىسى يوق، ئۇلار ئەمدى بىزدە **پرولېتارىياتنىڭ** مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ئەپسۇسلانمايدىغان بولدى، چۈنكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارغا بۇ سىنىپنىڭ ئىنقىلاۋىي رولىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى؛ "ئىلغار" ژۇرناللارمۇ بۈگۈنكى كۈندە بەتلىرىنى ئايىماستىن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىدىغان بولدى. **قالمىغاندىن كېيىن، بولسىمۇ قىلغان ياخشى**، دېگەن تەمسىل بار. بىراق مەن ئېيتىمەنكى، كېيىن قىلغاندىن بالدۇر قىلغان ياخشى. ئەگەر بىزدىكى "ئىلغار" زاتلار پرولېتارىياتنى نوقۇل "**ھەرەز**" دەپ ھېساپلايدىغان بىمەنە نۇقتىنەزىرىدىن بالدۇراق ۋازكەچسە ئىدى، ئەگەر ئۇلار بۇنداق قاراشتىن ۋازكەچكەنلىرىدىن كېيىن بۇ سىنىپنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئاڭقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا سۈرسە ئىدى، بۇ ھالدا، سېبىدىق نامى پۈركەنگەن "**قارا گۇرۇھچىلار**" ھازىر ئويناۋاتقان خەتەرلىك سىياسىي رولنى ئويناماس ئىدى. "ئىلغار" زىيالىيلارنىڭ نارودنىكلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىدا تەرسالىق بىلەن ۋە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇۋېلىشى ھەقىقەتەن **ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى جىنايى ھەركىتى** بولۇپ قالدى، بۈگۈنكى كۈندە رەھىمسىز تارىخ ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىنى قاتتىق جازالىماقتا.) ـــ 51 ـ بەت.

⑪ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئۈستىدە توختالساق، مورگاننىڭ تەتقىقاتى (ئۇنىڭ «قەدىمقى زامان جەمئىيىتى» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلىنىلسۇن، بۇ ئەسەر دەسلەپتە ئېنگلىزچە نەشر قىلىنغان، ھازىر ئۇنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى، (رۇسچە تەرجىمىسى) بار، ئەگەر مەن يېڭىلىشمىسام، پولەكچە تەرجىمىسىمۇ بار) ماركسنىڭ تارىخ نۇقتىسىنەزىرىنى كورۇنەرلىك دەلىللىدى. يامان غەرەزلىك بەزى تەنقىتچىلەر مورگاننىڭ ئۇرۇقداشلىق تۇرمۇشى توغرىسىدىكى يەكۈنى شىمالىي ئامېرىكىدىكى قىزىل تەنلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدىلا چىقىرىلغان، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ كىتاۋىنى ئوقۇپ چىقىدىغانلا بولساق، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش "تەنقىدىي" پىكىرلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئوخشاشلا، قەدىمىي يونان، رىم دۇنياسىنىڭ تارىخىنى تەپسىلى، يەنى ئىپتىدائىي ماتېرىياللاردىن تەكشۈرۈپ باقىدىغانلا بولساق، مورگان بىلەن ئېنگېلس بۇ ھەقتە ئېيتقان سوزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نەقەدەر قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كورۇۋالالايمىز (ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلىنىلسۇن). (ۋاھالەنكى، نۇرغۇن ئالىملار مورگاننىڭ ئەسىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تالانتلىق ئىدىيىسى يېقىنقى زامان رېنجۇڭشۈېسى ئۈچۈن پايدىسىز ئەمەس. شىمالىي ئامېرىكىدا، ئۇنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، رېنجۇڭشۈېشۇناسلار ئېقىمى پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى سىمىتسون بوۋۇگۇەنىنىڭ يىلدا بىر چىقىدىغان — ئىنتايىن مەشھۇر بولغان — «يىلنامە»سىدە بېسىلدى، بۇ ئەسەرلەر ئىپتىدائىي

جەمىيەت تارىخىنى ۋېيۋۇجۇيى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنى نۇرغۇن
ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. ياۋروپادا،
مورگاننىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن يېزىلغان ئەسەرلەردىن ھەممىدىن
ئاۋال گېرمانىيىلىك يولدىشىمىز ھ. كۇنوفنىڭ ئاۋستىرالىيە
نېگىرلىرىنىڭ قانداشلىغى توغرىسىدىكى، مېكسىكا ۋە ئىنكا دىگوسى-
نىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمى توغرىسىدىكى ۋە "ياۋايى" قەبىلىلەردىكى
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان
ئائىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى توغرىسىدىكى قىممەتكە ئىگە ئەسىرىنى[46]
تىلغا ئېلىش كېرەك. ياۋروپا توغرىسىدا توختالغاندا، يەنە
ئەسلى گېپىمىزگە يېنىپ كەلسەك، بىز مورگان ئىدىيىسىنىڭ بۇ
يەردىكى تەسىرىنىڭ تا ھازىرغىچە يەنىلا ناھايىتى ئاز ئىكەنلىگىنى
ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، شۈنىسى شۈبھىسىزكى،
"رېنجۇگشۇي" بۇ يەردىمۇ ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە قارىتا بارغان-
سېرى دائىملىق ھالدا ساپ ۋېيۋۇجۇيىچە چۈشەندۈرۈش بەر-
مەكتە. مەن كارل ستېيىنىندەك تەتقىقاتچىنى تارىخىي ۋېيۋۇجۇيىغا
ھەۋەس قىلىدۇ، دەپ ھېساپلىمايمەن؛ ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بۇ
نەزىرىيە بىلەن ئازراق بولسىمۇ تونۇشلۇق ئىكەنلىگىنى ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدىن زادىلا كورگىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ
ئىنتايىن ئىبرەتلىك بولغان كىتاۋى—«برازىلىيىنىڭ ئوتتۇرا
قىسمىدىكى ئىپتىدائى ئۇرۇقلار ئارىسىدا» (1894 - يىل بېرلىن
نەشرى)دا دەل "ئىقتىسادىي" ۋېيۋۇجۇيىچىلار تونۇشتۇرغان
ئۇسۇل باشتىن - ئاخىر ئىزچىل قوللىنىلغان، يەنە كېلىپ كوپ
ھاللاردا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلغان. ھەتتا ئۇزىنىڭ
ۋېيۋۇجۇيىچى ئەمەسلىگىنى بايان قىلىشنى زورۇر دەپ ھېساپلىغان

راسىل (ئۇ يازغان «رېنجۇڭشۇي»، 2 ـ توم، 631 ـ بەتتىن
پايدىلىنىلسۇن)مۇ "مەنىۋى" مەدەنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىدىكى
سەۋەپ ئۇنىڭ "ماددى" مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىنىدىغانلىـ
غىدۇر، دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ھەر بىر مىللەتنىڭ
ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئومۇمى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىـ
يەتلىرى ماددى ۋە مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەردىن تەركىپ تاپىدۇ.
بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىردەك ئاسانلىقچە قولغا كەلگەن ۋە بىرلا
ۋاقىتتا قولغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئوخشاش بولمىغان
ۋاستىلەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ......مەنىۋى مەدەنىيەت
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئاساسى ماددى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىـ
دۇر." (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 1 ـ توم، 17 ـ بەت) بۇمۇ تارىخىي
ۋېيۇۋجۇيى، ئەمما بۇ تەلتوكۇس پىششىق ئويلىنىلمىغان تارىخىي
ۋېيۇۋجۇيى، خالاس. شۇڭا ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۇزۇل ـ كېسىل
ئەمەس، بىر قىسمى ساددا. بىز ئىپتىدائى "مەدەنىيەت"نىڭ مەلۇم
بىر ئالاھىدە ساھەسىنى، ياكى ماركسنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا،
مەلۇم ئالگ شىكتەيىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى مەخسۇس بايان
قىلىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەردىمۇ مانا مۇشۇنداق تەبىى ئوسۇپ
چىققان، شۇكلاشقىمۇ ساددا بولغان، ھەر ھالدا ئۇزۇل ـ كېسىل
بولمىغان ۋېيۇۋجۇيىغا يولۇقىمىز. مەسىلەن، ئىپتىدائى سەنئەتنى
تەكشۈرۈش قەتئى تۈردە ۋېيۇۋجۇيلىق ئاساسقا قويۇلدى. بۇنى
ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا
مەيدانغا چىققان ئەسەرلەرنىڭ ناملىرىنى ئۇزۇن بىر تىزىم قىلىپ
چىقىش مۇمكىن، لېكىن مەن ھازىر رۇسچە تەرجىمىسى بار
بولغان گروسسىنىڭ "سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى" دىگەن ئەسىرى

بىلەن بۇشىنېرنىڭ "خىزمەت ۋە قاپىيداشلىق" دىگەن ئەسىرىنىلا كورسەتمەكچىمەن. قىزىقارلىغى شۇكى، كېيىنكى ئەسەر جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۇپ سەۋىۋى توغرىسىدىكى قارىشى ۋېيۋۇجۇيىنىڭ قارىشى بىلەن بىۋاستە قارىمۇ ـ قارشى بولغان بىر ئادەمنىڭ قولىدا يېزىلىپ چىققان (بۇشىنېرنىڭ **ئويۇن** بىلەن **ئەمگەكنىڭ** ئوزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا يازغانلىرىدىن بۇنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ). لېكىن، ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەتتا بۇنداق ياكى ئۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلار تۇپەيلىدىن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى خوشلىمايدىغان بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭمۇ، بۇگۇنكى كۇندە ھەقىقەتنىڭ تەسىرىدىن دائىم قۇتۇلالىشى ناتايىن. ھەممە جەھەتتىن قارىغاندا، ھازىر بىز مۇنداق بىر پەيتكە، يەنى ئىجتىمائى پەندىمۇ ھازىر بىزدە تەبىي پەندە كۇزىتىۋاتقان ئەھۋال مەيدانغا كېلىدىغان پەيتكە تېزلىك بىلەن يېقىنلىشىۋاتىمىز: ئۇ چاغدا ھەممە ھادىسىلەر ۋېيۋۇجۇيى ئارقىلىق چۇشەندۇرۇلىدۇ، ۋېيۋۇجۇيىنىڭ ئاساسي ئىدىيىسى بولسا قىلچە ئاساسسىز ئىدىيە تەرىقىسىدە ئىنكار قىلىنىدۇ. ۋېيۋۇجۇيغا قوللىنىلىدىغان بۇنداق ئىككى يۇزلىمە پوزىتسىيىنى قانداق چۇشەندۇرۇش كېرەك؟ بۇنى چۇشىنىش تەس ئەمەس، چۇنكى ئۇزۇل ـ كېسەل بولغان ۋېيۋۇجۇيىلىق دۇنيا-قاراش **ئاساسەن ئىنقىلاۋىي دۇنياقاراش**، غەرپ ئەللىرىدىكى "ئۇقۇمۇشلۇق سىنىپ" بولسا ھازىر ئىنقىلاپقا ئەسلا مايىل ئەمەس. مېنىڭ بۇنداق دىگىنىم "ئۇقۇمۇشلۇق سىنىپ"قا توھمەت قىلغانلىغىم ئەمەس، بۇنى ئېدۋىن. ر. ئا. زېلىگمەن دىگەن ئامېرىكىلىق يازغان «ئىقتىسادىي تارىخ قارىشى» (1902ـيىل نيۇـيورك نەشرى) دىگەن قىزىق كىتاپچىدىنمۇ كورۇۋالغىلى بولىدۇ. ئالىملارنىڭ

نەزىرىدە، — دەيدۇ زىلىگمەن جىياۋشۇ توغرىسىدىن - توغرىسىلا، — تارىخىي ۋېيۋۇجۇيى ئۆزى سوتسىيالىزىم بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغانلىقى (شۇ كىتاپنىڭ 90 - بېتىگە قارالسۇن)، نۇرغۇن بىمەنە كۆپتۈرمە سۆزلەرنى ئىشلەتكەنلىكى («absurd exaggerations»)، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي دىنىي، بولۇپمۇ خىرىستىيان دىنىنى ئىنكار قىلىدىغان سۆزلەرمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن (شۇ كىتاپنىڭ 4 - بابىغا قارالسۇن)، ئۆزىگە خەيلى قىلدى. زىلىگمەن ۋېيۋۇجۇيىلىق تارىخ قارىشى توغرا دەپ ھېساپلىغاچقا، باشقا ئالىملارنىڭمۇ ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈمىت قىلغاچقا، ۋېيۋۇجۇيىلىق تارىخ قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋاتقان بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ، ئەمما بۇنداق قاراشنى ھىمايە قىلىدىغان مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەر ھازىرغىچە چىقىرىپ كەلگەن خۇداسىزلىق ھەققىدىكى يەكۈنگە ۋە سوتسىيالىزىم ھەققىدىكى يەكۈنگە قوشۇلمايدۇ. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۆزىنىڭ مەيدانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زىلىگمەن ھەقلىق، چۈنكى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان لوگىكىلىق ئۇسۇلدا گەرچە **مەلۇم ئۆزۈل-كېسىلسىزلىكلەر** بولسىمۇ، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنلىكى ئېنىق. ھالبۇكى، ئەگەر بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى زىلىگمەن ئۇلارغا قىلغان نەسىھەتكە كونىدىغان بولسا، بۇ، ئىجتىمائىي پەن ئۈچۈن ئېيتقاندا بەلكىم پايدىلىق بولار ئىدى. ھازىرقى زامان ماركسىزمىنىڭ نۇرغۇن "كۆپتۈرمە سۆزلىرى"دىن ۋازكېچىدىكەن، ئۇلار چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئەگەر ئۇلار تارىخىي ۋېيۋۇجۇيىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇلار ئۆتكۈزىدىغان خاتالىق بىر ئەمەس،

بەلكى نۇرغۇن بولدۇ. بۇ ئىككى زىياننى سىلىشتۇرغاندا، ئالدىنقىسىنىڭ زىيىنى ھەر ھالدا ئازراق ئىكەنلىگى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ......

ىبراق، مەيلى قانداق دىيىلسۇن، مەرھۇم ن. مىخايلوۋسكىي ھەر ھالدا ئىغىر خاتالىق ئوتكۇزدى، چۇنكى ئۇ "ماركسىنىڭ روسىيلىك شاگىرتلىرى" بىلەن قىلغان بەس ـ مۇنازىرىدە، تارىخىي ۋېيۇۇجۇيى ئوزىنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقلىرى تۇپەيلىدىن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئوزىگە تارتالمايدۇ، دەپ دەۋا قىلغان ئىدى. بۇگۇنكى كۇندە، پۇتۇن دۇنيادىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ۋېيۇۇجۇيى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئوزىگە تارتماقتا. گەرچە بۇرژۇئا ئالىملىرى يۇقۇرقى سەۋەپلەرگە ئاساسەن، ھازىرمۇ كوپ ھاللاردا تارىخىي ۋېيۇۇجۇيىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا كەمدىن ـ كەم ئۇناۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇگۇنكى كۇندە، ھەتتا **جۇغراپىيە شۇناسلار** مەخسۇس ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇنى دائىم تىلغا ئالىدىغان بولدى، بەلكى مەسلەن، بىرلىن جۇغراپىيە جەمىيتىنىڭ بەزى ئەزالىرى ئۇنىڭغا قارشى كۇرەش قىلىش جەھەتتە بىرمۇنچە كوچ سەرپ قىلدى. بۇ زامانىمىز-دىكى كىشىنى خوشال قىلىدىغان، شۇنداقلا ئىنتايىن موھىم بولغان بىر ئىش.» — 80 ـ بەت.

## رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ 1 - نەشرىگە بېرىلگەن ئىزاھلاردىن ئېلىۋېتىلگەن قىسمى

### ئىزاھنىڭ ئاخىرى

گېرمانىيىنىڭ "ھەقىقىي سوتسىيالىزىمى" توغرىسىدا ماركس بىلەن ئېنگېلسىنىڭ «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى» (رۇسچە يېڭى تەرجىمىسى 1882 - يىلى جەنۋەدە نەشر قىلىنغان)دىن پايدىلىنىلسا بولىدۇ، ئادلېر (ئاۋستىرىيە سوتسىيال - دېموكراتلىرىنىڭ رەھبىرى بولغان ئادلېر "ئەمەس") يازغان «گېرمانىيەدىكى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي سىياسىي ھەركەتلەر تارىخى»دىن پايدىلىنىلسىمۇ بولىدۇ. كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان بۇ كىتاپتا كىتاپخانلار **كارل گرۈننىڭ** پائالىيىتى بىلەن تونۇشىدۇ. "ھەقىقىي" گېرمانىيە سوتسىيالىزىمى — خىيالىي سوتسىيالىزىمنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرلىرىدىن بىرى، لېكىن ئۇنىڭدا شۇنداق چوڭقۇر پىكىردىن، يەنى ئوۋېن، سېن - سىمون، فۇرىيې قاتارلىق خىيالپەرەسلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە چاقناپ تۇرىدىغان چوڭقۇر پىكىردىن ھېچ ئەسەر قالمىغان. "ھەقىقىي سوتسىيالىزىم"نىڭ ھىمايىچىلىرى قوزغىلىپ **"سىياسىي"**غا قارشى چىقىدۇ. **شۇنداقلا نىسىمنىڭ سىنىپىي كۆرەش ئىكەنلىكىنى تامامەن چۈشەنمەيدۇ.** ھەممىگە مەلۇمكى، روسىيىدىكى بەزى ئەنە شۇنداق

"ھەقىقىي" سوتسىيالىزمچىلار تا بۈگۈنگىچە شۇ خاتالىقنى ئۆتكۈز-
مەكتە. بىزنىڭ "سىياسىي" توغرىسىدىكى ھازىرقى مۇھاكىمىلىرىمىز
"ھەقىقىي" سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ئۆتكەندىكى مۇھاكىمىلىرىگە
ئوخشىمايدۇ: بىز ھازىر سىياسىي كەم بولسا بولمايدۇ دەپ
ھېساپلايمىز. لېكىن بۇ، ھەممەيلەن سىياسىي توغرىسىدا توغرا
قاراشقا ئىگە بولۇپ بولدۇق، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. كىمكى
سوتسىيالىزمنى سىياسىي بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىكەن،
كىمكى ھەرقانداق سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەممىسى سىياسىي كۈرەش
بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىكەن، كىمكى "ئالدى بىلەن
سىياسىينى تەتقىق قىلىش، مۇستەبىتلىكنى يوقىتىش، ئاندىن
كېيىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش كېرەك" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى
قىلىدىكەن، ئۇ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ نۇقتىنەزىرىدىن
قىلچە نېرى كېتەلمىگەن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىينى
چۈشەنمىگەن بولىدۇ، بەلكى ئۇ سوتسىيالىزمچىلارنىڭ سىياسىي
ۋەزىپىسى بىلەن ھېچقانداق بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان
سىياسىدا چىڭ تۇرۇشى مۇمكىن.

## ئىزاھەنىڭ ئاخىرى

مەسىلەن، بىزگە مەلۇمكى، كانتنىڭ تەلىماتى بويىچە، ئۆزىدىكى
نەرسە بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېڭىمىز جىياگۈك
قىلىدىغان ماتېرىيال ھازىرلىنىدۇ. لېكىن، خۇددى ئۈبېرۋېگنىڭ
ئادىللىق بىلەن كۆرسەتكىنىدەك («يېقىنقى زامان پەلسەپە
تارىخى»، رۇسچە تەرجىمىسى، 233-بەت)، "تەسىر زامان بىلەن

سەۋەبىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ۋاھالەنكى، يەنە بىر تەرەپتىن، كانت، تۇغما شەكىلدە بولغان زامان بىلەن سەۋەبىيەت پەقەت ھادىسىلەر دۇنياسى دائىرىسىدىلا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، ھادىسىلەر دۇنياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بولسا ئەھمىيەتسىز بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ". مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا زىددىيەتلەردىن بىرمۇنچىسىنى كورسىتىشكە بولاتتى، بۇ قىسقىغىنا ئىزاھتا ئۇنى بىر-بىرلەپ كورسىتىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ھازىر، گېرمانىيە ۋە روسىيىدىكى بەزى "پەيلاسوپ"لار "ئۆزىدىكى نەرسە"نى بىلگىلى بولمايدىغانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ھە دەپ گەپ ساتماقتا. ئۆزلىرىچە، گويا ئۇلار بۇ مەسىلىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ھەقىقەتنى بايان قىلغانمىش. ئەمما بۇ چوڭ بىر خاتالىق. گېگېل تامامەن ھەقلىق يوسۇندا كورسەتىپ ئوتكەنكى، "ئۆزىدىكى نەرسە" ھەرقانداق مۇئەييەن خۇسۇسىيەتنى يوقاتقان قۇرۇق ئابستراكسىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ ھەقتە بىز شۇنىڭ ئۈچۈن **ھېچنېمە بىلەلمەيمىزكى**، ئۇ ھەرقانداق مۇئەييەنلىكنى يوقاتقان ئابستراكسىيە. بىز ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمىز..... دەرۋەقە بىلمەيمىز! "نېمىلىكى" مەسىلىسى نەرسىنىڭ كورسىتىپ ئوتۇشكە تېگىشلىك بولغان مەلۇم خۇسۇسىيىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، **بىز نەرسىنىڭ ھەممە خۇسۇسىيىتىنى چىقىرىۋەتكەندىن ئىكەنمىز**، ئەلۋەتتە، ماددىنىڭ نېمىلىكى مەسىلىسىگە جاۋاپ بېرەلمەيمىز، چۈنكى بۇ مەسىلىدە جاۋاپ بېرىش ئىمكانىيىتى قالمىغان بولىدۇ. شىيەنيەنلىك ۋېيشىنجۇيى نەرسىنىڭ ھەممە خۇسۇسىيىتىنى، مەيلى ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ياكى مەزمۇن

جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتنى بولسۇن، ھەممىسىنى ئاڭغا "كىرگۈزىدۇ". روشەنكى، ئەگەر مۇشۇ نۇقتىنەزەر ئاساس قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا، مۇنداق ئەھۋاللار، مەسىلەن، مېنىڭ نەزىرىمدە دەرەخ يوپۇر-مىقىنىڭ قارا ئەمەس، يېشىل بولۇشى، كۈننىڭ توت چاسا ئەمەس، يۇملاق بولۇشى، شېكەرنىڭ ئاچچىق ئەمەس، تاتلىق بولۇشى، قوڭغۇراقنى **ئىككى قېتىم** ئۇرغاندا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ماڭا بىرلا ۋاقىتتا ئاڭلانماي، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاڭلىنىشى، مېنىڭ بىرىنچى ئاۋازنى ئىككىنچىسىنىڭ سەۋەبى ياكى نەتىجىسى دەپ ھېساپلىماسلىقىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا، جۇتىغا باغلىق بولىدۇ («لوگىكا ئىلمى»، 1 ـ قىسىم، 1 ـ كىتاپ، 55 ـ بەت، 2 ـ كىتاپ، 150 ـ بەت)

لېكىن كىتاپخان: كەچۈرىسىز، رەڭ ياكى ئاۋاز مەلۇم ساپ جۇگۇەن نەرسە ئەمەسمۇ؟ رەڭ ياكى ئاۋاز تۇيغۇسى بۇنداق تۇيغۇنى پەيدا قىلىدىغان ھەركەت بىلەن بىر نەرسە ئەمەسمۇ؟ دەپ رەددىيە بېرىشى مۇمكىن. تامامەن ئۇنداق ئەمەس، لېكىن **"بىز ھېس قىلىدىغان ئاۋازنىڭ ھەرقانداق تەۋرىنىشى ۋە تارقىلىشىغا كۈچلۈكلۈك، يۇقۇرى-تۆۋەنلىك، داۋاملىقلىق جەھەتلىرىدە رىيال دۇنيادىكى ئاۋاز ھەركىتىنىڭ ئىنتايىن مۇئەييەن بولغان ئۆزگىرىشى ئۇيغۇن كېلىدۇ.** تۇيغۇدىن ئىبارەت بولغان ئاۋاز ۋە يورۇقلۇق ـــ ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ مەھسۇلى، لېكىن بىزگە كورۇنىدىغان شەكىل ۋە ھەركەتنىڭ مەنبەسى، پۈتۈنلەي، بىزگە ئاڭلىنىدىغان ئاۋازدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەنبەسىگە ئوخشاشلا، بىزدىن تاشقىرىدىكى رىياللىقتا" (سېچېنوپ. «كونكرېت ئىدىيە ۋە رىياللىق»، بۇ «ئاچارچىلىقتا قالغانلارنى

قۇتقۇزۇش» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، «رۇس خەۋەرلىرى» نەشرىياتى نەشرى، 188 ـ بەت). قىسقىسى، "بىزنىڭ ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزى قانداق بولسا بولسۇن، بىزنىڭ تاشقى دۇنيادىن ھاسىل قىلغان تەسىراتىمىز پەقەتلا بىر خىل بەلگە بولغانمۇ بولسۇن، لېكىن مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىز ھېس قىلغان بەلگىدىكى ئوخشاشماسلىققا رىيال ئوخشاشماسلىق ئۇيغۇن كېلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: ئادەم ئۆزى ھېس قىلغان دۇنيالار ئارىسىدا بايقىغان ئوخشاشماسلىق رىيال ئوخشاشماسلىقتۇر" (سېچېنوپ، يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 207 ـ بەت). كېيىنكى ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ **لوگىكىلىق** مەنىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، بەزىلەر يەنە ئۆزىدىكى نەرسە ئۈستىدە گەپ ئاچماقچى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، سېچېنوپنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. شۇندىن قانداقلا ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ **بىلگىلى بولماسلىقلىقى** توغرىسىدىمۇ گەپ ئاچالمايدۇ.

بىزنىڭ تۇيغۇمىز ــ رىيال دۇنيادا يۈزبەرگەن ئىشلارنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدە تەسۋىرى يېزىق[47]. تەسۋىرى يېزىق ئۆزى يەتكۈزۈپ بەرگەن ۋەقەلەرگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن، ئۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى **پۈتۈنلەي توغرا** يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ (بەلكى كېيىنكىسى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ). ئېنگېلس كانتنىڭ نەزىرىيىسىنى ئەڭ كۈچلۈك رەت قىلىدىغىنى تەجرىبە ۋە سانائەت دەيدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىشنى سېچېنوپنىڭ بىز دەلىل كەلتۈرگەن سۆزى قىسمەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. بىراق بۇ بىزنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە **سەل** تەپسىلى توختىلىشىمىزغا دەخلى

يەتكۈزمىسە كېرەك. ھەرقانداق تەجرىبە ۋە ھەرقانداق سانائەت، يەنى ئادەمگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئاڭلىق تۈردە بەزى ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىش ئادەمنىڭ تەبىەت دۇنياسىغا تۇتقان پائالىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق پائالىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بولسا تەبىەت دۇنياسى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچە بېرىدۇ، بۇنداق چۈشەنچە تەسىراتتىن ئىبارەت پاسسىپ سېزىمنىڭ بەرگىنىدىن كۆپ ئېنىق بولىدۇ. راست، ئادەم ئۆزىنىڭ تەبىەت قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىلىمىدىن پايدىلىنىپ ئېلېكترلەشكەن تومۇريوللارنى ياسىيالايدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ ئۆزى ئاڭلىق تۈردە بەزى ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىدۇ (ئېلېكترنى ئەسلى مەنبەدىكى ھەركەتكە ئايلاندۇرىدۇ ۋە باشقىلار). لېكىن كانت پەلسەپىسىدىكى ئاتالمىش ھادىسە نېمە؟ ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى خىل كۈچنىڭ بىرىكمىسى: (1) بىزدىكى "مەن"؛ (2) ئۆزىدىكى نەرسىنىڭ مۇشۇ "مەن"گە كۆرسەتكەن تەسىرى. شۇڭا، مەن مەلۇم ھادىسىنى پەيدا قىلغاندا، ئۆزەم ئالدىن بەلگىلىگەن مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ "نەرسە"نى مەندىكى "مەن"گە تەسىر قىلدۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن، مەن ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى، يەنى مەن نەرسىنى تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلىشتا پايدىلانغان خۇسۇسىيەتلەرنى بىلىۋالىمەن. لېكىن شۇلا ئەمەس. مەن مەلۇم ئۇسۇلنى قوللىنىپ بۇ نەرسىنى ماڭا تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلغىنىمدا، بۇ نەرسە بىلەن سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولىمەن. كانت بولسا سەۋەپ فەنچۇسىنىڭ "ئۆزىدىكى نەرسە" بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دەيدۇ،

شۇڭا، بۇ يەردە تەجرىبىنىڭ كانتقا بەرگەن رەددىيىسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن رەددىيىسىدىنمۇ كۈچلۈك. كانت ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق رەددىيە بېرىدۇكى، ئۇ بىر تەرەپتىن، سەۋەپ فەنچۇسىنىڭ پەقەت ھادىسە بىلەن (ئۆزىدىكى نەرسە بىلەن ئەمەس) مۇناسىۋىتى بار، دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، "ئۆزىدىكى نەرسە" بىزدىكى "مەن"گە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ، يەنى "ئۆزىدىكى نەرسە" ھادىسىنىڭ **سەۋەبلىرىدىن بىرى**، دەيدۇ. بۇنىڭدىن يەنە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، كانت "تەپەككۇرىمىزنىڭ شەكلى" (فەنچۇ ياكى "ئىدرەكنىڭ ئاساسىي ئۇقۇمى"، مەسىلەن، سەۋەبىيەت، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، مەۋجۇدىيەت، مۇقەررەرلىك) "**تۇغما شەكىل**"دىنلا ئىبارەت، يەنى ئۆزىدىكى نەرسە سەۋەپ ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ ھېساپلايدۇ، بۇ ئىنتايىن چوڭ خاتالىق. ئەمەلىيەتتە، تەپەككۇرىمىزنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى ئۆزىدىكى نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە تامامەن ئويغۇن كېلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مۇناسىۋەتلەرگە **ئويغۇن كەلمەي مۇمكىن ئەمەس**، چۈنكى، ئەگەر بۇنداق بولمىسا، بىزنىڭ ھايات كەچۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، "تەپەككۇر شەكلى"مىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە، بىز بۇ ئاساسىي شەكىللەرنى ئىزلىگەندە ناھايىتى ئاسان خاتالىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، پۈتۈنلەي فەنچۇ بولمىغان نەرسىنى فەنچۇ قىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، بۇ باشقا بىر مەسىلە، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى گەپ بىلەن ھېچبىر بىۋاستە ئالاقىسى يوق. بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىز بىر

پىكرىنىلا ئېيتىپ ئۆتىمىز: بىز مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشلىقى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، ھەرگىز بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق بىر پەيلاسوپنىڭ بۇ ئاساسىي شەكىللەر ئۈستىدىكى قارىشىنىڭ توغرا بولۇۋېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى ئەمەسمىز.

خوپ، كانت خاتا قىلغانمۇ بولسۇن، ئۇنىڭ ئېرىيۈەنلۈنى پېپەنگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانمۇ بولسۇن، لېكىن، تاشقى دۇنياغىنىڭ مەۋجۇتلۇغىنىڭ ئوزىنى بەرىبىر دەلىللىگىلى بولمايدۇ. سىز جۇگۇەن ۋېيشىنجۇيىچىلارنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلايسىز؟ بىر كىلىگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلايسىز؟ (بىركىلىنىڭ نۇقتىنەزىرىنى مۇشۇ ئىزاھىنىڭ بېشىدىلا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىڭىز.) بۇنىمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ: ئۇ بىرۋېگىنىڭ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقىڭ!

## ئىزاھەنىڭ ئاخىرى

كانتنىڭ مۇتلەق بۇيرۇغى توغرىسىدا...... لېكىن، ئۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتۈش كېرەكمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق پەلسەپە تارىخى ھەر ھالدا بىزنىڭ بۇ بىرنەچچە قۇر ئىزاھتا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدىن ياخشىراق بولىدۇ. مالال كەلمىسە ئۇ بېرۋېگ ـ ھېنزېنىڭ «يېقىنقى زامان پەلسەپە تارىخى»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ 245 ـــ 256 ـ بەتلىرىنى ئوقۇپ چىقىڭ. كىمكى گېگېلنىڭ بۇنداق مۇتلەق بۇيرۇقىنى زادى قانداق مەسخىرە قىلغانلىقىنى

بىلىشكە قىزىقسا، بىز ئۇنىڭغا **«روھىي ھادىسە شۇناسلىق»** (نېمىسچە ئەسلى ئەسەر، 1-نەشرى)نىڭ 550—581-بەتلىرىنى ئوقۇپ چىقىشىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرىمىز. ئەسلىدە بىز پەقەت: ئەگەر ئېنگېلس بۇنداق "ئەمەلگە ئېشىشى تەس بولغان غايە"گە كوزگە ئىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقان دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا، بۇ ھەرقانداق مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بويسۇنۇۋېرىدىغان چاكىنىلىق خاھىشىدىن كېلىپ چىقمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كوزگە ئىلمىغىنى پەقەتلا كانتنىمۇ كوپلەپ ساقلانغان مانىلوپ روھىي ئىكەنلىكىنىلا كورسەتمەكچى ئىدۇق. بىز مەقسىدىمىزگە يەتتۇق دەپ ئويلايمىز.

## ئىزاھنىڭ ئاخىرى

ئىقتىسادىي ئېھتىياج ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قەدىمقى زامان شەرق تارىخىدىكى رولى توغرىسىدا ل. ئى. مېچنىكوپنىڭ «مەدەنىيەت ۋە ئۇلۇق تارىخىي ئېقىن» دېگەن كىتاۋىدا ئىنتايىن ياخشى ئىزاھ بېرىلگەن، گەرچە بۇ كىتاپنىڭ مەرھۇم يازغۇچىسى توغرىدىن-توغرا بۇنداق مەقسەتتە بولمىغان بولسىمۇ. ئەمىلىيەتتە، بۇنداق ئېھتىياج ۋە مۇناسىۋەتنىڭ رولى لېنورماننىڭ «شەرق قەدىمقى زامان تارىخى» دېگەن چوڭقۇر ئەسىرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلىپ قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى توغرىسىدا، بىز ئاۋگۇستىن تىيېررى، گىزو، ماۋرېرلارنى كورسىتىمىز ھەمدە فۇستېل. د. كۇلاڭىسى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاز-تولا تىلغا

ئېلىپ ئۆتىمىز. ئاخىردا، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ماركسنىڭ «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى» دېگەن ئەڭ مەشھۇر ئەسىرىدە ئالاھىدە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. بىز «كاپىتال»دىن سۆز ئاچماي قويايلى، بۇ ئەسەر تارىخىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ ئىنتايىن ئېسىل ئەسەر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخ ئىلمى ھەر بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگىنىدە، «ئىقتىسادىي ۋېيۇۋجۇيى»غا پايدىلىق بولغان يېڭى دەلىللەرنى بېرىپ كەلدى. بۇنىڭدىن مۇنداق ئەھۋالمۇ كېلىپ چىقتى: بىرمۇنچە تارىخشۇناسلار، يازغۇچىلار بۈگۈنكى كۈندە "ماركسقا تايانماي"لا (دېمەك، ئۇلار ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنى بىر ئازمۇ بىلمەيدۇ) ئاللىقاچان تېپىلغان يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى كىچىككىنە بىر زېمىننى تاپتى—توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى تۇتەك باسقان يىراق يەردىن كوردى. لېكىن، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زامانىمىزدىكى ئەڭ موھىم تارىخىي نەزەرىيىگە بۇنداق "تايانماسلىق" ئۇلارغا جاجىسىنى يېگۈزمەي قويمىدى، بۇنى، ھېچ بولمىغاندا، ژىروتەلوننىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئائىلە تارىخى توغرىسىدىكى كىتاۋىدىنمۇ كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

ماركسنىڭ تارىخ نەزەرىيىسى يەنىلا نۇرغۇنلىغان ئايرىم تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەھمىيىتى ھەتتا نۇرغۇنلىغان ماركسىزىمچىلارغىمۇ بۈگۈنكى كۈندە تېخى تازا ئېنىق ئەمەس. پاۋل بارت ئەپەندى (ئۇنىڭ «گېگېل ۋە گېگېلچىلارنىڭ تارىخ پەلسەپىسى»دىن پايدىلىنىلسۇن)گە ئوخشاش "پەيلاسوپلار" ھېلىمۇ: ماركس نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىغى زادى

قايــسى ئەسەرلەردە ئىسپاتــلانــغان دەپ، ھـاڭ ـ تاڭــلىق بىلەن سوراشماقتا. بۇ پەقەتلا ئۇلارنىڭ نادان ـ بىلىمسىزلىكىنى ياكــى ھوكۇم قىلىش قابىلىيىتىنىڭ كەملىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، كانت ھوكۇم قىلىش قابىلىيىتىنىڭ كەم بولۇشى ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل ئىكەنلىكىنى ئادىللىق بىلەن ئىقرار قىلغان ئىــدى.

# رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ 2 ـ نەشرىگە تەرجىمانىنىڭ سوز بېشى

مەن تونۇشتۇرغان بۇ كىتابچىنىڭ رۇسچە 1 ـ نەشرى دۇنياغا كەلگەندىن بېرى، كوپ يىللار ئوتتى. مەن 1 ـ نەشرىگە يازغان سوز بېشىدا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى كورەڭلەپ كەتكەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭمۇ پەلسەپە تونىغا ئورىنىۋالغانلىغىنى، شۇڭا، روسىيە سوتسىيالىزىمچىلىرى ئۇلارغا قارشى كۇرەش قىلىش ئۇچۇن پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشى لازىملىغىنى ئېيتقان ئىدىم. مېنىڭ بۇ ئالدىنالا ئېيتقان سوزىمنى كېيىنكى ۋەقەلەر تولۇق ئىسپاتلىدى. روسىيە سوتسىيالىزىمچىلىرى (مەن باشتىن ـ ئاياق سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلارنى كوزدە تۇتىمەن) پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. بىراق ئۇلار بەك كېچىكىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، تەمىسىل بىلەن ئېيتساق، يەكدىل بولمىدى، شۇڭا ئېرىشىلگەن نەتىجە كىشىنى تازا قانائەتلەندۇرەلمەيدۇ. پەلسەپە كىتاپلىرى يولداشلىرىمىزنىڭ قولىغا تەككەندە، بەزىدە ھەتتا كىشى ئەپسۇسلانمايمۇ قالمايدۇ، چۇنكى ئۇلار ئوزى تەتقىق قىلىۋاتقان يازغۇچىلارغا پىپەنلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر ئەمەس، نەتىجىدە، ئەكسىچە، ئوزى بۇ يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىدۇ. روسىيىنىڭ ھازىرقى زامان پەلسەپىسىلا ئەمەس، بەلكى غەرپنىڭ ھازىرقى زامان پەلسەپىسىمۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەسىرىـ

گە ئۆچۈردى. ئەكسىيەتچىل پىكىر ئىنقىلاپچىلارنىڭ كاللىسىغا
قۇيۇلۇش بىلەن، ئىنتايىن گادىرماش مۇجمەل ئىدىيە كېلىپ
چىقتى؛ بۇنداق ئىدىيە بەزىدە **ماركس ئۈستىدە پىپەن** دىگەن
جاراڭلىق نام بىلەن ئاتىلىپ كەلدى؛ بەزىدە بولسا، **ماركسىزىم-**
**نىڭ** مەلۇم بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرى (يېڭى كانتىزىمچىلار، ماخ،
ئاۋېنارىئۇس قاتارلىقلار)نىڭ پەلسەپە نۇقتىسىنەزىرى بىلەن **بىرلەش-**
**تۈرۈلۈشى،** دىگەن كەمتەررەك نام بىلەن ئاتالدى. **ماركسىزىمنى**
ئۇدۇل كەلگەن بىر خىل تەلىمات بىلەن، ھەتتا ئۇنى **ۋېيىلىگلۇن**
بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغان بولسا، شۇنىسى شۈبھىسىزكى،
بۇنىڭدا ھەممە گەپ بۇنداق بىرلەشتۈرۈشنى **قانداق قىلىپ**
ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىدا. كاللىسى سەل-پەل سەگەكلىكى
ئادەمنىڭ بۇ مەسىلىگە **كېلىشتۈرمىچىلىك** يولى بىلەن جاۋاپ
بېرىشتىن باشقا ئامالى يوق، چۈنكى كېلىشتۈرمىچىلىك ئارقىلىق
ئۇدۇل كەلگەن بىرەر نەرسىنى تاسادىپى خىيالىغا كەلگەن بىرەر
نەرسە بىلەن "بىرلەشتۈرۈۋەرگىلى" بولىدۇ. لېكىن، كېلىشتۈرمى-
چىلىك، مەيلى نەزىرىيە جەھەتتە ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە
بولسۇن، مەڭگۇ بىرەر ياخشى نەتىجىگە ئېلىپ بارمايدۇ. فىشت:
"پەلسەپە قائىدىلىرىدىن سوز ئېچىش ھەركەت قىلماسلىق بولىدۇ،
ھەركەت قىلىش پەلسەپە قائىدىلىرىدىن سوز ئاچماسلىق" بولىدۇ
دەيدۇ. بۇ ناھايىتى توغرا. لېكىن مۇنۇمۇ ئوخشاشلا توغرا: پەقەت
ئۈزۈل-كېسىل پىكىرگە ئىگە ئادەملا ئۆز پائالىيىتىدە باشتىن-
ئاياق بىردەك بولالايدۇ. بىز تارىخ سەھنىسىگە چىققان ئەڭ
ئىنقىلاۋىي سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولماقچى ئىكەنمىز، جەزمەن
ئۈزۈل-كېسىل بولۇشىمىز لازىم، ئۇنداق بولمىسا، ئىشلىرىمىزغا

ئاسلىق قىلىش خەۋپى بولىدۇ.

ماركسنى بىر دەم بۇ، بىر دەم ئۇ بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان بۇنداق ئۇرۇنۇشنى قانداق سەۋەپ بەلگىلىگەن؟ بىرىنچىدىن، **مودا قوغلىشىش.**

نېكراسوپ مۇنداق بىر قەھرىماننى تەسۋىرلىگەن ئىدى:

ئەڭ يېڭى كىتاپچە ئېيتسا بەرگەننى
ئۇ چىڭ پۇكەر قەلبىگە.

بۇنداق قەھرىمانلار ھەممىشە چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ھەرقايسى لاگېرلارغا كىرىۋالىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ لاگېرىمىزدىمۇ بۇنداق ئادەملەر بار.

19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بىزنىڭ بۇ يەردە بۇنداق ئادەملەر نۇرغۇن ئىدى. شۇ چاغدا، بىزدىكى نۇرغۇن "زىيالىلار" ئۇچۇن ئېيتقاندا، ماركسىزىمنىڭ ئوزى ئۇلار "قەلبىگە" چىلق پۇككەن "ئەڭ يېڭى كىتاپچە" ئىدى. بۇنداق "زىيالىلار"نى گويا تارىخ ماركسىزىمنى باشقا "ئەڭ يېڭى كىتاپچىلار" بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۇچۇن ئالاھىدە ياراتقاندەك تۇرىدۇ. ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماسلىق كېرەك: ئۇلار بىلىمى يۈزە ئادەملەر.

لېكىن چاتاق يېرى شۇكى، يەنە بەزى جىددىيرەك يولداشلارمۇ "بىرلەشتۈرۈش"كە ھەممىشە قىزىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئەمدى مودا قوغلىشىش دىگەن سوز بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ھادىسە ئىنتايىن زىيانلىق ۋە ئېچىنىشلىق، ئەمما ئۇ قوۋۋەتلەشكە ئەرزىيدىغان بەزى مۇدەئالارنى ئېچىپ بەردى.

ئېيتايلى، مەلۇم بىر يولداشتا مۇكەممەل دۇنياقاراشنى تۈزۈپ

چىقىش تەلىۋى بولىدىكەن، بۇ يولداش ماركس تەلىماتىدىكى پەلسەپە **تارىخى** جەھەتتىكى نەرسىلەرنى ئاز-تولا بىلىدۇ، لېكىن ئۇ ماركس تەلىماتىدىكى **پەلسەپە** جەھەتتىكى نەرسىلەرنى تېخى بىلمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ماركس بۇ جەھەتتىكى تەلىماتنى تېخى "**تۈزمىگەن**" دەپ بىلىدۇ-دە، ئۇنى ئۆزى "**تۈزمەكچى**" بولىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇنداق ئىنتايىن قىيىن ئىشقا كىرىشكىنىدە، گويا مالىماتاڭ دۇنيادا كورۇنۇشتە توغرا، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان بەزى تۈگۈنلەرنى تاپقان بىر بۈرژۇئا "پىيەنجۇيىسى"نىڭ ۋەكىلىگە دۈچكېلىدۇ، بۇنداق ۋەكىل بىلىم ئېلىشقا تەقەززا بولغان، لېكىن تولۇق تەربىيىلەنمىگەن، تولۇق مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدىغان پەلسەپە ھەقىقەتنى ئىز-لىگۈچىگە ناھايىتى ئاسانلا تەسىر كورسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر "بىرلەش-تۈرگۈچى" مەيدانغا كېلىدۇ! ئۇنىڭ نىيىتى ناھايىتى ياخشى، بىراق نەتىجىدە ھالى خاراپ بولىدۇ.

مەيلى بىزنىڭ مۇخالىپىمىز نىمە دىسە دىسۇن، تۇۋەندىكى پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ: ماركسنىڭ نەزىرىيىسىنى باشقا نەزىرىيىلەر بىلەن (نېمىس تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ماركس-نىڭ نەزىرىيىسىنى كاچاتلايدىغان نەزىرىيىلەر بىلەن) "بىرلەش-تۈرۈش" غەرىزى مۇكەممەل دۇنياقاراشنى تۈزۈپ چىقىش غەرىزىنى كورسىتىپ بېرىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر خىل **ئىدىيىۋى ئاجىزلىقنى، يەنى بىر خىل تۈپ پرىنسىپتا قاتتىق، ئۈزۈل-كېسىل چىڭ تۇرالماسلىقنى** ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ماركسنى چۈشەنمەيدۇ.

بۇنداق شۇم تەلەيدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟ بۇنىڭدا

مېنىڭچە، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ توغرا پەلسەپە نۇقتىسىنە-
زەرلىرىنى تارقىتىشتىن باشقا چارە يوق. مەن تونۇشتۇرغان
كىتاپچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ياردىمى ناھايىتى زور بولىدۇ، دەپ
ھېساپلايمەن.

نىمە ئۈچۈن تارىخىي ۋېيۋۇجۇيىنى كانتنىڭ شيەنيەنلىك
ۋېيشىنجۇيىسى، ئاۋېنارىيۇسنىڭ تەجرىبە پيپەنچىلىگى، ماخنىڭ
پەلسەپىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ؟
دىگەن سوئالنى مەن بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىدىم. مەن بۇ
سوئالغا باشتىن-ئاياق ھازىر ئېيتقىنىمدىن كوپ پەرق قىلمايدى-
غان سوزلەر بىلەن جاۋاپ بېرىپ كەلدىم. كانتقا كەلسەك، مەن
ئىزاھلاردا48، كانتنىڭ پەلسەپە تەلىماتىنى تەرەققىيات نەزىرى-
يىسى بىلەن "بىرلەشتۈرۈش" زادى مۇمكىن ئەمەسلىگىنى كور-
سىتىپ ئوتكەن ئىدىم. يۇم پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ يېڭى تۈرى
بولغان ماخ ۋە ئاۋېنارىيۇس نۇقتىسىنەزەرلىرىنىمۇ تەرەققىيات
نەزىرىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇ نۇقتى-
نەزەرلەردە ئۆزۈل-كېسىل چىڭ تۇرۇلىدىغان بولسا، جەزمەن
**مەنچىللىككە كېتىپ قېلىنىدۇ**، يەنى ئوزىدىن تاشقىرىدىكى
ھەممە كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇغى ئىنكار قىلىنىدۇ. كىتاپخانلار
بۇنى چاخچاق دەپ ئويلىماڭلار. ماخ ئوزىنىڭ پەلسەپىسىنى
بېركىلىنىڭ جۇگوەن ۋېيشىنجۇيىسى بىلەن بىر قاتارغا قويۇشقا
قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ①، لېكىن بۇ پەقەتلا ئۇنىڭ
ئۆزۈل-كېسىلسىزلىگىنى كورسىتىدۇ. ئەگەر جىسىم ياكى نەرسە

① «تۈيغۇلار تەھلىلى»، 4-نەشرى، 282—283-بەتلەر.

پەقەتلا تۇيغۇلىرىمىز (توغرىسىنى ئېيتقاندا، تۇيغۇلار گۇرۇپپىسى، تۇيغۇلار قوشۇلمىسى)نىڭ پىكرىي بەلگىسى دېيىلىدىكەن، ئەگەر ئۇلار ئېڭىمىزنىڭ تاشقىرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ دېيىلىدىكەن (ماخنىڭ ئىددىيىسى ئەنە شۇنداق)، ئۇ ھالدا، جۇڭگۇەن ۋېيشىنجۇيى ۋە مەنچىللىكتىن پەقەت ئىنتايىن ئۇزۇل-كېسىلسىزلىك بىلەنلا قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ماخنىڭ شاگىرتى بولغان ھ. كورنېلىۇسنىڭ «پەلسەپىگە كىرىش» (1903-يىل ميونخېن نەشرى) دىگەن ئەسرىدە مەنچىللىككە تولىمۇ يېقىنلاشقانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئۇ (322-بەتتە) ئۆزىنىڭ روھىي ھاللىق ھاياتىنىڭ تاشقىرىسىدا يەنە باشقا قانداقتۇ روھىي ھاللىق ھايات بارمۇ دىگەن مەسىلە توغرىسىدا، يەن كىشىلەرگە مۇئەييەنلەشتۇرۇش ياكى ئىنكار قىلىش ئاساسىدا جاۋاپ بېرەلمەيدۇ دەپ ئىقرار قىلىدۇ. ماخىزىم نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، لېكىن، ئەگەر ئۆزىگە يات روھىي ھاللىق ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇغى مېنىڭ نەزىرىمدە گۇمانلىق دېيىلىدىغان بولسا، ئەگەر بىزگە كورۇنگەن ئومۇمى جىسىملار پەقەتلا تۇيغۇنىڭ بەلگىسى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەنچىللىك بىلەن مۇرەسسەلىشىشكىلا توغرا كېلىدۇ، ۋاھالەنكى كورنېلىۇس بۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا پېتىنالمايدۇ.

شۇنى كورسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ماخ ھ. كورنېلىۇسنى ئۆزىنىڭ شاگىرتى ئەمەس، ئاۋېنارىۇسنىڭ شاگىرتى دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ماخ بىلەن ئاۋېنارىۇسنىڭ نۇقتىسىنەزەرلىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئورتاق جايلار بار،

ماخىنىڭ ئوزىمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ①. فىشت ئېيتقان **يەككە جىسىملارنىڭ كۆپ خىللىقلىقى مەسىلىسى**، ئاۋېناريۇس ۋە ماخ پەلسەپىسىنىڭ نەزىرىدە، بىر ئاساسىي قىيىنچىلىق، بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يا ۋىيۇۋجۇيىلىق ھەقىقەتىنى ئېتىراپ قىلىشقا، يا مەنچىلىك تۇيۇق يولغا كىرىشكىلا توغرا كېلىدۇ. ئالىڭ ـ پىكىرگە ئىگە ھەرقانداق ئادەم، ئاۋېناريۇسنىڭ يېقىندا رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان ئەسىرى «ئادەمنىڭ دۇنيا ئۇقۇمى»نى كوڭۇل قويۇپ ئوقۇغان بولسىلا، بۇنى بىلىشى كېرەك ئىدى②.

ئوز ئوزىدىن مەلۇمكى، پەقەت پوپرىشىن[37] ۋارىسلىرىلا مەنچىلىكنى ھەرقانداق بىر (ۋىيۇۋجۇيىلىقلا ئەمەس) تارىخ قارىشى بىلەن "بىرلەشتۈرىدۇ".

ھازىرقى زاماندا تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەلىمات (جۈملىدىن بىزنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز) **پەقەتلا**

---

① يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتابنىڭ: «مېنىڭ ئاۋېناريۇس ۋە باشقا ئالىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم» دىگەن بابى، 38 ـ بەتكە قاراڭ.

② بىر گېرمانىيە يازغۇچىسى، تەجرىبە پىيەنچىلىكىنىڭ نەزىرىدە تەجرىبە ھەرگىز بىلىشنىڭ ۋاستىسى ئەمەس، پەقەت نەتىجىلەرنىڭ دۇيشىياڭى، دەيدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تەجرىبە پىيەنچىلىكىنى ۋىيۇۋجۇيىغا قارشى قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ، تەجرىبە پىيەنچىلىكىنىڭ ۋىيۇۋجۇيىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق ـ مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ.[49]

ۋېيۇۇجۇيىدىن ئىشەنچلىك ئاساس تاپالايدۇ، شۇڭا ئېنگېلس: ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىلىرى ۋېيۇۇجۇيى بىلەن ئويناشقىنى يوق، ئۇلار ئۆزۈل-كېسىل ھالدا ۋېيۇۇجۇيىنى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ۋېيشىنجۇيىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغىنى بولغان بىلىم ساھەلىرىگىچە تەدبىقلىدى، دەپ بىكار ئېيتمىغان.

شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، يالغۇز ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭلا ۋېيۇۇجۇيى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولۇپ قالماستىن، ۋېيشىنجۇيىغا، ھەتتا دىنغا قۇيرۇق شىپاڭلىتىشنى ياخشى كورىدىغان خىيالىي سوتسىيالىزمنىمۇ ۋېيۇۇجۇيىنىڭ پۇشتى دەپ قاراش كېرەك. بۇ نۇقتا مۇشۇ كىتاپچىدىكى بىرىنچى قوشۇمچىدە[50] ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. («ماركس 18-ئەسىردىكى فرانسىيە ۋېيۇۇجۇيىسى ھەققىدە»)

ماركس بۇ ماقالىدا مۇنداق دەيدۇ: "دېكارت ۋېيۇۇجۇيىسى ھەققى تەبىي پەننىڭ مۇلكى بولۇپ قالغان بولسا، فرانسىيە ۋېيۇۇجۇيىسىنىڭ يەنە بىر گۇرۇھى توغرىدىن-توغرا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ مۇلكى بولۇپ قالدى. ئىنسان تەبىتىنىڭ ياخشىلىقلىغى بىلەن كىشىلەر ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى، تەجرىبە، ئادەت ۋە تەربىيىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى، تاشقى مۇھىتنىڭ ئادەمگە بولىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى، سانائەتنىڭ زور ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى، ھوزۇر-ھالاۋەتنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار توغرىسىدىكى ۋېيۇۇجۇيىلىق تەلىماتنىڭ كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم بىلەن مۇقەررەر ئالاقىسى بارلىقىنى كورۇۋېلىشقا ئارتۇقچە ئەقىل-پاراسەت كەتمەيدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ ھەممە بىلىمى،

تۈيغۇسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ھېسسى دۇنيادىن ۋە بۇ دۇنيادىن ئىگە بولغان تەجرىبىلەردىن ئالىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئەتراپىتىكى دۇنيا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەككى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ھەقىقىي ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشى ۋە چۈشىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان، ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان بولسۇن. توغرا چۈشىنىلگەن مەنپەئەت پۈتۈن ئەخلاقنىڭ ئاساسى ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئايرىم ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. ۋېيۋۇجۇيىلىق مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم ئەركىن ئەمەس ئىكەن، يەنى ئادەم ئۆزىنى مەلۇم شەيئىلەردىن قاچۇرىدىغان پاسسىپ كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى ھەقىقىي خاسلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئاكتىپ كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەركىن بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئايرىم ئادەملەرنىڭ جىنايى ھەركەتلىرىنى جازالىماي، جىنايى ھەركەتلەرنىڭ جەمئىيەتكە قارشى مەنبەسىنى تۈگىتىش ھەمدە ھەر بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىدىغان زورۇر ئىجتىمائىي پائالىيەت ئورنىغا ئىگە قىلىش لازىم. ئادەمنىڭ مىجەزىنى مۇھىت ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھالدا، مۇھىت ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن مۇھىت قىلىنىشى كېرەك. ئادەم يارىلىشى بىلەنلا ئىجتىمائىي جانلىق مەۋجۇدات ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تۇغما خاراكتېرىنى جەمئىيەتتىلا راۋاجلاندۇرالايدۇ، ۋاھالەنكى ئۇنىڭ تۇغما كۈچى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشتىمۇ، ئايرىم شەخسنىڭ كۈچىنى ئۆلچەم قىلماستىن، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى ئۆلچەم قىلىش

لازىم. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر ھەتتا ئەڭ كونا فرانسىيە ۋېيۇۋجۇيىچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئەينەن دىگۈدەك تېپىلىدۇ."①

ئۇنىڭدىن باشقا، ماركس فرانسىيە ۋە ئەنگلىيەدىكى تۈرلۈك خىيالىي ئېقىملارنىڭ ۋېيۇۋجۇيى بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىمۇ ناھايىتى ئېنىق شەرھىلەپ بەرگەن.

لېكىن، ماركسىزمنى ئاز-تولا ئۈزۈل-كېسىلرەك بولغان ۋېيشىنجۇيىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق تۈرلىرى بىلەن "بىرلەشتۈرۈش"كە ئۇرۇنىدىغان كىشىلەر بۇنىڭغا زادىلا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال، ئەمما تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىغى شۇكى، بۇ بىرلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا، ھەقىقەتەن "ئارتۇقچە ئەقىل-پاراسەت كەتمەيدۇ".

**ۋېيۇۋجۇينى** قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىلگىرى نۇرغۇن تالاش-تارتىش بولغان ئىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "شۇڭا، تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە، روھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، پۈتۈن پەلسەپىدىكى ئەڭ بۈيۈك مەسىلە بولۇپ، بارلىق دىنلارغا ئوخشاشلا، نادانلىق دەۋردىكى تار ۋە نادان ئىدىيىلەر ئۇنىڭ مەنبەسى ئىدى. لېكىن، بۇ مەسىلە ياۋروپالىقلار خىرىستىيان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇزاق مۇددەتلىك قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىنتايىن روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى،

① «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 166 — 167-بەتلەرگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئاندىن ئۇزىنىڭ تولۇق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىس پەلسەپىسىدىمۇ غايەت زور رول ئوينىغان مەسىلە، يەنى تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن ئورنى مەسىلىسى — مەنبە نىمە، روھمۇ ياكى تەبىەت دۇنياسىمۇ؟ دىگەن مەسىلە — دىنىي جەمىيەتكە قارىتا كەسكىن شەكىلدە قويۇلدى: دۇنيانى خۇدا ياراتقانمۇ ياكى ئۇ ئەسلىدىن بارمىدى؟

پەيلاسوپلار بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاپ بېرىشلىرىگە قاراپ ئىككى چوڭ لاگىرغا بولۇندى. روھنى تەبىەت دۇنياسىغا نىسبەتەن مەنبە دەپ ھوكۇم قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېساپتا دۇنيانىڭ يارىتىلغانلىغى تەلىماتىنى مەلۇم ئۇسۇللار بىلەن ئېتىراپ قىلغانلار (پەيلاسوپلاردا، مەسىلەن، گېگېلدا، دۇنيانىڭ يارىتىلغانلىغى تەلىماتى، كوپىنچە، خىرىستىيان دىنىدىكىدىنمۇ گادىرماش ھەم بىمەنە شەكىل ئالغان) ۋېيشىنجۇيى لاگىرىنى تەشكىل قىلدى. تەبىەت دۇنياسىنى مەنبە دەپ ھېساپلىغانلار بولسا، ۋېيۋۇجۇيىنىڭ تۇرلۇك ئېقىملىرىغا كىردى.

ۋېيشىنجۇيى ۋە ۋېيۋۇجۇيى دىگەن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىدە بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەنىسى يوق، بۇ يەردە ئۇلارنى باشقا مەنىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا باشقا مەنە بېرىلگەندە قانداق گادىرماشلىقلارنىڭ يۇزبېرىدىغانلىغىنى تۇۋەندە كورىمىز.“①

دىمەك، ۋېيۋۇجۇيىنىڭ ئەڭ موھىم بەلگىسى شۇ يەردىكى، ئۇ **روھ بىلەن ماددا، خۇدا بىلەن تەبىەت دۇنياسى ئېرىيۇەنلۇنىنى** رەت قىلىدۇ؛ ئۇ، تەبىەت دۇنياسى — ئىپتىدائى ئۇۋچىلىق قەبىلە-

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 26 — 27 - بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

لىرى كېڭۈەن جانلىق ۋە جىنسلىق ھەركىتى بىلەن ئىزاھلىغان تۆرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئاساسى، دەپ ھېساپلايدۇ. ۋېيۋۇجۇيىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ۋېيۋۇجۇيى توغرىسىدىكى قاراشلىرى كوپىنچە ئىنتايىن بىمەنە، ئۇلار ئېنگېلس ۋېيۋۇجۇيىسىنىڭ ماھىيىتىگە ناتوغرا تەبىر بەرگەن دەپ ھېساپلايدۇ، ئۇلار ۋېيۋۇجۇيى، ئەمەلىيەتتە، **روھىي ھالەتلىق ھادىسىلەرنى ماددى ھادىسە قىلىپ قويىدى** دەپ ھېساپلايدۇ. شۇڭا، مەن **سپىنوزانى** ۋېيۋۇجۇيىچىلار قاتارىغا قوشۇپ بېرىنشتېين ئەپەندى بىلەن مۇنازىرىلەشكىنىمدە، ئۇلار تولىمۇ ھەيران قالىدۇ. لېكىن، پەقەت 18 ـ ئەسىردىكى ۋېيۋۇجۇيىچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرنەچچە جۈملە ئۆزۈندە ئالساقلا، بۇ ئېنگېلسنىڭ ۋېيۋۇجۇيىغا بەرگەن تەبىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلىدۇ.

«تەبىئەت دۇنياسىدىن ئېرىشىلگەن ئاددى ساۋات» دىگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى (ھولباخ) مۇنداق دەيدۇ: "بىز تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىمىزدا، تەبىئەت دۇنياسى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىمىز، تاشقى سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر كورسەتمەيدىغان سەۋەپلەرنى① ئىزلىمەسلىكىمىز لازىم، شۇنىڭغا قەتئى ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئەگەر تەبىئەت دۇنياسى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان بولساق، تەبىئەت دۇنياسى بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى مەڭگۇ بىر ياقلىق قىلالمايمىز."②

① كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، ھولباخ تاشقى سەزگۇ ئەزالىرىمىزغا تەسىر كورسەتمەيدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ماددا دەپ ئاتايدۇ.

② بۇ سوز شۇ كىتاپنىڭ جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرىنچى يىلىدىكى پارىژ نەشرىدىن ئېلىندى.

ھولباخ ئۆزىنىڭ يەنە بىر تېخىمۇ مەشھۇر ئەسىرى بولغان «تەبىئەت تىشىسى»دا پۈتۈنلەي ئوخشاش پىكىرنى بايان قىلىدۇ، بۇ ئەسەر ھەممىگە مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، نەقىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. شۇنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمەنكى، ئۇنىڭ بىز ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مەسىلە بىلەن ئالاقىدار قىسمى شۇ ئەسەر-نىڭ 2 - قىسىم، 6 - بابىدا (1781 - يىل لوندون نەشرى، 146 - بەت).

ھېلۋېتىيۇسمۇ مۇشۇنداق نۇقتىنەزەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئادەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىجادىيەت مەھسۇلى؛ ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا ياشايدۇ؛ ئۇ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ؛ ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ؛ ھەتتا ئۇنىڭ پىكرىمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ......تەبىئەت دۇنياسى ياراتقان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۈيۈك بىر پۈتۈنلۈك (ئادەممۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى)نىڭ ئۇ تەرىپىدە ھېچقانداق نەرسە يوق......تەبىئەت دۇنياسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشىمايدىغان مەۋجۇدات دىگەن نەرسە ساپ خام خىيال" ۋە باشقىلار①.

دۇرۇس، بەزى ۋېيۇۋجۇيىچىلار خۇدانى مەۋجۇت دەپ ئېتىراپ قىلغان، تەبىئەت دۇنياسىنى خۇدانىڭ ئىجادىيەت مەھسۇلى دەپ ھېساپلىغان ئىدى. مەسىلەن، يوسىپ پرىستلېي شۇنداق قىلغان

① «تەبىئەت تىشىسىنىڭ ھەقىقى ئەھمىيىتى»، 1 - باپ، «تەبىئەت ھەققىدە».

ئىدى[1]. بىراق بۇنداق ئىپتىقات مۇشۇ مەشھۇر تەبىئى پەن ئالىمى ئۆزىنىڭ ۋىيۇۋجۇيىلىق تەلىماتىغا ئىسىپ قويغان ئىلاھىيەت ھالقىسى ئىدى. ئۇنىڭ ۋىيۇۋجۇيىلىق تەلىماتىنىڭ تۈپ قائىدىسى: ئادەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىجادىيەت مەھسۇلى، "ئادەمنىڭ جىسمانى خۇسۇسىيىتى ۋە روھىي خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بىر شىتتىن كېلىدۇ، ئۇلار شىتى بىلەن بىللە ئۆسىدۇ، يېتىلىدۇ ۋە ھالاك بولىدۇ"[2] دىگەن ئىدىيىدىن ئىبارەت. پرىستلىي شۇ ئەسىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە بۇنداق شىتىنىڭ ماددا ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ ئېيتىدۇ[3].

فېيېربا خ ئادىللىق بىلەن، سپىنوزا ئىلاھىيەتتە خۇدا دەپ ئاتىغان شىتى، يەنى «ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆزىتىلسە (bei Lich tebesehen)، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەتتۇر»[4]، دەيدۇ. فېيېرباخنىڭ يەنە بىر پىكرىمۇ ئوخشاشلا توغرا، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "سپىنوزا پەلسەپىسىنىڭ سىرى ۋە ھەقىقى ئەھمىيىتى—

[1] «پرىستلىي ئەسەرلىرى»، 1782-يىل بىرمىڭھام نەشرى، 1-توم، «ماددا ۋە روھ توغرىسىدا تەتقىقات»، ئۇ مۇشۇ كىتاپتا خۇدانى بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز (our Maker 139-بەت)، ھەممە دىمەكتۇر (143-بەت) ۋاھاكازا، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

[2] يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 69-بەت.

[3] «Matter being capable of the property of sensation or thought» ["ماددا تۇيغۇغا ياكى پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ"] («پرىستلىي ئەسەرلىرى»، يۇقۇرقى نەشرى، 1-توم «جاننىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى نەزىرىيە تارىخى»، 400-بەت).

[4] «فېيېرباخ ئەسەرلىرى»، 4-توم، 380-بەت.

تەبىئەت دۇنياسى."① شۇنىڭ ئۈچۈن، سپىنوزا پەلسەپىسىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ئىلاھىيەت تونى بىلەن نىقاپلانغان بولسىمۇ، ئۇنى ۋېيۇۋۇجۇيىچى دەپ قاراش كېرەك. بۇ ھەقتە، دىدېرونىڭ قارىشىمۇ ناھايىتى ئېنىق، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىر يولدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىرقى زامان سپىنوزىچىلىرى (Spinosistes modernes) دەپ ھېساپلايدۇ («قامۇس» 15-تومدىكى دىدېرو يازغان«سپىنوزىچىلار» دىگەن ماقالىغا قارالسۇن). مەن بېرنىشتېين بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ۋېيۇۋۇجۇيىسى سپىنوزىچىلىقنىڭ بىر تۈرى (eine Art Spinosismus)[51] دىگەن ئىدىم، ئەگەر "ماركسنى تەنقىت قىلغۇچىلار" مېنىڭ بۇ سوزۇمنى ئاڭلاش بىلەن بىردەك ھەيران قېلىشقان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ كىشىنى چوچۇتەرلىك دەرىجىدە بىلىمسىزلىكىدىن بولىدۇ②. بۇ پىكرىنى ئاسانراق چۈشىنىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ فېيېرباخ پەلسەپىسى ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، فېيېرباخنىڭ پەلسەپىسى بىلەن سپىنوزانىڭ پەلسەپىسىنىڭ پەرقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن شەرھىلەش لازىم. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان داۋلىنى چۈشەنگەن ئادەم، فېيېرباخنىڭ مەۋجۇدىيەت بىلەن

① يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 391-بەت.

② بەزىلەر ماڭا رەددىيە بېرىپ ۋە سوئال قويۇپ: سپىنوزىچىلىقنىڭ "بىر تۈرى" دىگەننىڭ مەنىسى نىمە؟ دەيدۇ. بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ناھايىتى ئاسان: ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تەلىماتىدا، خۇددى دىدېرونىڭ تەلىماتىدىكىگە ئوخشاش، سپىنوزىچىلىق ئىلاھىيەت نىقاۋىنى چۆرۈپ تاشلىغان.

تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تۈپ نۇقتىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى خۇدا دەپ مەدھىيىلىمەيدىغان بولغان، گېگېلدىن تەلىم ئالغان سپىنوزا ئىكەنلىكىنى دەرھال بايقىۋالىدۇ.

بىز ئەمدى سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. خۇددى يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پرىنسىپىي ماددا **تۈيغۇ ۋە تەپەككۇر** خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەيدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋېيۇۋجۇيىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئەكسىچە، **ۋېيۇۋجۇيى بارلىق روھىي ھاللىق ھادىسىلەرنى ماددىنىڭ ھەركىتىدىن ئىبارەت قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز ئۇرۇنمايدۇ.** ۋېيۇۋجۇيىچىلارنىڭ قارىشىچە تۈيغۇ ۋە پىكىر، ئاڭنىڭ ھەممىسى ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ ئىچكى ھالىتىدىن ئىبارەت. لېكىن، پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدا ئابرويلۇق ۋېيۇۋجۇيىچىلاردىن ھېچكىم ئاڭنى "**ھەركەت**"دىن "**ئىبارەت**" قىلىپ قويغىنى يوق، شۇنداقلا ھېچكىم ئاڭنى ھەركەت دەپ **چۈشەندۈرگىنى**، ياكى ھەركەتنى ئاڭ دەپ **چۈشەندۈرگىنى** يوق. ئەگەر ۋېيۇۋجۇيىچىلار روھىي ھاللىق ھادىسىلەرنى ئىزاھلاشتا بىرەر ئالاھىدە شىتى ــ جانىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ كېسىپ ئېيتىدىكەن، ئەگەر ئۇلار ماددا "تۈيغۇ ۋە تەپەككۇر" ئىقتىدارىغا ئىگە، دەپ كېسىپ ئېيتىدىكەن، دىمەك بۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ماددىنىڭ بۇنداق ئىقتىدارى، ھەركەتكە ئوخشاش، ماددىنىڭ بىر خىل ئاساسىي، شۇنداقلا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، لامېتترى (ئادەتتە ئۇنىڭ تەلىماتى ئەڭ قوپال ۋېيۇۋجۇيىنىڭ باشقىچە بىر تۈرى قىلىپ

تەسۋىرلىنىدۇ) كەسكىن ھالدا، ھەركەت ئاڭغا ئوخشاشلا "تەبىئەت دۇنياسىنىڭ موجىزىسى"[1] دەپ ھېساپلايمەن، دىگەن ئىدى. دىمەك، ھەرقايسى ئېقىمدىكى ۋېيۇۋجۇيىچىلارنىڭ ماددىنىڭ ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسلەن، پرىستلېي، روشەنىكى ھولباخىمۇ (بىراق ئۇ تازا قەتئى قىلىپ پىكىر بايان قىلغان ئەمەس)، ئاڭ پەقەت مۇئەييەن شەكىلدە تۈزۈلگەن، ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىدىلا پەيدا بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. يەنە بەزى ۋېيۇۋجۇيىچىلار، مەسلەن، سپىنوزا، لامېتترى، دىدىرولار بولسا، ماددا مەڭگۈ ئاڭغا ئىگە، بىراق ئاڭ پەقەت مۇئەييەن ماددى تۈزۈلمىدىلا مەلۇم كورۇنەرلىك دەرىجىگە يېتىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. ئاتاقلىق ھېككېلنىڭ ھازىر كېيىنكى نۇقتىنەزەردە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ماددا "تەپەككۇر" قىلالامدۇ دىگەن بۇ ئادەتتىكى سوئالغا، ياق، دەپ جاۋاپ بېرىشكە قىينىلىدىغان بىرەر راستچىل تەبىئى پەن ئالىمى بولمىسا كېرەك. "بىلگىلى بولماسلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارى" ھېكسلېي ئۆزىنىڭ بۇ توغرىسىدىكى بىر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "دەرۋەقە، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، بۇ مەسىلىنى ئىخلاس بىلەن مۇھاكىمە قىلغانلىكى ئادەم، شىنلىشۈېنىڭ ئاساسى نېرۋا سېستىمىسى شېكىلىشۈپىسى ئىكەنلىگىدىن گۇمانلانمايدۇ."[2] مانا بۇ ۋېيۇۋجۇيىچىلارنىڭ ئېيتىدىغان سوزى، ئېنگېلس بۇ كىتاپچىدا بىلگىلى بولماسلىق نەزىرىيىسىنى ئۇياتچان

① «لامېتترى پەلسەپە ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1764 ـ يىل ئامستېردام نەشرى، 1 ـ توم، 69 ـ ۋە 73 ـ بەتلەر.

② شۇ كىتاپنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى، 181 ـ بەتكە قارالسۇن.

ۋېيشۇجۇيى دەيدۇ، بۇ تامامەن توغرا. ھازىرقى زامان روھىي ھال شېكىللىشۇۋىسىگە تامامەن ۋېيشۇجۇيىلىق روھ سىڭگەن. دەرۋەقە، يەنە بەزى روھىي ھال شېكىللىشۇۋىشۇناسلىرى روھىي ھاللىق - شېكىللىك ھادىسىلەر **پاراللېل** بولىدۇ دەيدىغان تەلىمات ئارقىلىق ۋېيشۇجۇيىلىق يەكۇندىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا پاراللېلىزىمنىڭ تىكلىنىشى، شۈبھىسىزكى، ھادىسىلەر ئارىسىدىكى سەۋەپ - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىش ۋاستىسىلا بولىدۇ، بۇنى ئالېكساندېر بائىن① ئالىقاچان ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدى.

ئەمدى بىز مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە دىققەت قىلايلى. ماركس بىلەن ئېنگېلسىنىڭ پەلسەپىسى يالغۇزلا **ۋېيشۇجۇيىلىق** پەلسەپە ئەمەس، بەلكى ئۇ **بىيەنجېڭلىق ۋېيشۇجۇيى**. ۋاھالەنكى، بەزىلەر بۇنداق تەلىماتقا قارشى چىقىدۇ. ئۇلار: بىرىنچىدىن، بىيەنجېڭفانىڭ ئۆزى تەنقىتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ۋېيشۇجۇيى بىيەنجېڭفا بىلەن سىغىشالمايدۇ، دەيدۇ. ئەمدى بىز مۇشۇ قارشى پىكىرلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

بېرنشتېيىن ئەپەندىنىڭ ئۆزى ماركس بىلەن ئېنگېلسىنىڭ خاتالىقى دەپ ئاتىۋالغان نەرسىنى بىيەنجېڭفانىڭ زىيانلىق تەسىرىگە ئۇچرىغانلىق دەپ ئىزاھلىغانلىقى كىتاپخانلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. ئاددى لوگىكا ئەمەل قىلىدىغان پورمۇلا: "ھە - ھە، ياق - ياق"، بىيەنجېڭفا بولسا بۇ پورمۇلىنى ئۇنىڭ ئەكسىچە نەرسە

① «جان ۋە تەن»، 1884 - يىل كىيىف رۇسچە نەشرى، 24 — 25 - بەتلەر.

قىلدى: ”ھە ــ ياق، ياق ــ ھە“. بېرنشتېين ئەپەندى كېيىنكى پورمۇلىنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ، ئۇ، بۇ پورمۇلا كىشىنى ئەڭ خەتەرلىك لوگىكىلىق يېڭىلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئۇقۇمۇشلۇق دەپ ئاتالغان بىرمۇنچە كىتاپخانىلار ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسىگە قوشۇلۇشى مۇمكىن، چۈنكى ”ھە ـ ياق، ياق ـ ھە“ دېگەن پورمۇلا، قارىماققا، تەپەككۇرنىڭ ئۆزگەرمەس تۈپ قانۇنىيىتى بىلەن ئىنتايىن زىتتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ تەرىپىنى بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم.

”تەپەككۇرنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى“ ئۈچ: (1) ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى؛ (2) زىددىيەت قانۇنىيىتى؛ (3) ئوتتۇرا ھاللىقنى رەت قىلىش قانۇنىيىتى.

**ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى** (Pricipium identitatis) مۇنداق: A دېگەن A (omne subjectum est predicatum sui) ياكى A = A.

**قارىمۇ ـ قارشىلىق قانۇنىيىتى: A غەيرى A ئەمەس، ئۇ** ئوخشاشلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئىنكار شەكلى.

**ئوتتۇرا ھاللىقنى رەت قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا** (principium exclusi tertii)، بىر بىرىنى رەت قىلىدىغان ئىككى قارىمۇ ـ قارشى ھوكۇمنىڭ ھەر ئىككىسى خاتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىش يۈزىدە، A ياكى B، ياكى غەيرى B بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىكى بىر ھوكۇمنىڭ توغرا بولۇشى جەزمەن يەنە بىر ھوكۇمنىڭ خاتالىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئوتتۇرا ھاللىق بولمايدۇ، بەلكى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇبېرۋېگ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: زىددىيەت قانۇنىيىتى

بىلەن ئۇتتۇرا ھاللىقنى رەت قىلىش قانۇنىيىتىنى قوشۇپ مۇنداق بىر لوگىكىلىق قائىدە قىلىشقا بولىدۇ: **ھەلۇم نەرسىنىڭ ھەلۇم خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكىدەك مۇشۇنداق تازا مۇئەييەن بولغان (بەلكى دەل تازا مۇئەييەن مەنىدە چۈشىنىلىدىغان) ھەر بىر مەسىلىگە ھەم ھە، ھەم ياق، دەپ جاۋاپ بەرمەي، ھە ياكى ياق، دەپ جاۋاپ بېرىش كېرەك**①.

بۇ قائىدىنىڭ توغرىلىقىغا قارىتا باشقىچە پىكىر قويۇش ناھايىتى تەس. ئەگەر ئۇ توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، "**ھە — ياق، ياق — ھە**" دېگەن بۇ پورمۇلا پۈتۈنلەي ئاساسسىزدەك بولۇپ چىقىدۇ-دە، بىزنىڭ ئۇنى بېرىنچىسىگە ئەپەندىگە ئوخشاش مەسخىرە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن ھېراكلىت، گېگېل ۋە ماركسقا ئوخشاش چوڭقۇر پىكىرلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۇنى تەپەككۇرنىڭ توپ قانۇنىيىتىنى مۇستەھكەم ئاساس قىلغان "**ھە — ھە، ياق — ياق**" پورمۇلىسىدىنمۇ قانائەتلەندۈرەرلىك، دەپ ھېساپلىغانلىقى بىلەنمۇ كارىمىز بولماسلىقىقا توغرا كېلىدۇ.

بىيەنجىڭغا ئۈچۈن مۇقەررەر بولغان بۇ يەكۈننى رەت قىلىۋېتىش تەس. لېكىن بۇنداق يەكۈننى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىلگىرى، بۇ مەسىلىنى ئىككىنچى بىر تەرەپتىن كۆزىتىمىز.

ماددىنىڭ ھەركىتى — بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسى. ھەركەت دېگەن نېمە؟ ھەركەت — تولىمۇ روشەن زىددىيەت. ئەگەر

---

① «لوگىكا تىشىسى»، 1874 - يىل بونن نەشرى، 219 - بەت.

بەزىلەر سىزدىن، ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان جىسىم مەلۇم زاماندا ۋە مەلۇم ئورۇنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ؟ دەپ سورىسا، سىز ھەرقانچە سەمىمى بولسىڭىزمۇ، ئۇبېرۋېگنىڭ قائىدىسى، يەنى "ھە — ھە، ياق — ياق" پورمۇلىسى بويىچە، بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرەلمەيسىز. ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان جىسىم مەلۇم **ئورۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئورۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ**①. بۇنىڭغا پەقەت "ھە — ياق، ياق — ھە" دىگەن پورمۇلا بويىچىلا ھوكۇم قىلغىلى بولىدۇ. كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان جىسىم — "**زىددىيەتلەر لوگىكىسى**"غا پايدىلىق بولغان، رەت قىلىپ بولمايدىغان دەلىل، كىمكى بۇنىداق لوگىكىغا قارشى چىقماقچى بولىدىكەن، ئۇ قېرى زېنون بىلەن بىللە: ھەركەت پەقەتلا تۇيغۇنىڭ ئالدامچىلىغى، دەپ ئېلان قىلىشى كېرەك. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزنىڭ قېرىنىدىشىمىز H.Г. ئەپەندى 52 بۇنى چۈشەنمىسە كېرەك، ئۇمۇ بيەنجېگفاغا قەتئى قارشى بىر ئادەم،

① بيەنجېگفاغا ئەڭ قەتئى قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنى ئىقرار قىلماي تۇرالمايدۇ. ترېندېلېنبۇرگ مۇنداق دەيدۇ: ‹Die Bewegung die vermöge ihres Begriffs an demselben Punkte zugleich ist und nicht ist›etc. ["مۇشۇ ئۇقۇمىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوخشاش بىر ئورۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدىغان ھەركەت" ۋە باشقىلار] («لوگىكا تەتقىقاتى»، 1870 ـ يىل لىيپسىگ نەشرى، 1 ـ توم، 189 ـ بەت). ترېندېلېنبۇرگ "ھەركەت" دىمەي، "ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان جىسىم" دىيىشى كېرەك ئىدى، بۇ ھەقتە ئۇبېرۋېگ ئېيتىپ ئوتكەن ئىدى، ئۇنى بۇ يەردە يەنە ئېيتىپ ئولتۇرۇشنى ئارتۇقچە دىسىمۇ بولىدۇ.

لېكىن ئەپسۇسكى كۆچلۈك مۇخالىپ ئەمەس. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان جىسىمنىڭ **ھەممە قىسمى** "بىر ئورۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىككىنچى بىر ئورۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شۈبھىسىزكى، يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان جىسىم ئىككىنچى ئورۇنغا قەيەردىن بىرىپ قالىدۇ؟ ئەسلىدىكى ئورۇندىنمۇ؟ جىسىم ئەسلىدىكى ئورۇندىن يۆتكەلمىگەن تۇرسا". ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر مەلۇم زاماندا ۋە مەلۇم ئورۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى جىسىمنىڭ **ھەممە قىسمى ئەمەس** دەپ پەرەز قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، جىمجىت ۋاقىتتا، جىسىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ماكاندا ئوخشاش بولمىغان ئورۇننى ئىگىلىگەن بولامدۇ؟"①

گەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغانۇ، بىراق بەك كونىراپ قالغان. Н.Г. ئەپەندىنىڭ دەلىللىرى زادى نىمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ بۇ **دەلىللەر: ھەركەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دىگەننى ئىسپاتلايدۇ**. ياخشى گەپ، بىزنىڭ بۇ يەردە مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، بىراق بىز Н.Г. ئەپەندىدىن سوراپ كۆرمەكچىمىزكى، ئارىستوتىلنىڭ تەبىئى پەن ھەر سائەت-ھەر مىنۇت دەلىللەپ تۇرۇۋاتقان: ھەركەتنى ئىنكار قىلغان ھامان تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدە ھېچقانداق تەتقىقات ئېلىپ بارالمايمىز②، دىگەن

---

① «ۋېيۇۋجۇيى ۋە بىيەنجېڭلىق لوگىكا»، «روسىيە بايلىقى» ژورنىلىنىڭ 1898-يىل 7-ئايلىق سان، 94-ۋە 96-بەتلىرىدە.

② «شىگىئېرشاگشۆي»، I، VII، 59.

مەشھۇر سوزى ئېسىڭىزدە بارمىكىن. H.Γ. ئەپەندى شۇنداق ئويلامدىكىن؟ بۇ سىرلىق ماقالىنى باسقان "چوڭ ژورنال"نىڭ تەھرىر بولۇمىمۇ شۇنداق ئويلامدىكىن؟ ئەگەر H.Γ. ئەپەندى ۋە تەھرىر بولۇمى ھەركەتنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان زېنونچە "قىيىن مەسىلە"دىن ھەركەتنىڭ ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان زىددىيەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، يەنى H.Γ. ئەپەندى رەددىيە بېرىپ ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغان نەزەرىيىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، دېگەن خۇلاسىلا كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. راسا "تەنقىتچى" ئىكەن ـ دە!

ھەركەتنى ئىنكار قىلمايدىغان كىشىلەرگە شۇنداق سوئال قويىمىزكى، **تەپەككۇرنىڭ "تۈپ قانۇنىيىتى" مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ پاكىتى** بىلەن قارىمۇ ـ قارشى ئىكەن، ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا ئېھتىياتلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟......

شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇشتۇمتۇت مۇنداق ئىككى يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قالغاندەك تۇرىمىز: **يا** شەكلىي لوگىكىسىنىڭ "تۈپ قانۇنى-يەتلىرى"نى ئېتىراپ قىلىپ ھەركەتنى ئىنكار قىلىش؛ **ياكى** ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەركەتنى ئېتىراپ قىلىپ بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئىنكار قىلىش. بۇنداق تاللاش ھەر ھالدا كىشىنى قانائەتلەندۈ-رەلمەيدۇ. بۇنداق قىلماسلىق بولماسمۇ؟ قاراپ باقايلى.

ماددىنىڭ ھەركىتى ــ بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسى. ھەركەت زىددىيەتتۇر. ئۇنىڭغا بىيەنجېڭلىق ھالدا ھوكۇم قىلىش، يەنى بېرنشتېين ئەپەندى ياقتۇرمايدىغان **"ھە ــ ياق، ياق ــ ھە"**

پورمۇلىسى بويىچە ھوكۇم قىلىش لازىم. دېمەك، بىز بارلىق
ھادىسىلەرنىڭ بۇنداق ئاساسىدىن گەپ ئاچقان ۋاقتىمىزدا،
"**زىددىيەت لوگىكىسى**" دائىرىسىدە تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ
قىلىشىمىز كېرەك. ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ مولېكۇلىلا-
رى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، مەلۇم **بىرلىكمىنى** — نەرسىنى، دۇيشياڭنى
ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرلىكمىلەر ئۇيۇشۇش كۈچى ئوخشاش
بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بىر بىرىدىن پەرق قىلىدۇ، ئۇلار يا
ئۇزاق، يا قىسقا بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن
يوقىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىر نەرسە ئالىدۇ: پەقەت
ماددىنىڭ ھەركىتىلا مەڭگۈلۈك بولىدۇ، ماددىنىڭ ئۆزى بولسا
يوقالمايدىغان شىتى. ۋاقىتلىق بولغان مەلۇم ماددى بىرلىكمە
مەڭگۈلۈك ھەركەت ئارقىسىدا پەيدا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ تېخى مەڭگۈلۈك ھەركەت ئارقىسىدا يوقالمىغان ئىكەن،
بۇنداق بىرلىكمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەسىلىسىگە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ
جاۋاپ بېرىش لازىم. دېمەك، ئەگەر بەزىلەر بىزگە ۋىنېرانى
كورسىتىپ، بۇ سەييارە مەۋجۇتمۇ؟ دەپ سورايدىغان بولسا،
ئەلۋەتتە بىز ھېچ ئىككىلەنمەستىن، **مەۋجۇت**، دەپ جاۋاپ
بېرىمىز. ئەگەر بەزىلەر بىزدىن جادىگەر بارمۇ؟ دەپ سورىسا،
ئەلۋەتتە بىز، **يوق**، دەپ كېسىپ ئېيتىمىز. بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟
بۇ، يەككە-يەككە دۇيشياڭلار ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا،
ئۇنىڭغا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۈبېرۋېگ قائىدىسى ۋە تەپەككۇرنىڭ
"تۈپ قانۇنىيىتى" بويىچە ھوكۇم قىلىشىمىز كېرەك، دىگەنلىك
بولىدۇ. **بۇنداق** دائىرىدە بېرنشتېين ئەپەندى ياقتۇرىدىغان

ھەــھە، ياقــياق "پورمۇلىسى" ھوكۇمران ئورۇندا تۇرىدۇ①.

لېكىن كىشىلەر چوقۇنىدىغان بۇ پورمۇلىنىڭ ھوقۇقى بۇ يەردە چەكسىزمۇ ئەمەس. پەيدا بولغان دۇيىشياگىنىڭ مەۋجۇتلۇغى مەسىلىسىگە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ جاۋاپ بېرىش كېرەك. ئەمما، ئەگەر مەلۇم بىر دۇيىشياك ئەمدىلا پەيدا بولۇۋاتقان بولسا، ئۇ ھالدا، بەزىدە ئۇنىڭغا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ جاۋاپ بەرمەسلىككە تولۇق ئاساس بار بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ چېچىنىڭ يېرىمى چۈشۈپ كەتكەن چاغدا، بىز ئۇنى پايىنەكباش بولۇپ قالدى دەيمىز. لېكىن قايسى دەقىقىدە چاچنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئۇنى پايىنەكباش قىلىپ قويغانلىغىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز.

مەلۇم نەرسىنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىدەك

---

① ئۈبېرۋېگ كورسەتكەن تارىخىي ھوكۇم («لوگىكا تىزىسى»، 196ــ بەت) مەسىلەن، پىلاتون مىلادىدىن 429 يىل، ياكى 428 يىل، ياكى 427 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان دېگەنگە ئوخشاشلارمۇ مۇشۇ پورمۇلا بويىچە بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە روسىيىلىك بىر ياش ئىنقىلاپچىنىڭ قىزىقارلىق جاۋاۋى ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئەگەر مەن يېڭىلىشمىسام، ئۇ، 1882ــ يىلى جەنۋەگە كەلگەن ئىدى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىپ ئوزىنى مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ، شۇ چاغدا بۇ ئىشنى باشقۇرغان، ھازىر ئولۈپ كەتكەن ن. ئى. ژۇكوۋسكىي ئۇنىڭدىن: "سەن قەيەردە تۇغۇلغان؟" دەپ سورىغاندا، بۇ ئېھتىياتچان "يوشۇرۇن پائالىيەتچى" ئوزىنى قاچۇرۇپ: "ھەرقايسى ئولكىدە تۇغۇلغان" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ژۇكوۋسكىي قاتتىق خاپا بولۇپ، "بۇنداق ھارامزادە گەپكە كىم ئىشىنىدۇ؟" دەپ ۋاقىراپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەھۋالدا، بىيەنجىڭلىق ئۇسۇلنى قىزغىن ھىمايە قىلغۇچىلارمۇ ژۇكوۋسكىيغا قوشۇلىدۇ.

بۇنداق ھەر بىر كونكرېت مەسىلىگە ھە ياكى ياق دەپ جاۋاپ بېرىش كېرەك. بۇ شۈبھىسىز. لېكىن ماددا ئۆزگىرىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئۇ مەلۇم خۇسۇسىيەتنى يوقاتقان ياكى ئۇنىڭغا ئەمدىلا ئىگە بولغان چاغدا، قانداق جاۋاپ بېرىش كېرەك؟ ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن جاۋاپ بېرىلىشى كېرەك: بىراق "ھە—ياق، ياق—ھە" دېگەن پورمۇلىغا ئەمەل قىلىغاندىلا، ئاندىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن جاۋاپقا ئىگە بولىغىلى بولىدۇ، ئەگەر ئۆبېرۋېگ تەۋسىيە قىلغان يا ھە، يا ياق دېگەن پورمۇلا بويىچە بولغاندا، بۇ مەسىلىگە جاۋاپ تاپقىلى بولمايدۇ.

دەرۋەقە، بەزىلەر رەددىيە بېرىپ، يوقىلىۋاتقان خۇسۇسىيەت تېخى تولۇق يوق بولۇپ كەتمىگەن، ئىگە بولۇۋاتقان خۇسۇسىيەت ھاسىل بولۇپ بولغان بولىدۇ، شۇڭا، ھەتتا بىز ئېيتىۋاتقان مەلۇم نەرسە ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ، "يا ھە، يا ياق" دېگەن پورمۇلا بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ جاۋاپ بېرىش مۇمكىن، بەلكى لازىم، دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ توغرا ئەمەس. يىگىتلەرنىڭ ئىڭىكىدە "سېرىق تۈك" پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقى، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا ساقال چىقىۋاتقانلىقى بولىدۇ، ئەمما ئۇنى تېخى ساقاللىق ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ئىڭەكتىكى سېرىق تۈكلەر ساقالغا ئايلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخى ساقال ئەمەس. پەقەت سان ئۆزگىرىشى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندىلا، ئاندىن سۈپەت ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنى ئۆتنۈپ قالغان ئادەم دەل شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا مۇئەييەن ھوكۇم چىقىرالمايدىغان ئادەم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

قەدىمقى ئېفېسچىلار ئىچىدىكى بىر مۇتەپەككۇر[53]: "ھەممە ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ، ھەممە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ" دېگەن ئىدى، بىز نەرسە دەپ ئاتايدىغان بىرىكمىلەر ھەمىشە (يا تېز، يا ئاستا) **ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ**. مەۋجۇت بىرىكمە يەنىلا **مەۋجۇت بىرىكمە** بولغاندىن كېيىن، بىز **"ھە — ھە، ياق — ياق"** دېگەن پورمۇلا بويىچە ھوكۇم قىلىشىمىز لازىم. لېكىن ئۇلار **ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇلار ئەمدى** ئىلگىرىكىدەك **مەۋجۇت** بولۇپ تۇرمايدىغان بولغاچقا، بىز **زىددىيەت لوگىكىسىغا** مۇراجەت قىلىشىمىز كېرەك؛ مەيلى بېرنشتېين ئەپەندى، H. Г. ئەپەندى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا شىگېرشاگشۇپچى شېرىكلىرى بىزدىن قانداق نارازى بولسا بولسۇن، بىز يەنىلا: **"ھەم ھە، ھەم ياق، ھەم مەۋجۇت، ھەم مەۋجۇت ئەمەس"** دەيمىز.

**جىمجىتلىق ھەركەتتىكى ئايرىم ئەھۋال بولغىنىغا ئوخشاش، شەكىل لوگىكىسى قائىدىسى (تەپەككۇرنىڭ "تۈپ قانۇنىيىتى")نى ئاساس قىلغان تەپەككۇرمۇ بىيەنجېڭلىق تەپەككۇردىكى ئايرىم ئەھۋال.**

پلاتوننىڭ كراتىلوس دېگەن ئۇستازى ھەتتا ھېراكلىت ئېيتقان "بىزنىڭ ئوخشاش بىر ئېقىن سۇغا ئىككى قېتىم كىرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس" دېگەن سۆزگىمۇ قوشۇلمىغان ئىكەن. كراتىلوس بىر قېتىممۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بىز ئېقىن سۇغا كىرگەن چاغدا، ئۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن، **باشقا ياڭزىغا** ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ دەپ تونۇۋالغان ئىكەن. بۇ ھوكۇمدە گويا **پەيدا بولۇش ھالقىسى ھازىرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش** ھالقىسىنىڭ ئورنىغا

قويۇلغان①. بۇ بىيەنجېگلىق ئۇسۇلنىڭ توغرا قوللىنىلىشى ئەمەس، پەقەتلا بىيەنجېگفانىڭ قالايمىقان قوللىنىلىشى. گېگېل مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: «Das Etwas ist die erste Negation der Negation» (مەلۇم نەرسە بىرىنچى ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش بولىدۇ)②.

بىزدىكى پۇتۇنلەي پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئوقۇمايمۇ قالمىغان تەنقىتچىلەر ترېندېلېنبۇرگنىڭ سوزىنى دەلىل كەلتۇرۇشنى ياخشى كورىدۇ، گويا ترېندېلېنبۇرگ بىيەنجېگفاغا پايدىلىق بولغان دەلىللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇزۇل-كېسىل رەت قىلىۋەتكەندەك. ئېھتىمال بۇ ئەپەندىلەر ترېندېلېنبۇرگنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان بولغىيدى، بىراق، تەپسىلى ئوقۇمىغانلىقى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار تووەندىكى بىر كىچىك ئىشنى ئۇنۇتۇپ قاپتۇ (ئەگەر بۇ كىچىك ئىشتىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى بار دېيىلسە، بۇنىڭغا مەن بىرنىمە دېيەلمەيمەن). ترېندېلېنبۇرگ زىددىيەت قانۇنىيىتى (Principium contradictionis)نىڭ **ھەركەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ھەركەت يارىتقان شەيئىلەرگىلا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى** ئېتىراپ قىلىدۇ③. بۇ توغرا. لېكىن ھەركەت شەيئىنى يارىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئېيتىپ ئوتكىنىمىزگە ئوخشاش، ھەركەت **ھەممىشە شەيئىدە ئوزگىرىش پەيدا قىلىپ**

---

① مەن بۇ يەردە قوللانغان: Dasein-ھازىرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، Werden-پەيدا بولۇش دېگەن ئاتالغۇلار-ن. لوسكى ئەپەندى كۇنو فىشېرنىڭ گېگېل توغرىسىدىكى ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغاندا ئىشلەتكەن ئاتالغۇلار.

② «گېگېل ئەسەرلىرى»، 3-توم، 114-بەت.

③ «لوگىكا تەتقىقاتى»، 1870-يىل لېيپسىگ 3-نەشرى، 2-توم، 175-بەت.

تۇرىدۇ. **ھەركەت لوگىكىسى** ("زىددىيەت لوگىكىسى") ئۆزى ياراتقان شەيئىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز شەكىل لوگىكىسىنىڭ "تۈپ قانۇنىيەتلىرى" بويىچە زورۇر پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، بۇ قانۇنىيەتلەر پەقەت مەلۇم دائىرە ئىچىدىلا ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇلار بىزنىڭ بىيەنجىڭفا بويىچە زورۇر پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا توسقۇن بولمىغان دائىرە ئىچىدىلا ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم. ترېندېلېنبۇرگ ئۆزى بايان قىلغان (**ئىلمىي بىلىش نەزەرىيىسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان**) پىرىنسىپلاردىن مۇۋاپىق لوگىكىلىق خۇلاسە چىقارمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىش يۈزىدە، ترېندېلېنبۇرگنىڭ سۆزى بويىچە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىدىغان بولساق، نەتىجە جەزمەن شۇنداق بولۇپ چىقىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى قوشۇپ كېتەي، ترېندېلېنبۇرگنىڭ «لوگىكا تەتقىقاتى» دېگەن كىتاۋىدا، بىزگە زىيانلىق ئەمەس، بەلكى پايدىلىق بولغان، ئىنتايىن سەممىي ئېيتىلغان نۇرغۇن قاراشلار بار. بۇ تولىمۇ ئەجەپلىنەرلىك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، بۇنى ناھايىتى ئاددىي ھالدا مۇنداق ناھايىتى ئاددىي ئەھۋال بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: ترېندېلېنبۇرگ ئەسلىدە **ۋېيشىنجۇيىلىق** بىيەنجىڭفاغا قارشى تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بىيەنجىڭفانىڭ كەمچى-لىكى: "ساپ تەپەككۇرنىڭ ئۆز ئۆزىدىن ھەركەت قىلىشى ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆز ئۆزىدىن پەيدا بولۇشى بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ"غانلىقىدا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. (behauptet eine Selbstbewegung des reinen Gedankens, die

zugleich die Selbsterzeugung des Seins ist)①.

بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭ خاتالىق. لېكىن بۇ كەمچىلىكنىڭ پەقەت ۋېيىشىنجۇيىلىق بىيەنجېڭفادىلا بار ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ماركس بىيەنجېڭفانى "پۈتى بىلەن" ئۆرە تۇرىدىغان ھالغا كەلتۈرمەكچى بولغىنىدا، بىيەنجېڭفانىڭ كونا ۋېيىشىنجۇيىلىق ئاساستا پەيدا بولغان بۇ تۈپ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە كىرىشكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ يەنە بىر مىسال، ترېندېلېنبۇرگ: ئەمەلىيەتتە گېگېل تەلىماتىدا، ھەركەت گويا ھېچقانداق پەرەزسىزمۇ دەلىللەشكە بولىدىغان بىر خىل لوگىكىلىق ئاساس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ②، دەيدۇ. بۇمۇ تامامەن توغرا، لېكىن بۇ ۋېيۋۇجۇيىلىق بىيەنجېڭفا ئۈچۈن پايدىلىق بولغان يەنە بىر دەلىل. يەنە ئۈچىنچى بەلكى تازىمۇ قىزىقارلىق بولغان بىر مىسالمۇ بار. ترېندېلېنبۇرگ مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر بىھۇدە ھالدا گېگېلدىكى تەبىئەت دۇنياسى شىيۇگلۇق لوگىكا، دەپ ھېساپلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. گېگېلنىڭ لوگىكىسى ھەرگىز ساپ تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس؛ ئۇ ئالدىنالا تەبىئەت دۇنياسىدىن ئابستراكسىيە قىلىپ ئېلىنغان ئۇسۇل بىلەن تۈزۈلگەن (eine antizipierte Abstraktion der Natur). گېگېلنىڭ بىيەنجېڭفاسىدا، ھەممە نەرسە دىگۈدەك تەجرىبىدىن ئېلىنغان، ئەگەر تەجرىبە گېگېلنىڭ بىيەنجېڭفاسى ئۈنىڭدىن ئوتىنە ئېلىپ تۇرغان نەرسىلەرنى تارتىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق

① «لوگىكا تەتقىقاتى»، 1870 ــ يىل لېيپسىگ 3 ــ نەشرى، 1 ــ توم، 36 ــ بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 42 ــ بەت.

بيەنجېڭفاغا ئۇيمۇ ـ ئۇي تىلەمچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ①. بۇنىڭغا گەپ سىغمايدۇ، قىلچە گەپ سىغمايدۇ! لېكىن، بىلىش كېرەككى، بۇ كېكېلىنىڭ ئۇزىگە قارشى چىققان ھەم ۋېيۋۇجۇيلىق لاگىرغا ئۇتكەن بەزى شاگىرتلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشاش.

بۇنداق مىساللاردىن يەنە نۇرغۇن كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن، بىراق بۇنداق قىلماسلىق تىمىدىن بەك يىراققا كېتىپ قالىمىز. مەن بىزنىڭ تەنقىتچىلىرىمىزگە شۇنىلا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بىز بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋاقىتلاردا ترېندېلېنبۇرگنىڭ سۆزىنى پۈتۈنلەي دەلىل كەلتۈرمىگەن بولساڭلار ياخشىراق بولار ئىدى.

بىز يەنە سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. مەن، ھەركەت ـ مەشغۇلات جەريانىدىكى زىددىيەت، شۇڭا، شەكىل لوگىكىسىنىڭ "تۈپ قانۇنىيەتلىرى" ھەركەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دېگەن ئىدىم. بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بىر ئاز چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ھەركەتنىڭ بىر خىل شەكلىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل شەكىلگە ئايلىنىشى مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، ئېيتايلۇق، جىسىملىك ھەركەتنىڭ ئىسسىقلىققا ئايلىنىشىدا، بىزمۇ ئۆبېرۋېگنىڭ تۈپ قائىدىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىشىمىز لازىم. بۇنداق ھەركەتنىڭ شەكلى يا ئىسسىقلىق، يا جىسىملىك ھەركەت، ياكى باشقا بىر خىل شەكىل بولىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، شەكىل لوگىكىسىنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرى مەلۇم دائىرىدە ھەركەتكىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇنىڭ

---

① «لوگىكا تەتقىقاتى»، 1870 ـ يىل لېيپسىگ 3 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 78 ـ ۋە 79 ـ بەتلەر.

ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، بيەنجېڭغا شەكىل لوگىكىسىنى يوققا چىقارمىدى، بەلكى پەقەتلا شىڭئېرشاڭشۇېچىلەر شەكىل لوگىكىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئارتىپ قويغان **مۇتلەقلىق مەنىسىنى** ئېلىپ تاشلىدى.

كىتاپخانلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىدىغانلا بولسا، شۇنى چۈشىنىۋېلىشى تەس ئەمەسكى، ھازىر پات-پات ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان، **بيەنجېڭغا بىلەن ۋېيۋۇجۇيى بىردەك ئەمەس،** دەپ قارايدىغان ئىدىيىنىڭ① ھېچقانچە "قىممىتى" يوق. ئەكسىچە، **ۋېيۋۇجۇيىلىق تەبىەت قارىشى بىزنىڭ بيەنجېڭغايىمىزنىڭ ئاساسى.** بيەنجېڭغا شۇنى ئاساس قىلىدۇ: ئەگەر ۋېيۋۇجۇيى رەت قىلىۋېتىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ بيەنجېڭغايىمىزمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر بيەنجېڭغا بولمىسا **ۋېيۋۇجۇيىلىق بىلىش نەزەرىيىسى** تولۇق بولمايدۇ، بىر تەرەپلىمە بولىدۇ، ھەتتا **مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.**

گېگېلنىڭ **بيەنجېڭغاسى شىڭئېرشاڭشۇېگە** ماس كېلىدۇ، بىزنىڭ **بيەنجېڭغايىمىز** بولسا **تەبىەت تەلىماتىنى** ئاساس قىلىدۇ.

گېگېلنىڭ تەلىماتىدا، رىياللىق دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى (بۇ يەردە ماركسنىڭ ئاتالغۇسى قوللىنىلدى) **مۇتلەق ئىدىيە.** بىزنىڭچە، مۇتلەق ئىدىيە پەقەتلا **ھەرىكەت ئابستراكسىيىسى،**

① تولىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىدىغان H. Г. ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭچە، ۋېيۋۇجۇيى بىلەن بيەنجېڭلىق لوگىكا پەلسەپىدە بىر بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىككى خىل ئامىل." («روسىيە بايلىقى» ژورنىلى 6-ئايلىق سان، 59-بەت)

**بارلىق ماددى بىرىكىش ۋە ماددى ھالەت ھەركەتتىن كېلىپ چىقىدۇ.**

گېگېلدا، تەپەككۇر ئۇقۇمدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئېچىپ تاشلىنىشى ۋە ھەل قىلىنىشى ئارقىسىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدۇ. بىزنىڭ (ۋېيۇۋۇجۇيىلىق) تەلىماتىمىز بويىچە، ئۇقۇمدىكى زىددىيەتلەر پەقەتلا **ھادىسىلەر** ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئىنكاسى، **ئۇلارنىڭ پىكرىي تىلغا تەرجىمە قىلىنىشى** بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ھادىسىلەردىكى زىددىيەتلەر بولسا ئۇلارنىڭ ئورتاق ئاساسى بولغان **ھەركەتتىكى** زىددىيەتلەرنىڭ تەبىئىتىدىن پەيدا بولىدۇ.

گېگېل، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىدىيىنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ؛ بىز، **ئىدىيىنىڭ تەرەققىياتىنى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى** بەلگىلەيدۇ، **پىكىرنىڭ تەرەققىياتىنى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى** بەلگىلەيدۇ، دەپ ھېساپلايمىز.

ۋېيۇۋۇجۇيى بىيەنجېڭفانى "پۇتى بىلەن" ئۆرە تۇرىدىغان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گېگېل بىيەنجېڭفاغا ئارتىپ قويغان سىرلىقلاشتۇرۇش چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، بىيەنجېڭفانىڭ **ئىنقىلاۋىي خاراكتېرى** روشەنلەشتى.

ماركس مۇنداق دەيدۇ: "بىيەنجېڭفا، ئۆزىنىڭ سىرلىق شەكلى جەھەتتە، گېرمانىيىدە مودىغا ئايلىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇ مەۋجۇت شەيئىلەرنى كۆركەم كۆرسىتىدىغان قىلىۋەتكەندەك بولدى. بىيەنجېڭفا، ئۆزىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق شەكلى جەھەتتە، بۇرژۇئازىيىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇق گەپ ساتىدىغان جارچىلىرىنى غەزەپكە كەلتۈردى ھەم ۋەھىمىگە سالدى، چۈنكى بىيەنجېڭفانىڭ مەۋجۇت شەيئىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش چۈشەنچىسى ئەينى ۋاقىتتا

مەۋجۇت شەيئىلەرنى ئىنكار قىلىش چۈشەنچىسىنى، يەنى مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بيەنجبڭغا ۋۇجۇتقا كەلگەن (توغرىسىنى ئېيتقاندا، پەيدا بولغان [gewordene] — پلېخانوپ) ھەر بىر خىل شەكىلنى ئۈزلۈكسىز ھەركەت داۋامىدا، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ ۋاقىتلىقلىقى جەھەتتىن چۈشىنىدۇ؛ بيەنجبڭغا ھەرقانداق نەرسىگە چوقۇنمايدۇ، ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ، پىپەنلىك ۋە ئىنقىلاۋىي."①

ۋېيۇۋجۇيىلىق بيەنجبڭفانىڭ ئەكسىيەتچىل روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇرژۇئازىيىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىگە ئۇچرىشى شەيئىلەردە بولۇپ تۇرىدىغان قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ لېكىن، ئىنقىلاۋىي سوتسىيالىزىمغا چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ھەتتا بەزىدە ۋېيۇۋجۇيىلىق بيەنجبڭفانى يامان كۆرۈشى تولىمۇ كۈلكىلىك، شۇنداقلا كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ: بۇ بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققانلىق.

H. Г. ئەپەندى "**ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئىككىلەپ تۈزۈلۈشى**" پىرىنسىپىنى بىزگە تاڭىدۇ، گويا مۇشۇ پىرىنسىپلا بىزدىكى "بيەنجبڭلىق لوگىكىنى ئاز-پاز ئىشەنچلىك" ئالدىنقى شەرتكە

---

① «كاپىتال»، 1-توم نېمىسچە 2-نەشرىگە ئاخىرقى سۆز»گە قارال-سۇن («كاپىتال»، 1963-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، XXIII بەتتىن پايدىلىنىلسۇن).

② «روسىيە بايلىقى»، 6-ئايلىق سان، 64-بەتتىن پايدىلىنىلسۇن. پارمېنىد ھېراكلىتنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، ئۇلارنى ئىككى باشلىق پەيلاسوپلار دەپ ئاتىغان ئىدى، چۈنكى ئۇلار، شەيئى-

ئىگە قىلارمىش[2]. H.Г. ئەپەندىنىڭ بۇنداق ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈشى توغرىسىدا، يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىم بويىچە، مەنمۇ مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيە بىلەن مۈرەمنى قىسىپ قويساملا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئېيتقىندەك گەپ يوق، بىزدىكى سەممىيەتسىز تەنقىتچىلەر، سىلەر قاتتىق خاتالاشتىڭلار!

ئەمدى يەنە بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۈبېرۋېگ ئەقىلگە مۇۋاپىق تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەم مەلۇم شەيئىنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدەك مۇئەييەن مەسىلىگە مۇئەييەن جاۋاپ بېرىشى كېرەك، دەپ تەلەپ قىلىدۇ، بىز ئۈبېرۋېگنىڭ بۇ نۇقتىدا توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، شۇنداقلا قايسى دائىرىدە توغرا بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمىز. لېكىن، مۇبادا بىز **ئاددى** شەيئىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى **توغرىدىن-توغرا قارىمۇ-قارشى ھادىسىلەرنى** ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنىڭ ئارقىسىدا توغرىدىن-توغرا قارىمۇ-قارشى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان **مۇرەككەپ** شەيئىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، ئۈبېرۋېگنىڭ تەلىۋى مۇشۇنداق شەيئىلەرگە ھوكۇم قىلىشقا مۇۋاپىق كېلەمدۇ؟ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئۈبېرۋېگمۇ تېرىندېلېنبۇرگقا ئوخشاشلا گېگېل بېيەنجېڭفاسىغا قەتئى قارشى

لەر بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل ھالدا ئىپادىلىنىدۇ: ھەم مەۋجۇت بولىدۇ، ھەم مەۋجۇت بولمايدۇ، دەپ ھېساپلايتتى. H. T. ئەپەندى ئەمدىلىكتە پارمېنىدىنىڭ مەسخىرە قىلىپ ئېيتقان بۇنداق تەلۋىلەرچە سوزىنى پەلسەپە قائىدىسى قىلىپ كورسەتمەكتە. "خۇداغا ئامانەت"، بۇ پەلسەپىدىكى "ھەممىدىن موھىم مەسىلە"نى چۈشىنىشتە نىمە دېگەن چوڭ ئىلگىرىلەش-ھە!

تۇرغۇچى، ئۇنىڭ ئۆزى بۇ يەردە باشقا قائىدە بويىچە، يەنى **قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىسى** (principium coincidentiae oppositorum) بويىچە ھوكۈم قىلىش كېرەكلىكىنى بايقىدى. لېكىن، تەبىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىق قىلىدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھادىسىلەر مۇشۇنداق "شەيئىلەر" قاتارىغا كىرىدۇ: دەسلەپكى پۈروتوپلازما بۆلەكلىرىدىمۇ، ئەڭ تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشتىمۇ تۇغرىدىن-توغرا قارىمۇ-قارشى ھادىسىلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن بىيەنجىگىلىق ئۇسۇلنى كەڭ قوللىنىشى كېرەك. بۇ پەنلەردە مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلغاندىن كېيىن، بۇ پەنلەر ھەقىقىي غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە بولدى.

كىتاپخانلار، سىلەر بىيەنجىگىفانىڭ شېڭۇۋشۇيىدە ئۆز ھوقۇقىنى قانداق قولغا ئالغانلىقىنى بىلمەكچىمۇ سىلەر؟ تۇرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى تەلىماتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان نىمىنىڭ تۇر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى ئەسلىسەڭلار بۇ ئېنىق بولىدۇ. دارۋىن ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى مۇنداق قاراشتا چىڭ تۇرغان ئىدى: ئوخشاش بىر خۇسۇسىيەتتىكى ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرلىرى — ئوخشاش بىر ئىپتىدائىي شەكىلدىن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بويىچە ئۆزگىرىپ چىققان ئەۋلادلار. ئۇنىڭدىن باشقا، تەرەققىيات تەلىماتى بويىچە، ئوخشاش بىر تىپتىكى ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرمۇ بىر ئورتاق شەكىلدىن كېلىپ چىققان، ئوخشاش بىر ئائىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان تىپلارمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. دارۋىنغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان

نۇقتىنەزىرى بويىچە، بارلىق ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى بىر بىرىدىن يەككە-يېگانە تۈردۇ، پەقەت ئوخشاش بىر تۈردىكى يەككە ئورگانىزىم ئورتاق شەكىلتەيدىن پەيدا بولغان ھېساپلىنىدۇ. لىننېي تۈرلەر توغرىسىدىكى بۇنداق قاراشنى بۇرۇنلا بىلدۈرۈپ: "ئەڭ ئالى مەۋجۇدات دەسلەپتە قانچىلىك تۈر ياراتقان بولسا، ھازىرمۇ شۇنچىلىك تۈر مەۋجۇت" دېگەن ئىدى. بۇ ساپ شىڭئېرشاڭشۆيلىك نۇقتىنەزەر، شىڭئېرشاڭشۆيچىلەرنىڭ قارىشىچە، شەيئىلەر ۋە ئۇقۇملار — "يەككە-يېگانە، بىر-بىرلەپ ۋە ئايرىم-ئايرىم تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك، تۇرغۇن، قېتىپ قالغان، ئۆزگەرمەيدىغان تەتقىقات دۇيشياڭلىرى" (ئېنگېلس). ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بىيەنجېڭلۇنچىلار شەيئىلەرنى ۋە ئۇقۇملارنى تەكشۈرگەندە "ئۇلارنىڭ باغلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۇلىنىشى، ئۇلارنىڭ ھەركەتلىنىشى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە يوقىلىشى تەرەپلىرىدىن تەكشۈرىدۇ"[54]. بۇنداق نۇقتىنەزەر داروۋىن زامانىدىن تارتىپلا شېڭۋۇشۆيگە سىڭگەن، پەننىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققى قىلىشى تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى تەلىماتقا قانداق تۈزىتىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ شېڭۋۇشۆيدە داۋاملىق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بىيەنجېڭفانىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى موھىم ئەھمىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىزىمنىڭ قانداق قىلىپ خىيالدىن پەنگە ئايلانغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈشلا كۇپايە قىلىدۇ.

خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلار ئابستراكت ئىنسان تەبىتى قارىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇلار ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە "ھە-ھە، ياق-ياق" پورمۇلىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى **يا** ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، **ياكى** ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن **كەلمەيدۇ**؛ بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى ئائىلە **يا** ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، **ياكى** ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەيدۇ ۋە باشقىلار. ئىنسان تەبىئىتى **ئۆزگەرمەيدۇ** دەپ ھېساپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىزمچىلارنىڭ **ئېھتىمالى بولغان** ئورغۇن ئىجتىمائى تۈزۈملەر ئىچىدە **باشقا** تۈزۈملەرنىڭ **ھەممىسىگە قارىغاندا** ئىنسان تەبىئىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر خىل تۈزۈم بار، دەپ مولچەرلىشىگە ئاساس تېپىلدى. شۇنداق قىلىپ **ئەڭ ئەۋزەل**، يەنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر خىل تۈزۈمنى تېپىش ئىستىكى پەيدا بولدى. ھەر بىر ئېقىمنىڭ ئاساسچىلىرى **ئۆزىنى بۇنداق تۈزۈمنى تاپقان ھېساپلىدى؛** ھەر بىر ئېقىمنىڭ ئاساسچىلىرى **ئۆزىنىڭ ئۇتوپىيىسىنى** ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس بولسا بىيەنجېڭلىق ئۇسۇلنى سوتسىيالىزمغا ئېلىپ كىرىپ، سوتسىيالىزمنى **پەنگە** ئايلاندۇردى ھەمدە خىيالپەرەسلىككە ئەجەللىك زەربە بەردى. ماركس ئىنسان تەبىئىتىدىن مەدەت تىلىمىدى، ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان **ياكى** ئۇيغۇن **كەلمەيدىغان** ئىجتىمائى تۈزۈم بىلەنمۇ كارى بولمىدى. «پەلسەپە نامراتلىقى»دا، بىز ماركسنىڭ پرۇدوننى ئەيىپلەپ ئېيتقان ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە مەشھۇر سۆزىنى كۆردۇق: "پرۇدون ئەپەندى پۈتكۈل تارىخمۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بېرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ."① ماركس «كاپىتال»دا: ئادەم تاشقى دۇنياغا

---

① «پەلسەپە نامراتلىقى»، 1896-يىل پارىژ نەشرى، 204-

تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم تاشقى دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ①، دەيدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائى تۇرمۇش مەسىلىسىنى شەرھلەيدىغان بىيەنجېڭلىق نۇقتىنەزەر. خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنىڭ ساقلىنىشقا تېگىشلىكلىكى ياكى تېگىشلىك ئەمەسلىكى، يەنى ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقى مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ھەقتە خىيالپەرەسلەر نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپ، بىر بىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، شۇنداقلا ئىقتىساتشۇناسلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئىدى. ماركس بۇ مەسىلىگە كونكرېت ئاساس تاپتى. ئۇنىڭ تەلىماتى بويىچە، **مۇلۇكچىلىك شەكلىنى ۋە مال-مۇلۇك مۇناسىۋىتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ.** بىر خىل شەكىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ بىر باسقۇچىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ ئىككىنچى بىر خىل شەكىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى بىر باسقۇچىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇ مەسىلىگە **مۇتلەق جاۋاپ** يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھەممە ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ، ھەممە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ "ئەقىللىقلار ئاخماققا ئايلىنىدۇ، بەخت بالايى-ئاپەتكە ئايلىنىدۇ."

گېگېل: "زىددىيەت ھەممىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ"

---

بەت. («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 174-بەتكە قارالسۇن)

① «كاپىتال»، رۇسچە 3-نەشرى، 155—156-بەتلەر. («كاپىتال» 1963-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 171-بەتتىن پايدىلىنىلسۇن)

دەيدۇ. يەن سىنىپىي كۈرەش ئىچىدىن گېگېلنىڭ مۇشۇ بيەنجېڭ-لىق نۇقتىسىنەزىرىگە شانلىق دەلىل تاپتى، ئەگەر يەن سىنىپىي كۈرەشنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدىغان بولسا، ئۇ سىنىپىي جەمىيەت-تىكى ئىجتىمائى تۇرمۇش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىنى قىلچە چۈشىنەلمەيدۇ.

لېكىن، نىمە ئۈچۈن "زىددىيەتلەر لوگىكىسى" — خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ مەڭگۈلۈك ھەركەت جەريانىنىڭ ئادەملەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى — **بيەنجېڭفا** دەپ ئاتىلىدۇ؟ گەپنى ئۇزارتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، كونوفشېرنىڭ سوزىنى تىلغا ئالىمەن.

"بىزنىڭ ئادەم ۋە نەرسە توغرىسىدىكى قارىشىمىز، خۇددى سوھبەتلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى مەزمۇنى تولۇق، پىكىرگە باي سوھبەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئوزگىرىپ بارغىنىغا ئوخشاش، ياشنىڭ ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئوزگىرىپ بارىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنسا-نىيەت تۇرمۇشىنى دىئالوگقا ئوخشىتىش مۇمكىن. تەجرىبە بىزنىڭ تۇرمۇش ۋە دۇنيا توغرىسىدىكى قارىشىمىزنىڭ مۇشۇنداق مۇئەييەن ۋە مۇقەررەر ئوزگىرىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ......شۇنىڭ ئۈچۈن، گېگېل ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ بېرىشىنى پەلسەپىۋى سوھبەتنىڭ بېرىشىغا ئوخشاتقىنىدا، ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ بېرىشىنى بيەنجېڭفا ياكى بيەنجېڭلىق ھەركەت دەپ ئاتايدۇ. بۇ سوزنى پىلاتون، ئارىستوتېل ۋە كانت موھىم بەلكى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەنىدە ئىشلەتكەن ئىدى: ئەمما مەيلى قايسى تەلىماتتا بولسۇن، بۇ سوز ھېچقاچان گېگېل تەلىماتىدىكىدەك بۇنداق كەڭ مەنىگە

ئىگە بولغان ئەمەس."①

نۇرغۇن كىشىلەر نېمە ئۈچۈن لىننېيىنىڭ ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى تەلىماتىغا ئوخشاش نۇقتىنەزەرلەر **شىڭئېرشاڭشۆيلىك** نۇقتىنەزەر دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئوخشاشلا چۈشەنمەيدۇ. گويا **شىڭئېرشاڭشۆي**، **شىڭئېرشاڭشۆيلىك** دېگەن ئىككى سۆز مەلۇم باشقا-باشقا مەنىگە ئىگىدەك. بۇ ھەقتە، بىز ئىزاھ بېرىپ كۆرەيلى.

**شىڭئېرشاڭشۆي** دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ دۇنياقارىشى نېمە؟

ئاتالمىش **شەرتسىز نەرسىلەر** (مۇتلەق نەرسىلەر) — ئۇنىڭ دۇنياقارىشى. **شەرتسىز نەرسىلەرنىڭ** ئاساسىي بەلگىسى نېمە؟ **ئۆزگەرمەسلىك**. شەرتسىز نەرسىلەر ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى **ئۇ** (بىز بىلەلەيدىغان چەكلىك شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان) زامان ۋە ماكانغا ئوخشاش ھالەتلەر (**شەرتلەر**)گە باغلىق ئەمەس؛ شۇڭا ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن، بىئەنجېڭفاچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا شىڭئېرشاڭشۆيچى دەپ ئاتاشقا بولىدىغان كىشىلەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇقۇمنىڭ ئاساسىي بەلگىسى نېمە؟ بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئاساسىي بەلگىسى **ئۆزگەرمەسلىك**. بىزنىڭ لىننېيىنىڭ تۈرلەر تەلىماتى مىسالىدا كۆرگەنلىرىمىز ئەنە شۇنداق. بۇ ئۇقۇملارمۇ شەرتسىز. دېمەك، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى شىڭئېرشاڭشۆينىڭ دۇنياقارىشى بولغان **شەرتسىز نەرسىلەر** ئۇقۇمىنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئوخشاش. **شۇنىڭ ئۈچۈن**، كېيىن كېيىل **ئىدرەك**

---

① «كېيىن ھەم ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى»، لوسكىينىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، سېن-پېتېربۇرگ نەشرى، 1-كىتاپ، 308-بەت.

(ئۇنىڭ ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندا) تۇزگەن بارلىق ئۇقۇملارنى، يەنى ئۆزگەرمەس دەپ ھېساپلانغان ۋە ئۆتكىلى بولمايدىغان ھالغ ئايرىپ تۇرىدىغان ئۇقۇملارنى **شىگئېرشاگشۇپلىك** ئۇقۇم دەپ ئاتايدۇ. مەرھۇم ن. مىخايلوۋسكىي، "**شىگئېرشاگشۇپلىك**"، "**بىيەنجىگفالىق**" دېگەن ئىككى ئاتالغۇنى ئېنگېلس **بىرىنچى بولۇپ** ھازىر بىز بىلىدىغان مۇشۇ مەنىدە ئىشلەتتى، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. بۇ توغرا ئەمەس. گېگېل بۇنداق ئاتالغۇلارنى خېلى بۇرۇنلا ئىشلىتىشكە باشلىغان ئىدى①.

ئېھتىمال بەزىلەر ماگا، گېگېلنىڭ ئۆزىدە شىگئېرشاگشۇپ بار ئىدى، دېيىشى مۇمكىن. شۇنداق، بۇنى مەن ئىنكار قىلمايمەن. لېكىن ئۇنىڭدىكى **شىگئېرشاگشۇپ بىيەنجىگفا** بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى، بىيەنجىگفادا ھېچقانداق ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە يوق، ھەممە ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

مەن مۇشۇ سۆز بېشىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، بېردىيائېپ ئەپەندىنىڭ ئېنگېلسنىڭ «دىيۇرىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىسى توغرىسىدا «تۇرمۇش مەسىلىلىرى» ژورنىلىدا ئېلان قىلغان بىر پىكلۇنى ئۈستىدە توختالماقچى بولغان ئىدىم. لېكىن سەھىپە چەكلىمىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرالمىدىم. بۇ مېنى بەك ئەپسۇسلاندۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ. بېردىيائېپ ئەپەندى يازغان پىكلۇن پەقەت قايىل قىلىنىپ بولغان شۇگا يەنە نەسىھەت قىلىپ ئولتۇ-

① گېگېلنىڭ «پەلسەپە قامۇسى»، 1-توم، 81-بولۇمدىن پايدىلىنىلسۇن.

رۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان كىتاپخانىلارنىلا قايىل قىلالايدۇ. بېرديائېپ ئەپەندىنىڭ پىكرىنىڭ ئۆزى بولسا نەزەر سالغۇچىلىگى يوق پىكىر. سپىنوزا بېكون ئۇستىدە توختالغىنىدا: بېكون ئۆزىنىڭ پىكرىنى **ئىسپاتلىمايدۇ**، بەلكى **پەقەتلا ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىدۇ**، دېگەن ئىدى. ئەگەر بېرديائېپ ئەپەندىنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى بايان قىلىش ئۇسۇلىنى **بۇيرۇق ئېلان قىلىش** دېگەن سوز بىلەن تازا ئوبدان چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، سپىنوزانىڭ بېكون توغرىسىدىكى سوزىنى بېرديائېپ ئەپەندىگە ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. بىراق بېكونغا ئوخشاش مۇتەپەككۇر ئۆزىنىڭ نۇقتىنەزىرىنى بايان قىلغان ياكى بۇيرۇق ئېلان قىلغانىدەك شەرھلىگىنىدە، ئۇنىڭ بۇيرۇغى ۋە بايانىدىن ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى بايقىۋالغىلى بولاتتى. ئەمما بېرديائېپ ئەپەندىنىڭكىگە ئوخشاش ھاماقەت كاللا ئېلان قىلغان بۇيرۇقتا بىر ئاز بولسىمۇ ئىبرەتلىك نەرسە زادىلا يوق.

قىسقىسى، ھېچنىمە يوق. بېرديائېپنىڭ ئەملىيەت ئەقىل نۇقتىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئېنگېلسنىڭ دۇنياقارىشىنىڭ ئاساسى كەمچىلىگى زادى قەيەردە ئىكەنلىگىنى بېرديائېپ ئەپەندىنىڭ بۇيرۇغىدىن كورۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇ كەمچىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئېنگېلسنىڭ دۇنياقارىشى **سوتسىيال** دېموكراتىيىنىڭ **بۇرژۇئا** دېموكراتىيىسىگە ئايلىنىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق ئەھۋال. بىز ئۇنى مۇشۇنىداق يېزىپ قويدۇق.

1905-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى

## «پلېخانوپ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»نىڭ رۇسچە نەشرىنى تۈزگۈچىنىڭ پلېخانوپنىڭ سوز بېشى ۋە ئىزاھلىرىغا بەرگەن ئىزاھلىرى①

1 ئېنگېلسنىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دىگەن ئەسىرى 1886 ـ يىلى تۈنجى قېتىم «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ 4 ـ ۋە 5 ـ سانلىرىدا بېسىلغان. 1888 ـ يىلى ئېنگېلس ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزۈپ كىتاپچە قىلىپ نەشر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر سوز بېشى قوشۇپ ھەمدە ماركسنىڭ «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىسلار» دىگەن ئەسىرىنى بۇ كىتاپقا قوشۇمچە قىلىپ، بىللە ئېلان قىلغان. ئېنگېلسنىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دىگەن ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى رۇسچە تەرجىمىسى 1892 ـ يىلى جەنۋەدە «ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيتى» تەرىپىدىن «ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمىغا دائىر كىتاپلار» قاتارىدا نەشر قىلىنغان، تەرجىمىسىنى پلېخانوپ قىلغان.

پلېخانوپ ئۇز تەرجىمىسىنىڭ ئالدىغا «تەرجىماننىڭ سوزى» دىگەن بىر قىسقا سوز بېشى قوشقان ھەمدە ئېنگېلسنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى بەزى جايلارغا ئىزاھ بەرگەن. ئېنگېلسنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ رۇسچە

---

① بۇ ئىزاھلار «پلېخانوپ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»نىڭ 1 ـ ۋە 3 ـ توملىرىنىڭ رۇسچە نەشرىنى تۈزگۈچىنىڭ پلېخانوپنىڭ سوز بېشى ۋە ئىزاھلىرىغا بەرگەن ئىزاھلىرىغا ئاساسەن تۈزۈلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى. — تەرجىماندىن

تەرجىمىسىنىڭ 2 ـ نەشرى 1905 ـ يىلى جەنۋەدە «ئىلمىي سوتسىيالىزمغا دائىر كىتاپلار» قاتارىدا نەشر قىلىنغان. پلېخانوپ بۇ كىتاپقا يەنە يېڭى بىر ئۇزۇن سوز بېشى يازغان، ئوزى ئىلگىرى بەرگەن ئىزاھلار- نىڭمۇ بىرقانچە يېرىگە تۇزىتىش كىرگۈزگەن ۋە ئۇنى تولۇقلىغان.

پلېخانوپنىڭ ئىزاھلىرى «پلېخانوپ ئەسەرلىرى»دىكى تېكىستكە ئاساسەن بېسىلغان، تومدىكى تېكىست بولسا 1892 ـ يىل ۋە 1905 ـ يىل جەنۋە نەشرىگە ۋە پلېخانوپ خاتىرە سارىيىدا پۈتۈنلەي دىگۈدەك ساقلىنىپ قالغان قولىيازمىغا ئاساسەن سېلىشتۇرۇپ بېكىتىل- گەن. — 109 ـ بەت.

2 «پەلسەپە ۋە شىنلىشۆې مەسىلىلىرى»—1889—1918 ـ يىللاردا موسكۋادا نەشر قىلىنغان ئەكسىيەتچىل ژورنال. بۇنىڭ ئەتراپىغا ھەر رەڭ ـ ھەر ياڭزىدىكى ۋېيشىنجۇيىلىق مەزھەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى يىغىلغان ئىدى، بۇ مەزھەپلەر كوپ يىللاردىن بۇيان ئالمىشىپ تۇردى، بۇلار دەسلەپتە يېڭى كانتىزىمچىلار ئىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا ماخىزىمچىلار، "يول كورسەتكۈچىلەر" ۋاھاكازالار ئوتتى. — 111 ـ بەت.

3 پلېخانوپنىڭ كوزدە تۇتقىنى ي. كوروبوۋسكىي ئۇبېرۋېگ ـ ھېيزىنىڭ «يېقىنقى زامان پەلسەپە تارىخى» دىگەن كىتاۋىغا قوشۇمچە قىلىنغان كىتاپلار تىزىمى. بۇ قوشۇمچىنىڭ «رۇسلار پەلسەپىسى» دىگەن 3 ـ قىسمىدا 60 ـ يىللاردىكى پەلسەپىگە قىسقىچە مۇنداق دەپ باھا بېرىلگەن: "قايناق 60 ـ يىللار ۋېيۋۇجۇيىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىنى نامايەندە قىلىدۇ. چېرنىشېۋسكىي، ئانتونوۋىچ ۋە پىسارېۋ مۇشۇ تەلىماتنىڭ ھىمايىچىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ قەيسەر، كۈچلۈك بولۇشى، ئۇلارنىڭ تەلىماتىنىڭ ئاساسلىق بولغانلىقىدىن بولغان دىگەندىن كورە، ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئوينىغان رولىدىن بولغان دىگەن توزۈك. بۇ مەزھەپنىڭ پەلسەپە قائىدىلىرىگە يۈركېۋېچ- نىڭ تاقابىل تۇرۇشى تەس ئەمەس، ھالبۇكى بۇ يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش تەس." (529 ـ بەت) — 111 ـ بەت.

4 ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن كىتاۋى 1845 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. 90 ـ يىللاردا بۇ كىتاپقا ئېرىشىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى، بۇ توغرىدا، پېرازىچنىڭ پلېخانوپنىڭ بۇ كىتاپنى ۋاقىتىنچە تېپىپ بەرسەڭ دەپ يازغان ئۆتۈنۈشىگە يازغان جاۋاپ خېتىدىن ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ. پېرازىچ 1892 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋېنادىن پلېخانوپقا يازغان بىر خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: ‟......«مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن كىتاپ ھەققىدە، تۈنۈگۈن ۋىكتور ئادلېر بوشى بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدىكى ئۇق-تۇرۇشنى تاپشۇرۇۋېلىشىم لازىم ئىدى، ئۇ مەن ئۇچراشقان دائىرىدە مۇشۇ كىتاپ بار بىردىن-بىر كىشى ئىدى......مەن بۇ كىتاپنى كۆچۈرۈۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن، كۆچۈرۈۋالغىنىمنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرەي" («پلېخانوپنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى»، 1 ـ توم، 265 — 266 ـ بەتلەر). — 112 ـ بەت.

5 ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىر بۆلۈمى بولغان «فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىسىغا قارىتىلغان پىپەنلىك كۆرەش» 1885 ـ يىلى «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ 9 ـ سان 385 — 395 ـ بەتلىرىگە بېسىلغان بولۇپ، ماۋزۇسى «18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىسى» ئىدى. پلېخانوپ بۇ بۆلۈمنى تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئۇنى «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن كىتاپقا قوشۇمچە قىلغان. لېكىن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، 1885 ـ يىلى ئۇ بۇ بۆلۈمنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان، «يەكشەنبىلىك گېزىت» ئەركىنچى نارودنىكلارنىڭ كانىيى بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ تېخى بۇ بۆلۈمنى شەرھىلەپ، بۇ گېزىتكە ماقالا يازغان. ھالبۇكى، بۇ ماقالا بېسىلمىغان، بۇ «يەكشەنبىلىك گېزىت»نىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك. بۇ ماقالا پلېخانوپ ئۆلگەن-دىن كېيىن، «پلېخانوپنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى»، 1 ـ توم، 164 — 168 ـ بەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن. — 112 ـ بەت.

6 ھاينىنىڭ داڭلىق ئەسىرى دىگەندە «گېرمانىيىدىكى دىن ۋە پەلسەپىنىڭ تارىخى ھەققىدە» كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 115 ـ بەت.

7 «ھايىنى ئەسەرلىرى»، ئېرنىست ئېلستېر نەشر قىلغان، لىيپسىگ ۋە ۋېنا نەشرى، 6 ـ توم، 535 ـ بەت. — 116 ـ بەت.

8 «ژۇكوۋسكىي ‹بورودىنو خاتىرە كۈنى›» ۋە «مۇنىبىر — گېتېنى تەنقىت قىلغۇچى» دىگەن ئىككى ماقالا توغرىسىدا «بېلىنسكىي ئەسەرلىرى»، 1953 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 3 ـ توم، 240 — 250 ـ ، 385 — 419 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 117 ـ بەت.

9 بېلىنسكىينىڭ 1841 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بوتكىنغا يازغان خېتىگە قارالسۇن («بېلىنسكىي خەت ـ چەكلىرىدىن تاللانمىلار»، 1955 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 2 ـ توم، 141 — 142 ـ بەتلەر). پلېخانوپ: بېلىنسكىي 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، يەنى «رىياللىق بىلەن بولغان مۇرەسسە»دىن ۋازكەچكىنىدىن كېيىن «نەزىرىيە جەھەتتىكى قاتتىق تەلەپ»نى تۇۋەنلىتىۋەتتى، دەيدۇ، بۇنداق دىيىش، شۈبھىسىزكى، خاتا. — 126 ـ بەت.

10 بېلىنسكىينىڭ 1848 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاننېنكوپقا يازغان خېتىگە قارالسۇن (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 389 ـ بەت). — 126 ـ بەت.

11 «گېگېل ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى خاتىرىسىگە» دىگەن ماقالا «پلېخانوپ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»، 1961 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ تومغا كىرگۈزۈلگەن.

«ۋ. گ. بېلىنسكىي» (1898 ـ يىلى باھاردا جەنۋە، سيۇرىخ ۋە بېرندىكى روسىيىلىكلەر ئۆتكۈزگەن بېلىنسكىي ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سوزلەنگەن نۇتۇق)، «پلېخانوپ ئەسەرلىرى»، 10 ـ توم، 319 — 349 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 128 ـ بەت.

12 «گېرمانىيە ـ فرانسىيە يىلنامىسى»نىڭ 1844 ـ يىل 2 ـ ئايدا بىردىن ـ بىر بولغان قوشما سانىلا چىققان. پلېخانوپ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماركسنىڭ «يەھۇدىلەر مەسىلىسى توغرىسىدا»، «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە

پىـپەن»گە مۇقەددىمە» دېگەن ئەسەرلىرى ۋە ئېنگېلسنىڭ «سىياسىي ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر داكاك» دېگەن ئەسىرى توغرىسىدا «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 419 ــ 451 ـ ، 452 ــ 467 ـ ، 596 ــ 625 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

بۇنىڭدىن باشقا، «گېرمانىيە ـ فرانسىيە بىلنامىسى»دە يەنە ئېنگېلسنىڭ توماس كارلېلنىڭ «ئۆتمۈش ۋە ھازىر» دېگەن كىتاۋىغا باھا بېرىپ يازغان «ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن ئەسىرىمۇ بېسىلغان (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 626 ــ 655 ـ بەتلەر). ــ 128 ـ بەت.

13 «رېين سىياسىي، سودا ۋە سانائەت گېزىتى» («Rheinische Zeitung für Politik, Handel und Gewerbe») 1842 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1843 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ھەر كۈنى كيۇلىندا چىقىپ تۇرغان. بۇ گېزىت پرۇسسىيە ھوكۇمىتىگە قارشى بولغان رېين بۇرژۇئازىيىسىنىڭ رادىكال ۋەكىللىرى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ھەمدە بۇ گېزىتنىڭ ئىشىغا بىر قىسىم سولچىل گېگېلچىلار قاتناشقان. بۇ گېزىت ماركسنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىم خاراكتېرىنى ئالغان ئىدى (لېنىن. .«كارل ماركس»قا قاراڭسۇن، «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ توم، 29 ـ بەتتە). ــ 129 ـ بەت.

14 لېنىن «كارل ماركس» دېگەن ئەسىرىدە: «رېين گېزىتى»دە ئىشلىگەن مەزگىلدە "ماركس ۋېيشىنجۇيىدىن ۋېيۋۇجۇيىغا، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمدىن كوممۇنىزىمغا بۇرالغان ئىدى" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 59 ـ بەت). ــ 129 ـ بەت.

15 «رېين گېزىتى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «كيۇلىن گېزىتى» دېگەن نام خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، چۈنكى كيۇلىندا ئەينى ۋاقىتتا پرۇسسىيە ھوكۇمىتىنىڭ پايلاقچىسى ھېرمىس باشقۇرغان ئەكسىيەتچىل كيۇلىن گېزىتى» («Kölnische Zeitung») چىقاتتى. ــ 129 ـ بەت.

16 ماركسنىڭ «رېين گېزىتى»دە بېسىلغان ماقالىسى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 35 ــ 243 ـ بەتلەرگە قارال ـ

ـسۇن) . — 130 ـ بەت .

17 «يېڭى رېين گېزىتى» («Neue Rheinische Zeitung») 1848 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1849 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە چىققان. 1884 ـ يىلى ئېنگېلس «ماركس ۋە «يېڭى رېين گېزىتى»» دىگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «يېڭى رېين گېزىتى» ماركسنىڭ رەھبەرلىكىدە "ئىنقىلاپ يىللىرىدا گېرمانىيىدىكى ئەڭ مەشھۇر گېزىت بولۇپ قالدى". "گېرمانىيىدىكى ھېچقايسى گېزىت — مەيلى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن — «يېڭى رېين گېزىتى»دەك قۇدرەتلىك، تەسىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى ۋە پرولېتارىيات ئاممىسىنى ئىلھاملاندۇرۇشقا ماھىر ئەمەس ئىدى." («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ توم، 21 ـ ، 26 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن)

لېنىن «يېڭى رېين گېزىتى»نى «ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ياخشى، تەڭداشسىز ئورگان گېزىتى» دەپ ئاتىغان ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ توم، 60 ـ بەتكە قاراڭسۇن). — 131 ـ بەت.

18 مىخايلوۋسكىي ئۇزۇن ئەسەرلىرىدە سپېنسېرنىڭ ئىلگىرىلەش تەلىماتىغا رەددىيە بەرگەن، بۇ ئەسەرلەر مۇنۇلار: «ئىلگىرىلەش دىگەن نىمە؟»، «بەخت دىگەن نىمە؟»، «كەسپ ئەھلى ئەمەس كىشىنىڭ خاتىرىسى». بۇ ئەسەرلەردە بۇرژۇئازىيىنىڭ شىجىئلۇنلۇق ئىجتىمائىيىتىدىكى ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئىپادىلەنگەن. — 151 ـ بەت.

19 ئىزاھ 3كە قاراڭسۇن. — 151 ـ بەت.

20 «فېيېرباخ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»، 1962 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 1 — 419 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن. — 152 ـ بەت.

21 پلېخانوپ ئاساسەن 2 ـ باپ — «دىننىڭ ئومۇمى ماھىيىتى»نى بايان قىلغان (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 37 — 59 ـ بەتلەر). لېيېنزنىڭ سوزىنى فېيېرباخ يۇقۇرقى ئەسەرنىڭ 43 ـ بېتىدىكى بەت ئاستى ئىزاھىدا

نەقىل قىلىپ ئىشلەتكەن (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 40 ـ بەت).ــ 152 ـ بەت.

22 1899 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوتسىيالىستلارنىڭ پارىژدا چىقىدىغان «سوتسىيالىستىك ھەرىكەت» («Mouvement Socialiste») دىگەن ژورنىلى (باش تەھرىرى لاگاردېل) ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بولۇپ ئۆتكەن فرانسىيە جۇمھۇرىيەت ھوكۇمىتى بىلەن كاتولىك دىنىي جەمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك كۈرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ كۈرەش 1905 ـ يىلى دىنىي جەمىيەتنىڭ دولەتتىن ئاجرىلىشى بىلەن تاماملانغان.

ھەرقايسى ئەل سوتسىيالىستلىرىنىڭ جاۋاپلىرى مۇشۇ ژورنالنىڭ 1902 ـ يىل 107ــ110 ـ سانلىرىدا بېسىلغان.ــ156 ـ بەت.

23 ئېنگېلس. «ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالى» («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 649 ـ بەتكە قارالسۇن).ــ157 ـ بەت.

24 ماركس. «پرۇسسىيە قانۇن پەلسەپىسىگە پىپەن»گە مۇقەددىمە» («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 453 ـ بەتكە قارالسۇن).ــ158 ـ بەت.

25 پلېخانوپنىڭ كوزدە تۇتقىنى بېردياىېپ، بۇلگاكوپ ۋە باشقا "قانۇنىي ماركسىزىمچىلار"، بۇ كىشىلەر 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا كانتىزىملىق مەيدانىنى ئاساس قىلىغان ھالدا ماركسنى "پىپەن" قىلغان، كېيىن، 1905 ـ يىل ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، خۇدا ئىزلىگۇچىلىك ۋە دىنىي سىرلىقلاشتۇرۇش مەسلىكىنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ قالغان.ــ158 ـ بەت.

26 مېرىن. «گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، 1963 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 267ــ274 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.ــ159 ـ بەت.

27 كارل گرۇننىڭ ئەسىرىگە بېرىلگەن باھا «گېرمانىيە ئالى شىگتەيى»نىڭ بىر بابى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ توم، 573ــ628 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).ــ159 ـ بەت.

28 «ۋېستفالىيە گاز پارىخودى» ژورنىلى «ھەقىقى سوتسىيالىزمچى» لۇنىڭ تەسىس قىلغان ئايلىق ژورنال بولۇپ، 1845 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1848 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ بىلېفېلد ۋە پادېر بورندا چىقىرىلغان. — 159 ـ بەت.

29 «ئازات» ستروۋېنىڭ تەھرىرلىگىدە چىقىدىغان ژورنال بولۇپ، 1902 — 1905 ـ يىللىرى شتۇتگارت ۋە پارىژدا چىقىرىلغان. بۇ ژورنال 1904 ـ يىلدىن باشلاپ ئەركىن بۇرژۇئازىيىنىڭ "ئازاتچىلار ئىتتىپاقى"نىڭ ئورگان ژورنىلى بولغان، "ئازاتچىلار ئىتتىپاقى" 1905 ـ يىلى ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ خېشىنى بولغان.

پلېخانوپ بىلەن لېنىننىڭ تەكلىۋى بويىچە 1903 ـ يىلى روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قاراردا بۇ ژورنالنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى، پۇرولېتارىياتقا قارشى خاراكتېرى پاش قىلىنغان. — 161 ـ بەت.

30 «پۇرولېتارلار گېزىتى» روسىيە سوتسىيال ـ دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ جۇڭىياڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، 1905 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە جەنۋەدە چىقىرىلغان. لېنىن بۇ گېزىتنىڭ تەھرىرى ئىدى. بۇ گېزىت لېنىننىڭ «ئۇچقۇن گېزىتى» بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ «ئالغا گېزىتى»نىڭ داۋامى بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋى دەۋرىدە بولشېۋىزىمنىڭ ئىدىيىۋى مەركىزى ۋە تەشكىلىي مەركىزى ئىدى. بۇ گېزىت مېنشېۋىكلارنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. مېنشېۋىك بولۇپ كەتكەن پلېخانوپ 1905 ـ يىلى ئېنگېلسنىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دىگەن كىتاۋىغا بەرگەن ئىزاھلىرىنى تولۇقلىغاندا لېنىننىڭ پۇرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى «پۇرولېتارلار گېزىتى» ئىزچىللاشتۇرغان نەزەرىيىسىگە توھمەت چاپلاشقا ئۇرۇنغان ھەمدە بۇ نەزەرىيىسىنى "خەلق ئىرادىسى مەسلىكى"گە قايتىپ كەتكەنلىك

دىگەن. — 162 — بەت.

31 ئېنگېلس. «گېرمانىيىدىكى دېخانلار ئۇرۇشى»غا قارالسۇن («ماركس — ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 — توم، 468 — 469 — بەتـ لەردىن پايدىلىنىلسۇن). لېنىن «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت» دېگەن ماقالىسىدا ئېنگېلسنىڭ بۇ قائىدىلىرىنى تەكشۈرگەن، بۇ ماقالا "ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن قۇيرۇقچىلىقنىڭ پەرقى"نى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 — توم، 249 — 250 — بەتلەرگە قارالسۇن). — 164 — بەت.

32 پلېخانوپ مېنشېۋىزىمغا ماسلىشىش ھەمدە بولشېۋىكلارغا مەزھەپچىلىك بىلەن زىيان سېلىش مەقسىدىدە، 1905 — يىلى، لېنىندا بلانكىزىملىق بار، دەپ دەۋا قىلغان ئىدى. پلېخانوپ روسىيە سوتسىيال — دېموكراـ تىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 — قۇرۇلتىيىنىڭ پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى قارارىغا قارشى چىقتى ھەمدە 1 — قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسىنى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىچە يىمىرىلگەن تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت قۇرۇش بىلەن چەكلەپ قويىدى. لېنىن بولسا، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ ھوكۇمەتنىڭ پائالىيەتلىرى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا بۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئالدىنقى شەرت، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. — 164 — بەت.

33 ھولباخنىڭ «تەبىئەت تىشىمى، ياكى ماددى دۇنيا بىلەن روھىي دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى» دىگەن ئەسىرىنىڭ 1940 — يىل رۇسچە نەشرى، 25 — بېتىگە قارالسۇن. — 173 — بەت.

34 «گېتې ئەسەرلىرى»، بېرلىن نېمىسچە نەشرى، 2 — توم، 230 — بەت. — 174 — بەت.

35 پرىستلېي بىلەن پرايىسنىڭ مۇنازىرىسى توغرىسىدا پرىستلېينىڭ

«ۋىيۇۋجۇيى ۋە پەلسەپۋى مۇقەررەرلىك تەلىماتى توغرىسىدا ئەركىن مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1778-يىل لوندون نەشرىگە قارالسۇن. — 176-بەت.

36 سېچېنوپنىڭ «پەلسەپە ۋە شىنلىشۇپ توغرىسىدىكى ماقالىلاردىن تاللانمىلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1947-يىل رۇسچە نەشرى، 350-، 359-بەتلىرىگە قارالسۇن. — 177-بەت.

37 پوپرىشىن گوگولىنىڭ ئوچېرىكى «سەۋدايى خاتىرىسى» دېكى بىر شەخس. — 191-، 235-بەتلەر.

38 لېنىن «ۋىيۇۋجۇيى ۋە جىگيەنپىپەنجۇيى» دېگەن ئەسىرىدە، بۇ يەردە «پلېخانوپنىڭ سوزلەرنى قالايمىقان ئىشلەتكەنلىكى كورۇلىدۇ» دەپ كورسەتكەن ئىدى (1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 243-بەتكە قارال-سۇن. — 191-بەت.

39 ماددا ھەركىتىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولمىغان تۇرلۇك شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىگىنى يوقىتا چىقىرىشقا يول قويماسلىق مەسىلىسى، بۇ شەكىللەرنى بىر خىل شەكىل قىلىپ قويۇشقا يول قويماسلىق مەسىلىسى توغرىسىدا ئېنگېلس بيەنجېڭلىق ۋىيۇۋجۇيىچە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 20-توم، 591-، 595-596-بەتلەرگە قارالسۇن). — 194-بەت.

40 «تەبىەت تىشىسى، ياكى ماددى دۇنيا بىلەن روھىي دۇنيانىڭ قانۇ-نىيىتى» ھولباخنىڭ ئاساسىي ئەسىرى بولۇپ، 1770-يىلى ئامستېر-دامدا نەشىر قىلىنغان. ئۇ مىرابو دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن ھەمدە نەشىر قىلغۇچى ئورۇن يېزىلىدىغان بەتكە يالغاندىن بىر جاينى — لوندوننى يېزىپ قويغان. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللەرگىچە كىشىلەر «تەبىەت تىشىسى»نى بىر توپ ئاپتورلار يېزىپ چىققان دەپ قارىغان. — 194-بەت.

41 ئۇسپېنسكىينىڭ «جانلىق سان-سىپىرلار» دېگەن ھېكايىسىدە، يىغىپ

ئېيتقاندا مۇنداق بىرنەچچە جۈملە سۆز بار: "پاھ! تۆگىچى قىلىنغان كەسىر سانلاردا مۇشۇنداق جىق مۆرەككەپ نەرسىلەر يوشۇرۇنغان ئىكەن ـ دە! بۇ چوگىلىمەچىلەر ئويلاپ كۆرۈلسە، قايتا ھېساپلاپ كۆرۈلسە، كۆزدىن تۈيۈقسىز تاراملاپ ياش ئاقىدۇ ـ دە، ھەممە غۇۋالىشىپ كېتىدۇ." — 197 ـ بەت.

42 «گېگېل ئەسەرلىرى»، 1832 ـ يىل بېرلىن نېمىسچە نەشرى، 1 ـ توم، 349 — 359 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. بۇ قىسىم ھەققىدىكى بايان توغرىسىدا كۇنو فىشېرنىڭ ئەسىرى «يېقىنقى زامان پەلسەپە تارىخى»، 1933 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 8 ـ توم، 1 ـ كىتاپ، 209 — 210 ـ بەتلەرگە قارالسا بولىدۇ. — 203 ـ بەت.

43 «قىسقا ھەجۋى شېئىرلار» شىللېر بىلەن گېتېنىڭ ھەجۋى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن شېئىرنى ئىككەيلەن بىرلىشىپ يازغان. — 205 ـ بەت.

44 داروۋىن. «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە جىنسىي تاللىنىش»، 5 ـ باپقا قارالسۇن. لېنىن «ۋېيۇۋجۇيى ۋە جىڭيەنپىپەنجۇيى» دىگەن ئەسىرىدە شېكۇۋشۇيدىكى ئۇقۇمنى ئىجتىمائى پەن ساھەسىگە كۆچۈرۈپ كېلىش يولىدىكى بۇنداق ئۇرۇنۇشنى پىپەن قىلغان ئىدى. — 206 ـ بەت.

45 «گېگېل ئەسەرلىرى»، 1832 ـ يىل بېرلىن نېمىسچە نەشرى، 1 ـ توم، 105 — 106 ـ بەتلەرگە قارالسۇن، بۇ سۆزلەرنى گېگېل ياكوبىدىن نەقىل ئالغان، «ياكوبى ئەسەرلىرى»، نېمىسچە نەشرى، 3 ـ توم، 37 — 38 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 209 ـ بەت.

46 ھ. كۇنوفنىڭ «ئىنكا دىكوسىنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمى. قەدىمقى پېرۇدىكى يېزا ئىگىلىك كوممۇنىزمى توغرىسىدا تەتقىقات» دىگەن ئەسىرىگە (1896 ـ يىلى شتۇتگارت دىتىس نەشرىياتى نەشرى) ۋە «ئائىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى» دىگەن ماقالىسىغا قارالسۇن، بۇ ماقالا «جەمىيەتنىڭ كېلەچىكى» ژورنىلى

(«Le devenir Social»)نىڭ 1898 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ سانلىرىدا بېسىلغان. ـــ 213 ـ بەت.

47 لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە ئېمپىرىيوكرىتىتسىزم» (1972 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 423 ـــ 435 ـ بەتلەرگە قاراڭ) دېگەن ئەسىرىدە پلېخانوپنىڭ «ئەسۋىرىي بېزىق» مەسىلىسىدىكى خاتالىقىنى ئېچىپ قىلغان ئىدى. ـــ 222 ـ بەت.

48 پلېخانوپ ئېنگېلسنىڭ «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن ئەسىرىگە ئۆزى قوشقان 7 ـ ئىزاھىنى كوزدە تۇتىدۇ، مۇشۇ كىتابنىڭ164 ـــ 194 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ـــ 233 ـ بەت.

49 كورسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، لېنىن «تەجرىبە» ئۇقۇمى مەسىلىسىدە پلېخانوپنى ئېچىپ قىلغان. لېنىننىڭ «ماتېرىيالىزم ۋە ئېمپىرىيوكرىتىتسىزم» دېگەن ئەسىرىنىڭ 3 ـ باب، 2 ـ بۆلۈمى ـ «پلېخانوپنىڭ "تەجرىبە" ئۇقۇمى توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىسى»گە قاراڭ، «ماتېرىيالىزم ۋە ئېمپىرىيوكرىتىتسىزم»، 1972 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 261 ـــ 265 ـ بەتلەر. ـــ 235 ـ بەت.

50 بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان قوشۇمچە ـ «مۇقەددەس ئائىلە»نىڭ 6 ـ باب، 4 ـ بۆلۈمىدىكى بىر پارچە («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 158 ـــ 170 ـ بەتلەرگە قاراڭ). ـــ 236 ـ بەت.

51 پلېخانوپ ماركسىزمدىن بۇرۇنقى ماتېرىيالىزم بىلەن ھازىرقى زامان بىيەنچېلىق ماتېرىيالىزمىنىڭ ئاساسىنىڭ (پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە) بىردەكلىكىنى تەكىتلىگىنىدە، ماركسىزم بىلەن ماركسىزمدىن بۇرۇنقى ماتېرىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقنى ئېچىپ تاشلىمىغان. شۇڭا، ئۇ سپىنوزىنىڭ ماتېرىيالىزمىنى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىنەزىرى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشتەك خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن. پلېخانوپ «ئاتالمىش ماركسىزم ۋېيجىسى ـــ توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا: «.....ھازىرقى زامان ماتېرىيالىزمى پەقەتلا ئۆزىنى ئاز ـ تولا ئاڭقىرغان سپىنوزىچىلىق» دەيدۇ. ـــ

243 ـ بەت.

52 H. Г. ـــ خ. ئا. ژىتلوۋسكىينىڭ تەخەللۇسى. پلېخانوپ خاتىرە ساردىيىدىكى داڭئەندە پلېخانوپنىڭ خ. ژىتلوۋسكىينىڭ تووۋەندە نەقىل ئېلىنغان «ۋېيۋۇجۇيى ۋە بىيەنجېڭلىق لوگىكا» دىگەن ئەسىرىنى تەتقىق قىلغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر ساقلانغان. پلېخانوپ 1898 ـ يىل ئوپچۇرىسىدە بۇ ماقالىدىن كوچۇرۇۋالغان پارچىلارنى ۋە بۇ ماقالا ئۈستىدە يازغان پىكىرلىرىنى مۇشۇ «سوز بېشى»نى يېزىش ۋاقتىدا ئىشلەتكەن. مەسىلەن، پلېخانوپ خ. ژىتلوۋسكىينىڭ ماركسىزمنىڭ «نەزىرىيە ـــ بىلىش ئېرىيۇەنلۇنى» توغرىسىدىكى هوكمىگە ("ئېرىيۇەنلۇن" ژىتلوۋسكىيدا ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتىپ ئوتكەن ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ـــ "شىگىئېرشاگشۇېلىك"، ياكى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شەكىل لوگىكىسىچە ۋە بىيەنجېڭلىق تەپەككۇر شەكلىنىڭ ـــ پەرقىنى كورسىتىدۇ) مۇنداق باها بەرگەن: "بۇ ئېرىيۇەنلۇن ئەمەس، بەلكى دۇنيانى بىلىشنىڭ ئىككى باسقۇچى." پلېخانوپ خ. ژىتلوۋسكىينىڭ "بىيەنجېڭلىق لوگىكا، دۇنيادىكى تۇرلۇك هادىسەلەرنى ئىلمىي رەۋىشتە چۇشەندۇرۇش ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئارتۇقچە" دىگەن "خۇلاسە"سىنى كوچۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق باها يازغان: "هەركەت ئۇقۇمىچۇ؟" ژىتلوۋسكىينىڭ ئېنگېلسنىڭ سەۋەپ ۋە نەتىجە فەنچۇسى توغرىسىدىكى بىيەنجېڭلىق قارىشىنى ئاغدۇرۇۋېتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشى توغرىسىدا، پلېخانوپ مۇنداق دەپ يازغان: "H. Г. كورەڭلىگەن هالدا رەددىيە بېرىپ: ئاتا ئوزىنىڭ ئوغلىنىڭ سەۋەبى بولغان ئىكەن، ئۇ هالدا، ئۇ مەڭگۇ ئوغلىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇ قانداق گەپ! لوگىكا جەهەتتە، ئۇ ئوغلىنىڭ نەتىجىسى، چۈنكى، ئەگەر ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغان بولسا، ئۇ ئاتا بولمىغان بولار ئىدى" ۋاهاكازالار. ـــ 249 ـ بەت.

53 هېراكلىت كوزدە تۇتۇلىدۇ. ـــ 254 ـ بەت.

54 ئېنگېلس. «دىيۇرىڭغا قارشى»، 1972 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 34 ـ، 37 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. ـــ 265 ـ بەت.

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译的，人民出版社1972年4月出版的汉文版本翻译出版。

بۇ كىتاپ جۇڭگوڭ جۇڭياڭنىڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى تەھرىر-تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1972-يىل 4-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئېنگېلس

لىۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە

كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

1975-يىل 10-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1975-يىل 10-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.32 يۈەن

FRIEDRICH ENGELS

LUDWIG FEUERBACH UND
DER AUSGANG DER KLASSISCHEN
DEUTSCHEN PHILOSOPHIE

恩　格　斯

路德维希·费尔巴哈和
德国古典哲学的终结

（维吾尔文）

民族出版社翻译出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：9
1975年10月第1版
1976年10月北京第1次印刷
书号：M1049(4)203　定价：0.32元

书号M1049(4)203
定价　　0.32元